قاراماي ئەسەرلىرى — 2



# بۇ مۇھەببەت

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

# بۇ مۇھەببەت

ISBN 978-7-5371-5964-7
9 787537 159647 >
باھاسى: 15.00 يۈەن

قاراماي ئەسەرلىرى — 2



# بۇلۇ مۇھەببەت

(ھېكايىلەر)

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

责任编辑：萨黛缇·萨吾提
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

油田精作—2

**这就是爱**（维吾尔文）

（短篇小说）

克拉玛依文联　编

---

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路二巷 1 号 邮编：830049）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
850×1168 毫米　32 开 7.625 印张
2008 年 7 月第 1 版　2008 年 7 月第 1 次印刷

---

ISBN978－7－5371－5964－7　定价：15.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى: سائادەت ساۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

قاراماي ئەسەرلىرى — 2
بۇمۇ مۇھەببەت
(ھېكايىلەر)
قاراماي ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشرگە تەييارلىغان
*
شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 7.625
2008 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978—7—5371—5964—7
باھاسى: 15.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلىنىشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

مۇھەممەد مەمتىلى
بومۇ مۇھەببەت ........................................ 1
بالىغا ئەقىل كىرگەندە ................................ 4
مۇھەممەد سابىت
يېڭى قوشنا ........................................ 7
ئارسلان تالىپ
ئەتىگەنلىك چىنىقىش .................................. 16
گۈزەلنۇر مۇتەللىپ
خوش قال، چولپىنىم! ................................ 24
ئوسمان قاۋۇل
تەۋەررۈك ........................................ 40
مۇكەممەل ئەر يوق ................................... 46
مەھەللىدىكى بالىلار ................................. 50
ئېرىتۋاتقان قار ..................................... 55
بالكوندىكى بوۋاي .................................... 58
قەدىرىيە ھوشۇر
نۇرئامىنە ........................................ 62
ئابدۇرېھىم ئابدۇللا
گۈلدەستە ........................................ 73
مۇختار مۇھەممەد
«قۇياش ئوغلى» ...................................... 85
غالىب توختى
تولغاق ئازابىدىكى شادلىق ............................ 98
ئادىل غوجالىم
چارە ........................................ 122

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئىگىز تورى

**تۇرسۇن تۇردى**

گۇگۇمدىكى ئۇچرىشىش ........................ 127

ئەھدىنىڭ ئاقىۋىتى ........................ 131

**تۇرسۇن تۆمۈر**

ۋىشكا مېھرى ........................ 136

**ئارزۇگۈل ئابدۇرېھىم**

ئىگىسىنى تاپقان سوۋغات ........................ 153

**ئەلجان ئۇبۇل خەنجەر**

مەھبۇس ........................ 163

**ئىبراھىم نىياز**

مەن كىرگەن كوچا ........................ 185

**ئايبېك ئۆمەر ئۇيغۇرى**

ئېغىر كۈنلەردە ........................ 211

سەيپىدىنىنىڭ ھېكايىسى ........................ 217

دوستلۇق كۆلۈبى ئالدىدىكى پاراك ........................ 223

باشنى تېشىپ كىرگەن قۇرتنى ئېلىش ........................ 231

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

مۇھەممەد مەمتىلى

# بۇمۇ مۇھەببەت

شىددەتلىك شىۋىرغاننىڭ پىقىمسىز ئاۋازى بىپايان ئايسىز دالىغا قورقۇنچلۇق تۈس بەرگەنىدى. ياش نىفىت ئىلىش ئىشچىسى نۇسرەت ئوڭ قولى بىلەن خاترىلەش دەپتىرىنى مەيدىسىگە چىڭ باسقان، سول قولىدا كۆلۈچ كۆتۈرگەن پېتى پونكىتقا كىرىپ كەلدى.

— قاراپ تۇرۇپ ھەممە ئىشنى سىزگە يۈكلەپ قويدۇم، ئىشقا چىقمىسامىمۇ بولغانىكەن. يەنە دەم ئىلىۋالسام، خەق باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن دەپ ئىسپىراپكامنى ...، — باياتىن بىرى دىرىزە ئەينىكىدىكى مۇزنى ئىرىتىپ سۈرتۈۋېتىپ، سىرتقا سىنچىلاپ قاراۋاتقان كۆلىمقان نۇسرەتنىڭ ئۈستۈۋىشىنى قېقىشتۇرغاچ، شۇ گەپلەرنى ئاران دېيەلىدى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى نۇسرەت مەمنۇنلۇق بىلەن، — يەنە بىر قېتىم ئارىلاپ قويسام، ئىسمىنا ئالمىشىمىزغۇ؟ ئاغرىق دېگەننى تىلەپ تېپىۋالىدىغان نەرسىمىدى؟ باشقىچە ئويدا بولماي، دەم ئىلىۋېرىڭ. ماڭا تېلېفون كەلمىگەندۇ؟

— ياق، سىز تېلېفون بەرمىگۇچە، ئۇياقتىن سادا كەلمىگۇدەك.

نۇسرەت كۆلىمقاننىڭ چاقچىقىغا كۈلۈمسىرەش بىلەنلا جاۋاب بەردى ـ دە، خاترىلەش دەپتىرىدىكى سان ـ سىفىرلارنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئاندىن كېيىن يېشىل تاشلىق كۈندىلىك خاترىسىنى ئىلىپ، ئۇنى بىر ـ بىرلەپ ۋاراقلاپ چىقتى، «ياز-

غانلىرىمنى ئۇ كۆرسە نېمىمۇ دەپ قالار؟ مېنى ئالدىغىلى يالغاندىن يېزىپ كەلدىڭ، دەپمۇ قالارمۇ؟! ...» نۇسرەت خىيال سۈرۈپ بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن خاتىرە يېزىشقا كىرىشتى:

«ئىبراي، مېنىڭ سىزنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ سىز ھازىر نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟ بەلكىم غەزەپلىك كۆزلىرىڭىز بىلەن كېسەلخانا ئىشىكىنىڭ ھەربىر ئېچىلىشىغا ھومىيىپ قاراۋاتىدىغانسىز؟ كېسەل ئادەمنىڭ مىجەزىنىڭ ئېتىكلەپ قالىدىغانلىقىنى مەن ئوبدان چۈشىنىمەن. بۈگۈن تېلېفون بېرەي دەپ تەمشىلىۋىدىم، بىراق سىزنى كارىۋاتتىن قوزغاشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى.

قەدىرلىكىم، مانا، كۈلىمقاننىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپ، يېنىمدا ئۈستەلگە بېشىنى قويۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇمۇ ئىسمىنىغا ئادەم يېتىشمەي، ئامالىنىڭ يوقىدىن ئىشقا چىققان. بۈگۈن ئاخىرقى بىر كۈنى. ئىسمىنا ئالماشساقلا، ئىككى كۈن دەم ئالىمىز، ئەتىگەندىلا يېنىڭىزدا ھازىر بولىمەن. مەنمۇ سىزنى سىز مېنى ياخشى كۆرگەندەكلا ياخشى كۆرىمەن. شۇنداقلا سىزنىڭ مەندىن رەنجىشىڭىزنىڭ مەنبەسى بولغان مۇشۇ كەسپىمنىمۇ چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن. بىرنەچچە كۈنلۈك ئەھۋالىمدىن ۋاقىپلانسىڭىز راستىنلا خۇشاللىنىپ، مېنى باغرىڭىزغا چىڭ باسىسىز! شۇنداقمۇ؟ چۈنكى ئۆزىڭىز دائىم: ‹كەسپىنى سۆيۈش جىگەرلىك ئادەمنىڭ ئىشى، بۇمۇ مۇھەببەت› دەيتتىڭىزغۇ!

21 ـ دېكابىر كەچ سائەت ئون»

شىۋىرغان بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. نۇسرەت كۈلىمقاننىڭ بىرگە باراي، دېگىنىگە قويماي، مايسىرەڭ تىۋىتلىك شارپىسى بىلەن يۈزىنى مەھكەم ئوراپ، ئاخىرقى تەكشۈرۈشكە كەتتى.

«غەيرەت قىل، نۇسرەت، ئاشۇ يېڭى قۇدۇقنى تەكشۈرۈپ بولساڭ، بۈگۈنكى ۋەزىپەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىلىدۇ، بىلە ئازراق غەيرەت قىلساڭلا يېتىپ بارىسەن...» ئۆزىگە ـ ئۆزى مەدەت بېرىپ، شىۋىرغانغا يۈزلىنىپ ئىلگىرىلەۋاتقان نۇسرەت يۇمشاق، يېپىشقاق نەرسىگە دەسسىگەندەك بولدى ـ دە، دەرھال توختاپ، قولچىرىغىنى ياندۇرۇپ چۆچۈپ كەتتى. كۈچلۈك گاز بېسىمى ئاۋازى بىلەن شىۋىرغان ئاۋازى قوشۇلۇپ، ھەر خىل غەيرىي ئاۋازلار چىقاتتى. ئېتىلىپ چىقىۋاتقان نېفىت چاچراندىلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى.

«كاساپەت سوغۇق ئۇنى يېرىۋېتىپتۇ ـ دە!» دېگەن خىيال چاقماق تېزلىكىدە كۆڭلىدىن كەچكەن نۇسرەت ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئالغا ئېتىلدى. ماي پاتقىقىدا تېيىلىپ بىرنەچچە قېتىم يىقىلىپمۇ چۈشتى. تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئاخىر قۇدۇق بېشىغا يېتىپ بارغان قىزنىڭ كۈچ ـ ماغدۇرى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ نازۇك بىلەكلىرى ئارماتورنىڭ باش زادۋىژكىسىنى ھەرقانچە كۈچەپمۇ مىدىرلىتالمىدى... ئۇ، بىئەپ بىلىنىۋاتقان چاپان ـ شارپىلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇشتۇمتۇت ئۆزىدە پەيدا بولغان، بۇرۇن ئۆزى سېزىپمۇ باقمىغان بىر خىل كۈچ بىلەن سوغۇقتا ئۇيۇپ كەتكەن زادۋىژكىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى! نۇسرەت ئاستا ـ ئاستا توختاشقا باشلىغان نېفىت فونتانىغا قاراپ، خاتىرجەملىك ھېس قىلدى...

نۆۋەتچى ئەترەت باشلىقى بىلەن كۇلىمقان قۇدۇق بېشىغا كەلگەندە، ئارماتورنى قۇچاقلاپ تۇرغان نۇسرەتنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

# بالىغا ئەقىل كىرگەندە

پەرداز ئەينىكى ئالدىدا ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان مەرۋانىگۈلنىڭ نېپىز كالپۇكلىرىغا ئېلىپ بارغان، لاكلانغان نازۇك بارماقلىرى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى.

ئۇ، ئەينەكتە ئۆزىنىڭكىدىنمۇ ئۆتكۈررەك يەنە بىر جۈپ كۆزنىڭ قادىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدى. قەلىمىنى ئېڭىكىگە تىرەجىگەن پېتى ئولتۇرغان، تېخى ئەمدىلا ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئوغلىنىڭ بۇ سىرلىق قاراشلىرىدىن ئەندىككەن مەرۋانىگۈل «تارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى:

— نېمە ئۇ تارس قىلغان! ؟ يەنە قەلەمنىڭ ئۇچىنى سۇندۇردۇڭمۇ تايىنلىق! ؟ تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلىمەي، يەنە نېمىگە مېنىڭدىن كۆزۈڭنى ئۈزەلمەي قالدىڭ ...، — دەپ چالۋاقاشقا باشلىدى ئۇ.

— تاپشۇرۇقلىرىمنى مەكتەپتىن كېلىپلا ئىشلەپ بولغان ئاپا، — دېدى ئادىلجان ئەركىلەپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا، قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ بالىلىرى بىلەن ئويناپ تۇرغىن. مەن ...

— ماقۇل، ئاپا! — دېدى ئادىلجان ئاپىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئەمىسە، دادامغا خەت يازسام ئاپىرىپ بەرگىن - ھە!

ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىز دېگەن سۆزىدىن مەرۋانىگۈل بىر خىل ئەنسىزچىلىك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئىنچىكە، قاپقارا قاشلىرى خۇددى بىر - بىرىگە روبىرو كېلىۋاتقان قۇرتلاردەك لۆمشىپ

www.uyghurkitap.com

قوشۇمىسىدا ئۇچرىشىپ، مەڭزىلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىت-رەشكە باشلىدى.

— داداڭغىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋالغاندىن كېيىن، — ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە بالام، داداڭ تېخىچۇ يىراق يەرگە ئىشلىگىلى كېتىپتۇمىش، مەن ئۇ جاڭگالغا قانداق قىلىپ بارالاي!؟ ماڭ، مەن سېنى ئۇينا دېگەندىكىمەن، ئويۇنۇڭنى ئوينىساڭ بولمامدۇ؟!

ئادىلجان ئاپىسىنىڭ ئۆڭكۈۋاتقان چىرايىدىن سەل قورقۇپ قوزغالماقچى بولدىيۇ، تۇرۇپ قالدى. ئۇ، تامغا ئېسىلغان رەسىمگە — بۆرىغا جازىلىرى ئۈستىدە تورمۇزنى مەھكەم تۇتۇپ مەغرۇرانە قىياپەتتە ئېگىزگە قاراپ تۇرغان، جۇۋىلىرىنىڭ ياقىلىرىنى قېلىن قىرو باغلاپ، قولاقچىلىرىدىن مۇز نوكچىلىرى ساڭگىلاپ تۇرسىمۇ مەردانىلىكىنى تولۇق نامايان قىلىۋاتقان دادىسىنىڭ چوڭايتىلغان رەڭلىك رەسىمىگە قاراپ بىردەم تۇردى - دە، ئىرىنچەكلىك بىلەن غودۇڭشىپ چىقىپ كەتتى.

مەرۋانگۈل ئۆز ئىشىنى تۈگىتىپ، شىرە ئۈستىنى سەرەم-جانلاشتۇرۇپ قويماقچى بولۇپ تۇتۇندى. ئۇ شىرە ئۈستىدىكى قىرىنداشنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، بىر پارچە قەغەزگە ئىرماش - چىرماش يېزىلغان (نەچچە يېرى ئۆچۈرۈلگەن) خەتنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ خۇشاللىق جىلۋىلىنىپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىدە بىردىنلا ۋەھىمىنىڭ ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولدى - دە، لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

مەرۋانگۈل تىترەۋاتقان ئالىقانلىرى ئارىسىدىكى مىجىقلان-غان خەتنى قايتىدىن ئېچىپ، سىنچىلاپ ئوقۇشقا باشلىدى.

«دادا، جېنىم دادا، مەن سېنى ئەجەبمۇ سېغىنىپ كەتتىم. سەن كەتكەن كۈندىن باشلاپ رەسىم دەپتىرىمنىڭ بىر ۋارىقىغا كۈندە بىر سىزىق تارتىپ قويىمەن. بۈگۈن

سانىسام قىرىق ئۈچ تال سىزىق بوپتۇ. سەن بىزنى پەقەت
سېغىنمامسەن؟ سېغىنساڭ نېمىشقا بىر قېتىممۇ كەلمە-
دىڭ؟ ئاپام ھەر ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم سېنى كۆر-
گىلى بارىدۇ، مەن ئاپامدىن ئەگەشمىدىم، تاپشۇرۇقلىرىم-
نى ئىشلەپ، قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ، شۇلارنىڭ بالى-
لىرى بىلەن ئويناپ تۇردۇم. ئاپام سېنى كۆرگىلى كەتكەن
شۇ كۈندىكى سىزىقچىلارنى دۈگىلەك ئىچىگە ئېلىپ قوي-
دۇم. مانا ئۇ ئون بەش، ياق، ئون ئالتە دۈگىلەك بوپتۇ.
سەن بىزنى كۆرگىلى كەلگەن بولساڭ تېخىمۇ يوغان دۈگى-
لەك سىزاتتىم، سەن مېنى سېغىنمايدىكەنسەن. سەن ئاپام-
دىن ئەۋەتكەن كەمپۈت، شاكىلاتلاردىن ئاران ئىككىنى يەپ
قالغىنىنى ئۆزۈڭگە ئېلىپ قويدۇم. دادا، سەن ئىشلەۋاتقان
جاڭگالدىمۇ ماگىزىن باركەن - ھە، ئۇنداق بولسا بۇ قېتىم
ماڭا قەلەم ئەۋەتكىن. مەن يەنە تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىمنى
ۋە رەسىم دەپتىرىمنى ساڭا ئەۋەتىمەن، سەن ئۇنىڭغا چىراي-
لىق رەسىملەرنى سىزىپ ئاپامدىن ئەۋەتىپ بەرگىن، بولام-
دۇ؟ جېنىم دادا، سېنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى ...»

تېخى يېزىپ تۈگىتىلمىگەن بۇ خەتكە مەرۋانىگۇل ئەمدى
راستتىنلا ئىشەندى. بۇنى راستتىنلا ئوغلى يازغانىدى. ئۇ،
خەتنى ئالدىراپ پۇرلىدى - دە، تامغا ئېسىقلىق تۇرغان رەسىمدى-
كى يولدىشىنىڭ قامەتلىك سىيماسىغا قارىدى، بىردىنلا ئۇنىڭ
بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى ...

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد سابىت

# يېڭى قوشنا

خاسىيەتخان يەنە بىر قېتىم ئۆلۈمنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. مانا ئەمدى ئۆزى كارىۋاتتىن ئاۋايلاپ چۈشۈپ ئۆي ئىچى-دە ماڭالىغۇدەك بولدى. بىر مەزگىل ئەنسىرىشىپ كېچە — كۈندۈز ئاپىسىنىڭ قېشىدىن نېرى بارمىغان بالىلارمۇ ئۆزلىرى-نىڭ ئۆيلىرىگە كېتىشىپ، ھەر كۈنى بىرسى نۆۋەت بىلەن تاماق ئېتىپ بېرىپ، كەچلىرى ھەمراھ بولىدىغان بولۇشتى.

بۈگۈن چۈشتە ئوتتۇرانچى قىزى ئېرى، بالىلىرى بىلەن تاماقتا بىللە بولۇپ ئىشقا كېتىشكەندىن كېيىن، خاسىيەتخان ھال — مۇڭ بولىدىغان بىرەر ئادەم كىرىپ قالسا ئىدى، دەپ خىيال قىلىپ تۇراتتى. ئۆيگە ئۇلارنىڭ ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى قوشنىسى شاھزادەم قولىدا كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەكنى كۆتۈر-گىنىچە كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالام خاسىيەتخان، قانداقراق تۇرۇۋپلا؟ بۈگۈن چى-رايلىرى خېلى تۈزۈلۈپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟ قوپسىلا، ئەتىگەندىن كەچكىچە يېتىۋەرسىلىمۇ كارىۋات بەدەنلىرىگە پېتىپ، خىيال دەرياسىغا چۆكۈپ تېخىمۇ ئېزىلىپ كېتىلا. بالىلارغا كاۋا مانتى-سى ئەتكەنىدىم، سىلىگە ئاتاپ بىرنەچچىنى ئايرىم تۈگكەن، ئەمدى قولۇمنى بوشىتىپ ئېلىپ چىقتىم. بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بېرەي، ئىسسىقىدا يەۋالسىلا.

خاسىيەتخان ئىنجىقلاپ نەستە ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— ئۆزلىرى يەۋەرمەي نېمانچە كايىغانلا، ھەر قېتىم كىر-

سىلە بىر نېمە كۆتۈرۈپ كىرىپ مېنى بەك خىجىل قىلىۋاتىلا، شۇنداقلا كىرىپ ئەھۋال سوراپ تۇرسىلىمۇ چوڭ ئىش ئەمەسمۇ؟ بوپتۇ، ھازىرچە يۆگەپ قويۇپ كەچتە يەرمەن. ئۆزۈمۇ تازا سىلىدەك ئوبدان قوشنىدىن بىرى كىرسىكەن، دەپ ئولتۇرغاندىم، خۇدايىم يەتكۈزدى سىلىنى، ئولتۇرۇپ گەپ قىلىپ بەرسىلە، — دېدى.

— مەندە نېمە گەپ بار دەيلا، يەنە دېسەك، يەنە شۇ گەپ. بۇ قېتىم دوختۇرخانىدا ئۇزاق يېتىپ قاللا، ھېساباتنى ئۇزۇپ بوپتۇمۇ؟

— ۋاي، ئۇنىڭ گېپىنى بىر قىلمىسىلا، ھازىر جان دېمەك، پۇل دېمەك بولۇپ قاپتۇ. دوختۇر دېگەنگۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ خەق ئىكەن. بۇ قېتىم رەسمىي قول قويدۇم. مېنى دوختۇرغا ئېلىپ ماڭغاندا ھازىرلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ھاياتتىن ئۈمىدىمنى ئۈزگەن، بىرنەچچە كۈنگىچە بەك بىئارام بولغانىدىم. باللىرىممۇ ئەنسىرەپ، يىغا ـ زار قىلىشىپ يېنىمدىن ئايرىلىشمىدى. كېيىن دوختۇرلار مىڭ بىر چارە ـ ئامالالارنى قىلىشىپ، قىممەت دورىلارنى ئىشلىتىپ قۇتقۇزۇۋالدى. لېكىننزە، بەك جىق پۇل كەتتى، ئۆلارنىڭ ئاغزىدىن ئاز پۇلنىڭ گېپى چىقمايدىكەن، بۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ كىرىمى قانچىلىك دېمەي، ھە دېسىلا بەش مىڭ، ئون مىڭدىن چۈشىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ھېلىمۇ ياخشى، باللىرىمنى خۇدايىم ئىنساپى بىلەن بېرىپتىكەن، دادىسىنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرماي، ئانىمىزنىڭ جېنى ئامان قالىدىغان ئىش بولسا، دەپ يىغقان ـ تەرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ تاپشۇردى. جەمئىي يىگىرمە ئالتە مىڭ يۈەنلىك چىقىم بولۇپ، باللىرىمنىڭ يىغقان پۇلىغا ئالتە مىڭ يۈەن كەملەپ قاپتىكەن. دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن ئۆتنە ـ يېرىم قىلىپ يۈرۈپ تولەپتۇ. مۇشۇنچىلىك بولۇپ قالغىنىمغا بەك خۇشلۇقۇم بار، بىراق باللارغا بەك ئېغىر بولۇپ قالدىمۇ دەپ ئەنسىرەيمەن. ئەگەر بالىلىرىم بولمىسا بىراق بالىلارغا بەك ئېغىرىمنى سېلىۋەتتىم.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، خاسىيەتخان، — دەپ گەپنى ئۇزۇۋەتتى شاھزادەم، — بالا دېگەننى مۇشۇنداق ئاغرىغاندا قى- شىمدا بولارمىكىن، دەپ باقمىسا نېمىدەپ باقىدۇ. ياشلا تولا قىلىپ، ئاشۇ بالىلارنى چوڭ قىلىمەن، ئوقۇتىمەن، ئۆيلەيمەن، چىقىرىمەن دەپ ھەم دادا، ھەم ئانا بولۇپ، كۆيۈپ - پىشىپ يۈرۈپ مۇشۇنداق كېسەل بولۇپ قالغان خوتۇن سىلى. ئەمدى ئۇلار ئەلۋەتتە باقىدۇ - دە، قەرز بولسا ئىشلەۋاتقاندىكىن تۆلەي- دۇ.

— ۋاي خېنىم، شۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ئۇلارنىڭمۇ ئۆيى، بالىلىرى بار ئەمەسمۇ؟ ھېلىمۇ بېقىۋاتىدۇ، يۈز مىڭ مەرتىۋە رازى مەن ئۇلاردىن.

شاھزادەم يەنە گەپنى ئۈزۈپ سورىدى:

— بولدى، بولدى، باشقا گەپنى قىلىشايلى. ھېلىقى تۆتىن- چى قەۋەتكە كۆچۈپ كەلگەن چاغدا باش ئەجەب ئۈزىنى كۆرسەت- مەي قالدى. بىرەر قېتىم كىرىپ يوقلاپ قويىدىمۇ ئۆزلىرىنى؟

— ۋاي نەدىكىنى، شۇنچە ئۇزاق دوختۇرخانىدا ياتتىم، ئەلۋەتتە يىراق - يېقىن ھەممىسى كېلىپ يوقلاپ جېنىمغا جان قوشتى. ھەرقايسىلىرىمۇ قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈپ يوقلاپ تۇرۇشلا. ئاشۇ ياسانچۇق دوختۇرخانىغىمۇ بارمىدى، دوختۇرخا- نىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ ئىشىكىم ئالدىدىن چىقىپ - چۈشكۈچە بولسىمۇ بېشىنى تىقىپ قويمىغىنى بەك كۆڭلۈمگە كەلدى.

خاسىيەتخاننىڭ بۇ گېپى پارتلىيالماي تۇرغان شاھزادەمنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقتى بولغاي، ئاغزىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى.

— ئۇ تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال، چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان پىخسىق ھەرقاچان كىچىككىنە بىر نېمە ئېلىپ كىرىشكە چىدىماي ئەنە شۇنداق يۈزىنى داپتەك قىلىپ يۈرگەندۇ؟

— ھەرنېمە بولسا چوڭ ئوقۇغان، بىلىملىك ئەر - خوتۇنلار كۆچۈپ كېلىدىكەن دەپ تازا خۇش بولغانتىم، قارىسام ئېرىغۇ

ئۆيىگىمۇ ئاز كېلىدىغان بىر يەردە ئىشلەيمىش، بۇ ياسانچۇقمۇ نەچچە كۈندە بىر ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ، كەلسىمۇ ئىشىكنى چىڭ تاقاپ، ئىس ـ بۇسىنى چىقىرىشمايدىكەن.

— ھازىرقى ئوقۇغان نېمىلەرنىڭچۇ ئوقۇپ بولمايدۇ. بۇلارنى چوڭ ئوقۇدى، دېگەن بىلەن ئادەمگەرچىلىك، قوشنىدارچىلىق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش دېگەنلەرنى ئۆگەنمىگەن بىر نېمىلەرمىكىن، گاھىدا ئىشىك ئالدىدا بىرمۇنچە ئاياللار ئولتۇرۇشساق، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، يەرگە قاراپ كالىدەكلا ئۆتۈپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟

— پەيتىنى تېپىپ تازا ئۆتكۈدەك تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويمىسام، كادىر بولسا ئىدارىسىدە ئۆزىگە كادىر، ماۋۇ مەھەللىگە كۆچۈپ كەلدىمۇ، شۇ مەھەللىدىكىلەر بىلەن چىقىشىپ، ئادەمگەرچىلىكنى ئوخشاش بەجا كەلتۈرۈپ چىرايلىق ئۆتسۇن، بولمىسا بۇ مەھەللىگە سىغمايدۇ، قانداق دېدىم، شاھزادەم.

— راست دەيلا، راست.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ غەيۇرتى بولۇۋاتقان يېڭى قوشنا رەخىمە كىرىپ كەلمىگەن بولسا، بۇ ئىككى خوتۇن ئۇ توغرىسىدا يەنە قانچىلىك قايىنىشاتتىكىن. ئۇنى كۆرۈپ گويا ئۇ ھەممە گەپنى ئاڭلاپ بولۇپلا ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەندەك، ئىككى خوتۇن دەرمەھەل نېمە دېيىشنى ۋە قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشتى.

— ئەسسالام، — رەخىمە سىلىق، زىل ئاۋازدا سالام بېرىپ، قورۇنغان ھالدا ئۇلارنىڭ بىر ياققا باشلىشىنى ساقلاپ تۇردى. ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق، لاتاپەتلىك چوكان بولۇپ، كىيىملىرىنىڭ رەڭگىمۇ، پاسونىمۇ ئۇنىڭغا ئالاھىدە يارىشىپ، ئۇنىڭ جامالىغا تېخىمۇ ھۆسن قوشقانىدى.

رەخىمە گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولغۇچە، خاسىيەتخان رەنجىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تەتۈر قارىۋالدى.

www.uyghurkitap.com

رەخىمە ناھايىتى خىجالەتچىلىكتە خاسىيەتخاندىن ئەھۋال سورىدى:

— قانداقراق ياتىلا، خاسىيەتخان ئاچا؟ مانا بۈگۈن — ئەتە دەپ سىلىنى ۋاقتىدا يوقلىيالماي ناھايىتى خىجالەت بولدۇم ...

— رەھمەت، ھەقەمسايىلەردىن بىرەرسى زورلاپ كىرگۈزدىمۇ، قانداق، بولمىسا مەندەك بىر تۇل خوتۇن ئۆلۈپ قالسامۇ خىيالىڭىزغا كېلىپ قالماستى؟ — دېدى خاسىيەتخان زەردە بىلەن.

— ئەسلىدىنغۇ سىڭمەيدىغان يەرگە سۇ سىپىش ناداننىڭ ئىشى ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ دەپ قويايې، — دېدى شاھزادەم بېشىنى تازا ئويىنىتىپ، — سىز ھەرقانچە يوغان ئوقۇغان بولۇپ، بېشىڭىز ئەرشىئەلاغا يەتكەن تەقدىردىمۇ ئاسماننىڭ قەرىدە ياشىمايسىز. مانا مۇشۇنداق مەھەللىدە بىزگە ئوخشاش قېرى، ياش قوشنا، ھەقەمسايىلەر بىلەن ياشايسىز. سىزگە ئەتىگىنى، ئاخشىمى باشپاناھ، سايىۋەن بولىدىغانلار شۇلار. سىز ئاپىڭىزدەك كىشىلەردىن ھال ـ ئەھۋال سوراشنى، ھۆرمىتىنى قىلىشنى راۋا كۆرمىسىڭىز ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىسىز، ياخشى بولمايدۇ.

رەخىمە ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىن خىجىل بولۇپ بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى ۋە ئىككى قېتىم تەستە بېشىنى كۆتۈرۈپ گەپ قىلىشقا تەمشەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار سۆز بەرمىدى. ئاخىر ئۇلار سۆزلەپ توختىغاندىن كېيىن كۆڭلىدىكىنى دېدى:

— ھەرقايسىلىرىنىڭ دېگەنلىرى توغرا. بۇ مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگىلى خېلى ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئۆيى تۇرماق ھەرقايسىلىرىدەك ئاتا ـ ئانا يوللۇق كىشىلەرنىڭ ئۆيىگىمۇ كىرىپ سالام بېرىپ ئەھۋال سورىيالمىدىم، بۇ ناھايىتى سەت ئىش بولدى. ھەرقايسىلىرىدىن ئۆزرە سورايمەن. دادام خېلى بۇرۇنلا ئالەمدىن ئۆتكەن، ئاپام خۇددى خاسىيەتخان ئاچامغا ئوخ-

شاش يالغۇز. يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئاپامنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، بىردەم ئۆيدە بولسام، بىردەم دوختۇرخانىدا بولۇپ، ئىككى ئارىلىق بولۇپ قالدىم.

— توختاپ تۇرۇڭە، ئاپىڭىزنىڭ قېشىدا ھازىر ھېچ كىشى يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى خاسىيەتخان.

— يوق دېسەم مەن بار، بار دېسەم مېنىڭ ئۆيۈم بۆلەك ھەم خىزمىتىم ئالدىراش بولغاچ، دېگەندەك ياخشى قارىيالماي ناھايىتى تەشۋىشلىقتا كېتىپ بارىمەن، يېقىندىن بۇيان ئاپامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قېلىپ مەن قېشىدا يېتىپ - قوپۇپ، داۋالىتىپ ھەمراھ بولۇۋاتىمەن.

شاھزادەم ئۇنىڭ گەپلىرىگە يەنە بىر نېمە دەپ رەددىيە بېردىغاندەك بىر ئەلپازدا ئىنتىلىپ بېقىپ، خاسىيەتخاننىڭ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قاراپ، گېپىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى.

— يولدىشىم يېقىنىنىڭياقى مۇھىم بىر تەتقىقات تۈرىگە قاتنىشىپ، سىرتتا بولۇپ ئۆيگە كېلەلمىدى. مەن ئاپامنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىپ، ئەتىگەن - كەچ بالىنى يەسلىگە ئاپىرىپ ھەم ئىشلەپ بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. بىچارە ئاپامنىڭ كۈندىنكۈنگە ئەھۋالى ناچارلاپ كېتىۋاتىدۇ، ئاپامغا قاراپ كۆڭلۈم تېخىمۇ ئېزىلىدۇ. يالغۇز بالىنىڭ ئىشى بەك تەسكەن. خۇدايىم نېمىشقىمۇ يالغۇز يارىتىپ قويغان بولغىيتتى مېنى، دەيمەن ...، — دېگىنىچە كۆڭلىنى يېرىم قىلدى رەخىمە.

ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى، كۆڭلى ئېرىپ كەتكەن خاسىيەتخان ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بايىقى تەلەتنى ئۆزگەرتىپ مۇلايىملىق بىلەن تەسەللى بەردى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ قىزىم، غېرىبنىڭ ئىگىسى ئاللا. ھېلىمۇ ئاپىڭىزنىڭ تەلىيىگە سىزدەك ۋاپادار، كۆيۈمچان

قىزنى يەتكۈزۈپتىكەن، ئەجرىڭىز يەردە قالماس، ياخشى بولۇپ قالار.

بۇ چاغدا شاھزادەم گەپنى ئۈزۈپلا رەخمەنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ دېدى:

— خاسىيەتخان ئاران تۇردۇ. ئۇنىڭغا ياخشى گېپىمىز بولسا قىلىپ، گېلىدىن سىلىق ئۆتىدىغان نەرسىمىز بولسا يېگۈزۈپ، قۇۋۋەتلەندۈرسەك، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرساق بولىدۇ. خاسىيەتخاننى ئارامىدا قويايلى. يۈرۈڭ، بۇ خوتۇن ھازىر باشقىلارنىڭ خاپىلىقىنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

— ياق، ياق، بۇ قىزىمىنىڭمۇ دىلى ئۇزۇك ئىكەن، كۆڭلىدىكىنى دەۋاتىدۇ، دېسۇن، ئىچىنى بوشىتىۋالسۇن. بىز ئايال خەق ھال - مۇڭلىشىپ، ئىچىمىزدىكىنى تۆكۈپ، كۆز يېشى قىلىۋالساق باشقىچە يەڭگىللەپ قالىمىز، — دېدى خاسىيەتخان.

بۇ گەپ بىلەن رەخمە سەل جانلىنىپ كۆڭلىدىكى سۆزىنى ئىزھار قىلدى:

— ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنگەنلىرىگە رەھمەت. ۋاقتىدا يوقلاپ كىرەلمىگىنىمنى ھەرگىز كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىدىلا، بۇ قېتىم ئۇزاق داۋالىنىپ كۆپ چىقىمدار بولغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ بەك بىئارام بولدۇم. تۈنۈگۈن ئىدارىدىن يىللىق مۇكاپات ئۈچۈن مىڭ يۈەن بېرىپتىكەن، قولۇمغا ئېلىپلا سىلىنى ئويلاپ ئازراق بولسىمۇ دەردىگە دەرمان بولار، دەپ سىلىگە ئەكېلىپ بېرىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن، توغرا چۈشىنىپ قوبۇل قىلسىلا.

خاسىيەتخان بۇ كۈتمىگەن ئىشتىن بەك تاسادىپىيلىق ھېس قىلىپ:

— بۇ، بۇنى ئالالمايمەن قىزىم، ئاپىڭىزغا خىراجەت قىلىپ بېرىڭ، — دېيەلىدى ئارانلا.

شاھزادەم بولسا كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئىشقا ھەيرانلىق ئىچىدە گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى.

— خاسىيەتخان ئاچا، سىلى باشقىچە خىيالدا بولۇپ قالمى-سىلا، بىز سىلىنى كېسەلدىن ئەمدى قوپتى، داۋالىنىشتا كۆپ چىقىمدار بوپتۇ، قەرزى بولسا ئاز - تولا ياردىمى بولار، دەپ يولدىشىم ئەزىمەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن قاشلىرىغا كىر-گەن. باشقىچە خىيالدا بولماي كۆڭلىمىزنى قوبۇل قىلسىلا.

خاسىيەتخان رەخىمە قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان مىڭ يۈەن پۇلنى سىقىمدىغىنىچە، نېمە قىلىشىنى بىلمەي يېنىغا قويۇپ قويدى.

— ئالسىلا، خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلسىلا، مەنمۇ ئۆيلى-رىدىن خۇشال، ئازادە چىقىپ كېتىمەن، — دېدى رەخىمە سەمى-مىي، ئۇچۇقلۇق بىلەن تاتلىق كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ بۇنداق سەمىمىي، ئوچۇق، ئاق كۆڭۈل مۇئامىلىسى ئىككى ئايالدا بىر خىل سۆيۈنۈش تۇيغۇسىنى قوزغىدى.

خاسىيەتخان كۆز چاناقلىرىغا تولغان ياشنى تاشۇرۇۋېتمەس-لىك ئۈچۈن ئىتتىك قولياغلىقىنى ئىزدىدى. شاھزادەم كۆز ئالدىدىكى ئىشقا نېمدەپ ئىپادە بىلدۈرۈشنى بىلمەي ھاڭۋاققان-دەك جىمىپ كەتتى.

رەخىمە خۇددى يەلكىسىدىن ئېغىر يۈك ئېلىۋېتىلگەندەك يېنىككىنە ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلىشىش ئىجازىتىنى سوراپ، ئىككى ئايالنىڭ مەڭزىلىرىگە مەڭزىنى يېقىپ بولۇپ دېدى:

— خوش، خۇدايىمغا ئامانەت، مەن چىقاي، ۋاقتىملا بولسا كىرىپ يوقلاپ تۇرىمەن، پات - پات كىرمىدى دەپ كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا جۇمۇ.

خاسىيەتخان شاھزادەمگە ئالدىراپ:

— مېنى يۆلەپ قويسىلا، بۇ چىرايلىق قىزىمنى ئۇزىتىپ قوياي، — دېدى.

رەخىمە ئالدىراپ:

— ۋاي، ياق، مىدىرلىمىسىلا. رەھمەت، ئۇزاتقاندەك بول-

www.uyghurkitap.com

لا، خوش، سالامەت بولسىلا، — دەپ چىرايلىق خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

شاھزادەم خاسىيەتخاننىڭ قولىنى تۇتقىنىچە ئىشىككە قاراپ قالدى.

خاسىيەتخان ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى باسالماي قالدى ۋە:

— خۇدايىم بىزگە بىر پەرىشتىنى قوشنا قىلىپ ئەۋەتىپتۇمۇ نېمە؟ نېمىدېگەن گېپى چىرايلىق، قىلىقى تاتلىق، كۆڭلى يۇمشاق چوكان بۇ؟ — دەۋەتتى.

— بەللى خاسىيەتخان، «بەرگەن خۇداغا يېقىن، بەرمىگەن گۇناھقا» دەپ، دەسلەپتە بىر ئېغىزمۇ ياخشى گېپىنى قىلماۋاتىتىلە، ئەمدى مىڭ يۇەننى «دەردلىرىگە دەرمان قىلسىلا» دەپ ئالدىلىرىغا قويسا، يىلىمدەك ئىرىپلا كەتتىلىغۇ؟ — دېدى شاھزادەم بىر خىل ئوڭايسىزلىق ئىچىدە.

خاسىيەتخان خىجالەت بولغان ھالدا:

— باشتىلا كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنگەن، ئوبدان بالىنى قوشنا قىپتۇ دەپ ئويلىغان، بىراقزە ...

شاھزادەمۇ پۇشايمان قىلغان ھالدا:

— ھەي، خاسىيەتخان، راستىنى دېسەم، يامان گېپىنى قىلغۇمۇ يوقتى دېسىلە شۇ ... تۇۋا ئەھۋالنى بىلمىگەندىكىن قارىسىغىلا سۆزلەپ قويۇپتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىنى بىرەر قېتىممۇ يوقلىمىغىنىغا قاراپ ... ھەي، مۇشۇ ياشقا كىرىپمۇ كالتە ئەقىللىق قىپتۇق جۇمۇ، مۇشۇ ئاغزىمىنىزە.

ئارسلان تالىپ

# ئەتىگەنلىك چېنىقىش

سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقان بولسىمۇ دىئاگنوز قە-غىزى ئون كۈنلەردىن كېيىن كېلىدىغان بولغاچقا، كۈنلەرنى دەككە - دۈككىدە ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. چۈنكى تەكشۈرۈل-گەن كۈنى ھېلىقى يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينەك تاقىۋالغان دوختۇرنىڭ ئۇنى - بۇنى سورىغاچ، B تىپلىق ئېلېكترون دىئاگ-رامىمىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بەدەن ھالىتىمگە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرى، ئاتا - ئانامنىڭ نېمە كېسەلى بارلىقىنى سوراپ كېتىشلىرىدىن خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىغانىدىم.

— بەزى كېسەللەر ئىرسىيەت خاراكتېرلىك بولىدۇ، — دېدى ئۇ قولىدىكى ياپىلاق نەرسىنى ماي سۈرتۈلگەن قورسىقىم ئۈستىدە ئۇيان - بۇيان ماڭغۇزۇپ تۇرۇپ، — شۇڭا ئەستايىدىل-راق بولغىنىمىز ياخشى.

باشقىلارنى بەش مىنۇتتا قالماي چىقىرىۋېتەتتى، مېنى ئەجەب ئۇزۇن تەكشۈرۈپ كەتتىغۇ، بۇ خىيال كاللامغا كىرىشى ھامان پۇتۇن بەدىنىم بوشىشىپ پېشانەمدىن بۇژژىدە تەر چىقىپ كەتتى.

— بولدى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ.

مەن بەدىنىمدىكى ماي يۇقىنى ئۇ بەرگەن تازىلىق قەغىزىدە پاكىز سۈرتۈپ كىيىملىرىمنى تۈزەشتۈردۈم. «مەندە چاتاق بار-مىكەن» دېگەن سوئال ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا كېلىۋىدى، ئۇنى غۇرت-تىدە يۇتۇپ چىقىپ كەتتىم. «بولدىلا، كۆڭلۈمنى غەش قىلغۇچە

www.uyghurkitap.com

چىقىپلا كېتەي، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن، بىر-بىر دىئاگنوز قەغىزىنى ئىدارىغا ئەۋەتىپ بېرىدىغۇ، شۇ ئۇياغدا بىر گەپ بولار».

— سىزنى ئەجەب ئۇزۇن تەكشۈردىيا، — دېدى خىزمەتداشىم مەتۋاقى مېنىڭ كۆڭۈلسىزگىنە قايتىپ چىققىنىمنى كۆرۈپ.

— بىلمىدىم، قارىغاندا مەندە بىرەر كېسەل بار ئوخشايدۇ.

— سىزدە نېمە كېسەل بولاتتى، — دېدى مەتۋاقى كۆڭلۈمنى ياساپ، — سىز تېخى ياش، مانا كېسەل دېگەن بىزدە. قاندا ماي ماددىسى يۇقىرى، جىگەرنى ماي قاپلىغان، قان بېسىم يۇقىرى ... ئىشقىلىپ، كۆڭۈلنى ئازادە تۇتۇپ، خىزمەت بىلەن تۇرمۇشنى، ئويۇن بىلەن چېنىقىشنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ ياشىسا هېچ گەپ يوق.

ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. جىگەرنى ماي قاپلىدى، دېگەنگە بۇ يىل تاق ئۈچ يىل بولدى. مەتۋاقى بولسا ئۆزىنىڭ ئون يىللىق تەجرىبىسى ۋە ساغلاملىق دەستۇرى بويىچە خۇشال ياشىغان ئادەم. ئۇ تېخى جىگەردىكى ماينى بىر تەرەپ قىلىش ئۇستىسى، ئۇ جىگەرنى ماي قاپلىدى دېگەن هەرقانداق بىر ئادەمگە ساۋات بېرىپ ئۆزىنىڭ بىر خىل ياشاپ كېلىشىدىكى مەخپىيەتلىكىنى سۆزلەپ ئارتۇقچە ئاه ـ ۋاه دېگۈچىلەرنى بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەردىن قۇتقۇزىدۇ.

ئاخىر دىئاگنوز قەغىزى يېتىپ كەلدى. مېنىڭ جىگىرىمدىكى ماي مىقدارى بۇلتۇرقىدىن ئۆرلىگەنىدى، ئۇنىڭدا مېنىڭ قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇشۇم، چېنىقىش بىلەن شۇغۇللىنىشىم، دورا بىلەن ماينى تۆۋەنلىتىشىم، مايسىز يېمەكلىكلەرنى يېيىشىم ئەسكەرتىلگەنىكەن.

— هە، ئېشكىنى يوقاتقان موللامدەك تۇرۇپ قاپسىزغۇ، — مەتۋاقىنىڭ ئاۋازى مېنى ئەنسىز خىياللار قۇچىقى-

دىن سۇزۇۋالدى، — ھە، نېمە كېسەللەر باركەن؟ ئەكېلىڭە كۆرۈپ باقاي.

ئۇ قولۇمدىن دىئاگنوز قەغىزىنى ئېلىپ بىر قۇر كۆرگەندىن كېيىن ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىدىن «چاتاق بوپتۇغۇ، ئەمدى قانداق قىلارسەن» دېگەندەك بىر خىل ئۇقۇمنى ھېس قىلدىم ـ دە، بەدىنىمگە سوّس تىترەك ئولاشتى.

— مۇشۇنىڭغىمۇ خىيال بېسىپ تۇرۇپ كەتكۇلۇكمۇ، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ دىئاگنوز قەغىزىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ، — مانا ئەنسىرىسە مېنىڭ كېسەللىرىمدىن ئەنسىرەش كېرەك. بۇلتۇر كېسىلىم ئۈچ ئىدى، بۇ يىل يەنە بىرى قوشۇلۇپتۇ. لېكىن كېسەلنى بېسىم قىلىۋېلىش ياخشى ئىش ئەمەس. سىزگە مەسلىھەتىم: چېنىقىڭ، سەھەر تۇرۇپ يۈگۈرۈڭ، يۈگۈرۈش خۇشياقمىسا بىرنەچچە كىلومېتىر يولنى تېز مېڭىڭ. مۇشۇنى ئۆزمەي داۋاملاشتۇرسىڭىز كېلەر يىلى تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇپ چىقىسىز. مۇنۇ قورسىقىڭىزمۇ كىچىكلەيدۇ، ھەممە گەپ مۇشۇ قورساقنىڭ سەمرىشىدە، قورساقنى چۈشۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى قىلىڭ.

دوختۇرخانىغا بېرىپ دورا ئېلىشنى نىيەت قىلغان ئادەم مەتۋاقىنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن بازارغا ماڭدىم. تەنتەربىيە كىيىملىرىنى ساتىدىغان ماگىزىندىن بىر يۈرۈش تەنتەربىيە كىيىملىرىنى سېتىۋېلىپ ئەتىدىن باشلاپ سەھەر تۇرۇپ يۈگۈرۈشنى نىيەت قىلدىم. ئايالىم كىيىملەرنى كۆرۈپ، مەقسىتىمنى ئۇققاندىن كېيىن سۆزلەپلا كەتتى:

— مانا ئەمدى ئەقلىڭىزنى تېپىپسىز، — دېدى ئۇ مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ، — مەتۋاقىكام توغرا گەپ قىپتۇ. دېمىسىمۇ سىلەردەك ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان ئادەملەر سەھەر تۇرۇپ چېنىقىشى كېرەك ـ دە. ئەتە سىزنى ئالتىدە ئويغىتاي، يۈگۈرۈڭ.

توغرىلاپ قويۇلغان سائەت ئالتىدە جىرىڭلىدى، ئورنۇمدىن

تۇردۇم ـ دە، تەنھەرىكەت كىيىملىرىنى كىيىپ سىرتقا چىقتىم.

ۋاھ، سەھەرنىڭ ھاۋاسى نېمىدېگەن ساپ ـ ھە، سالقىن شامال يۈزلىرىمنى ئەركىلەتتى، قۇياش ئاللىقاچان كۆتۈرۈلگەن بولۇپ ھاۋا شۇنچىلىك ساپ ۋە سۈزۈك.

دەسلەپ ئاستا، كېيىن ئىتتىكرەك يۈگۈرۈپ بىرنەچچە كىلومېتىر يولنى باسقاندىن كېيىن بەدىنىم قىزىپ تەرلەشكە باشلىدىم. مۇنداق سەھەردە سىرتقا چىقىپ باقمىغاچقا بىلمىگەنىكەنمەن، سەھەردە ماڭا ئوخشاش چېنىقىشقا چىققانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن ئەمەسمۇ. يۈگۈرۈۋاتقانلار، مېڭىۋاتقانلار، يەلپۈگۈچ ئۇسۇلى، قىلىچ ماھارىتى، تەيجى گۇمپىسى ئويناۋاتقانلارنى كۆرۈپ ئۆزۈمنىڭ سەھەردە ھورۇنلۇق قىلىپ يېتىۋېلىپ مۇشۇنداق بولمىغۇر كېسەلنى تېپىۋالغىنىمغا ئۆكۈندۈم.

يېرىم سائەتلىك يۈگۈرۈش، مېڭىشتىن كېيىن روھلىنىپ قالغاندەك، بەدەنلىرىمدىكى قانلار ئەمدى ئۆزىنىڭ ئەسلي مېڭىشىغا ئۆتكەندەك تۇراتتى. ئەمدى ئۆيگە قايتىپ ناشتا قىلىپلا ئىشقا ماڭمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئالدىراپ ئۆي تەرەپكە ماڭدىم.

— ھەي يولداش، توختىڭە.

ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. پىيادىلەر يولىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرغان قارىماتاق بىرەيلەن مېنى چاقىرغانىكەن، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر يېشىل كىلېيونكا يېيىقلىق بولۇپ، كىلېيونكا ئۈستىدە قۇشقاچ تۇخۇمىچىلىك چوكلۇقتىكى قارامتۇل دانچىلار تۇراتتى.

— مېنى چاقىردىڭىزمۇ؟! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ.

— شۇنداق، سىزنى چاقىردىم، — دېدى ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — چىرايىڭىزدىن قارىغاندا سىزنىڭ قېنىڭىز قويۇق، جىگىرىڭىزنى ماي قاپلىغاندەك تۇرىدۇ.

— سىز بۇنى قانداق بىلىسىز؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراپ.

— مەن ئەل ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ كېسەل داۋالايدىغان تېۋىپ، — دېدى ئۇ ئورنىدا قايتا ئولتۇرۇپ، — مەن سىزنىڭ ماۋۇ قورسىقىڭىزغا قاراپلا كېسىلىڭىزنىڭ نېگىزىنى بىلىۋالدىم. سىزنىڭ دورىڭىز مانا بۇ يەردە.

ئۇ ئالدىدىكى قارا تۇخۇمدەك نەرسىدىن نەچچە تالنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى.

— مانا بۇ قان قويۇقلۇقنى داۋالايدىغان، ئاشقازاننىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاپ، قەۋزىيەتنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئېسىل مەھسۇلات. بۇ جەنۇبىي تىنچ ئوكياننىڭ نەچچە يۈز مېتىر چوڭقۇر يېرىدىن چىقىدىغان ئېسىل دورا.

مەن بۇنى قولۇمغا ئېلىپلا دەرھال بىر ئىشنى ئېسىمگە ئالدىم. نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا كاماندىروپكا سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىگە بارغىنىمدا، ساۋاقدىشىم شىر ئەلىنىڭ مۇشۇنداق بىر نېمىنى ئىسسىق ساقلاش ئىقتىدارى بار چاي قۇتىسىدا دەملەپ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

— بۇ نېمە ئەمدى، ئىتنىڭ مايىقىدەك بىر نېمىدە چاي دەملەپ ئىچكىلى تۇرۇپسەنغۇ؟

— بۇ ئېسىل چاي، — دېدى شىر ئەلى، — ئاشقازاننى تازىلاپ، قەۋزىيەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، گېمورروي كېسىلىم بار، قورقۇپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرمىدىم. گېمورروي دېگەن قەۋزىيەتتىن قوزغىلىدۇ، شۇڭا بۇ چاينى ئىچىۋاتىمەن، ئۈنۈمى شۇنداق ياخشى.

— بۇنى نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟

— بۇ جۇڭيى دورىسى ساتىدىغان ھەرقانداق ماگىزىندا بار.

مەن بۇ گەپكە قىزىقىپ شۇ دورىدىن ئېلىپ ئىچىشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنى قىلالمىغانىدىم. مانا ئەمدى كۆز ئالدىمدا بۇ دورا تۇراتتى، تېخى ئۇنىڭ قان تازىلايدىغان تەرىپىمۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

— كىلوسى نەچچە پۇل؟ — دېدىم مەن قولۇمدىكى نەرسىگە سىنچىلاپ قاراپ.

— دورىخانىلاردا بىر يۈز ئەللىك يۈەن، مەن بۇنى يۈز يۈەندىنلا بېرىمەن.

— ۋاي، بۇ دورا بۇ يەردە باركەنغۇ.

تۇيۇقسىزلا يېنىمدا پەيدا بولۇپ قالغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال يېشىل كىلىيونكا يېنىغا موككىدە ئولتۇردى ـ دە، ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— مەن بۇ دورىنى ئىچىۋاتقىلى ئاق يېرىم يىل بولدى، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ، — دورام تۈگەپ قېلىۋىدى، دورىخانىغا بارسام تۈگەپ كېتىپتۇ. مانا بۈگۈن ئىشىك ئالدىمغا كەپ قالغىنىنى قاراڭ. ھە، نەچچىدىن ساتىسىز؟

— يۈز يۈەندىن سېتىۋاتىمەن.

— ئەرزانكەن، — دېدى ماڭا قاراپ بىرنەچچە تال دورىنى قولىغا ئېلىپ، — بۇنى دورىخانىدىن بىر يۈز ئەللىك يۈەندىن ئالاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يېڭىكەن، ئالامەت ئېسىل دورا بۇ، مەن بەش كىلو ئالاي، سەكسەن كويدىن بەرسىڭىز بوپتىكەن.

— بوپتۇ، سىزگە توقسەن كويدىن بېرەي، قارىغاندا سىز دورىنىڭ كارامىتىنى كۆرگەنىكەنسىز، تەشۋىق قىلىپ قويارسىز ـ ھە!

— بولىدۇ، سۈلياۋ خالتىڭىزنىڭ يوغىنىنى ئېلىڭ، ئاۋۇ سومكىڭىزدىكىنىمۇ تۆكۈڭ. مەن تاللاپ ئالىمەن.

ئۇ ئايال ھېلىقى تېۋىپ ئۇزاتقان سۈلياۋ خالتىنى يېنىغا قويۇپ ھېلىقى دانىچە دورىلارنىڭ تۇم قارىسىنى ھەممە يوغانلىرىنى تاللاپ خالتىسىغا سالغىلى تۇردى.

— بۇ دورا نېمىگە پايدا قىلىدىكەن؟ — دېدىم مەن دورىغا خۇددى ئاچ قالغان ئادەم ئاشقا دۈم چۈشكەندەك ھۇجۇم قىلغان ئايالغا قاراپ، چۈنكى دورىپۇرۇشتىن كۆرە كېسەلدىن ساقايغان

ئادەمنىڭ سۆزى ئىشەنچلىكرەك بولاتتى.

— بۇ قان قويۇقلۇقنى، جىگەرنى ماي قاپلىغاننى، قەۋزى-يەتنى داۋالايدىغان ئېسىل دورا، — دېدى ئۇ ئايال قولىدىكى هازىرلا تالىلىۋالغان بىر تال دورىنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— بۇنى قانداق ئىچىدۇ؟

— مۇشۇ بىر تالنى بىر ئىستاكانغا سالىسىز، ئۇستىگە قايناقسۇ قۇيىسىز، بەش مىنۇتتىن كېيىن بۇ دورا نېلۇپەردەك ئېچىلىپ چاي قىزىرىدۇ، شۇنى ئىچىسىز. مۇشۇ بىر تالنى كەچكىچە دەملەپ ئىچسىڭىز بولىۋېرىدۇ.

— دەل ئۆزىكەن، — دېدىم مەن ئۆز- ئۆزۈمگە، — شىرئەلى ئىچىۋاتقان چاي مۇشۇ.

مەن هېلىقى ئايالنىڭ يېنىغا چۆكۈپ تېۋىپ سۇنغان خالتىدى-نى ئېچىپ بىرنەچچە تالنى تاللىدىم - دە، دەرهال ئېسىمگە پۇل كەلدى. چۈنكى ئۇستۇمدىكى كىيىم تەنهەرىكەت كىيىمى، سودا ئىشى بولمىغاندىكىن يانچۇققا پۇل سالمىغانلىقىم ئېنىق ئىدى.

— مەن پۇل سالماي چىقىپتىمەن، ئۆيگە بېرىپ پۇل ئەكې-لىپ ئاندىن ئالاي.

— تېزرەك كېلەرسىز، — دېدى هېلىقى تېۋىپ ماڭا قا-راپ، — خەق ئىشقا چىققۇچە مالنى يىغىپ كەتمىسەم قالايمىقان يايما يايدىڭ دەپ، ئاۋارە قىلىدۇ.

— مەن ئون بەش مىنۇتتىلا يېتىپ كېلىمەن.

يۈگۈرگىنىمچە ئۆيگە كەلدىم - دە، كىيىملىرىمنى يۆتكەپ سىرتقا يۈگۈردۈم.

— ناشتا قىلمامسىز، — ئاشخانىدا چاي تەييارلىقىنى قىلى-ۋاتقان ئايالىم كەينىمدىن ۋارقىراپ قالدى.

— بولدى، ئىشقا كېچىكىپ قالىمەن.

مەن بايىقى جايغا يېتىپ كەلسەم دورا ئېلىۋاتقان ئىككى ئادەم سۇلياۋ خالتىغا بەس - بەستە هېلىقى دانىچە دورىلارنى

سىلىۋىتىپتۇ. مەن كىلىپلا ئۇلارنىڭ يېنىغا زوڭزايدىمدۇ، تېۋىپتىن خالتا سوراپ قولۇمنى تەڭلىدىمىۇ، داڭ قېتىپ قال-دىم. چۈنكى بايىقى ئەر تېۋىپنىڭ ئورنىدا ھىلىقى بەش كىلو دورا ئالىمەن، دەپ سودىلاشقان ئايال خېرىدار ئولتۇراتتى. مەن شۇئان خالتىغا ئالدىراش دورا قاچىلاۋاتقان ئىككى خېرىدارغا قارىدىم. ئۇلارنىڭ بىرى دەل ھىلىقى تېۋىپ بولۇپ، ئۇ ئۆزى تاللىغان دورىلارنى خالتىغا قاچىلىغاچ بۇ دورىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ قان قويۇقلۇقتىن قۇتۇلغانلىقىنى يېنىدىكى كە-شىگە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

گۇزەلنۇر مۇتەللىپ

# خوش قال، چولپىنىم

— غەيرەت، سىزگە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتاي، سىز يازغان ئىلمىي ماقالە مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ. مۇكاپاتلاش يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلىدىكەن. دەرھال تەييارلىقىڭىزنى پۇتتۇرۇپ ئەتە ئەتىگەندە باش شىركەت ئالدىغا بېرىڭ. باش شىركەتتىن بىۋاستە ئېلىپ بارىدۇ، — ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ سۆزى مېنى چەكسىز شادلاندۇردى. ئون بەش يىل نېفىتلىك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بارلىقىمنى تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلىدىم. مانا ئاخىر مېنىڭ ماقالەم دەرىجىگە ئېرىشىپتۇ، ئەڭ مۇھىمى باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپتۇ. مەن دەرھال رەسمىيەتلىرىمنى بېجىرىپ ئۆيگە قايتتىم. خۇش خەۋەرنى مېنىڭ ئۇچۇن بارلىقىنى بېغىشلىغان ئايالىمغا يەتكۈزەي دەيمەن.

— زۇمرەت، ھەي زۇمرەت، — مەن ئىشىكتىنلا ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ كىردىم.

— نېمە بولدى، ئالتۇن تېپىۋالدىڭىزمۇ؟ خۇشاللىقتىن ئاغزىڭىزنى يۇمالماي قاپسىزغۇ؟ — پەشتامىنى تارتىپ، كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتقان زۇمرەت ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى.

— قاراڭ زۇمرەت، بۇگۈن مەن ئالتۇن تېپىۋالغاندىنمۇ بەكرەك خۇشال، نېمىشقىلىكىنى بىلەمسىز؟ چۈنكى مېنىڭ ماقالەم نەتىجىگە ئېرىشىپتۇ، مەن ئەتە بېيجىڭغا مۇكاپات قوبۇل

قىلغىلى بارىمەن، ئەجرىمىز بىكارغا كەتمەپتۇ.
— مۇبارەك بولسۇن، سىز ئاخىر ئۆتۈق قارىسىڭىز، ئۇنىڭ چېھرىنى كۈلكە قاپلىدى.
— ياق، بىز ئۆتۈق قازاندۇق. ئەگەر سىز پۈتكۈل ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىپ، باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ماڭا شارائىت يارىتىپ بەرمىگەن بولسىڭىز، مەنمۇ بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلىشالمىغان بولاتتىم. رەھمەت سىزگە! — مەن ئۇنى ئىختىيارسىز باغرىمغا باستىم.
— قېنى ئولتۇرۇڭ، مەن سىزگە ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ بېرەي، ياخشىراق تەبرىكلەيلى! — زۆمرەت ئاشخانا ئۆيگە ماڭماقچى بولدى.
— بولدى زۆمرەت. تاماق ئەتمەڭ، باللار مەكتەپتىن كەلگەندە ئاشخانىغا بېرىپ ئوبدان تەبرىكلەيلى! خۇشاللىقتا ئۇلارمۇ جور بولسۇن، — دېدىم مەن ئۇنى توختىتىپ.
— توۋا، قاراڭ ماۋۇ كاللامنى، بۇ ئىشنى ئويلىمىغىنىمىنى، سىز ئەتە ماڭىدىغان تۇرسىڭىز، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك ـ دە! — دېدى زۆمرەت پېشانىسىگە يېنىك ئۇرۇپ.
— بولۇڭە، كىيىمىڭىزنى تېزرەك ئالماشتۇرۇپ پەسكە چۈشۈڭ، مەن ماشىنىنى قوزغاتقاچ تۇراي، بۈگۈن باللارنى ئىككىمىز بىللە بېرىپ مەكتەپتىن ئالايلى، ئۇلارنى بىر خۇش قىلىۋېتەيلى!
— بولىدۇ، بۇ ياخشى مەسلىھەت بولدى. بۇ سىزنىڭ بىرىنچى قېتىم مەكتەپكە باللارنى ئالغىلى بېرىشىڭىز. ئۇلار چوقۇم خۇش بولىدۇ، — زۆمرەتنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.

* * *

ئەتىگەن سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇۋالدىم، كىچىك ھېلى

ئۇنى، ھېلى بۇنى خىيال قىلىپ تۇزۇك ئۇخلىيالمىدىم. خۇشال-لىقىمنى قانداق قىلىپمۇ ئىچىمگە سىغدۇرالمايۋاتاتتىم.

شۇنداق قىلىپ سەپىرىمىز باشلاندى. ئۇرۇمچى ئايرودرومى-دا بىز قالغان سەپداشلار بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بول-دۇق، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇستىگە ئەتلەس كۆڭلەك، بېشىغا ئاق شلەپە كىيىۋالغان، بوي - تۇرقى كېلىشكەن بىر قىزنى كۆرۈپ ھوشۇمنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدىم.

— سىز ...، — ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم.

— مېنى بىرسىگە ئوخشىتىپ قاپسىز - دە، — قىز ماڭا قاراپ كۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن كۆڭلۈم سەل ئارامىغا چۈشتى.

— توغرا، بەكلا ئوخشايدىكەنسىز، توۋا دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ئوخشىغان بارمۇ، — ئۇنۇم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى.

— كىمگە ئوخشاتتىڭىز، سىزمۇ ئاچامغا ئوخشىتىپ قالمى-غانسىز؟ — دېدى قىز ماڭا نەزەر تاشلاپ.

— ئاچىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ — سورىدىم مەن جىددىي تەلەپپۇزدا.

— چولپان.

— نېمە، چولپان سىزنىڭ ئاچىڭىزمۇ؟ — تىلىم كالۋالى-شىپ گەپلىرىممۇ قولاشماي قالدى. قارىمامدىغان، تەقدىرنىڭ چاقچاقلىرىنىڭ رەھىمسىزلىكىگە.

— توغرا، بىز ئاچا - سىڭىل بەكلا ئوخشىشىمىز، شۇڭا نۇرغۇن ئادەملەر بىزنى ئالماشتۇرۇپ قويغىلى تاس قالىدۇ. نېمە، ئاچامنى تونۇيدىغان ئوخشىمامسىز؟ — ئۇ ماڭا تېخىمۇ نەزەر تاشلاشقا باشلىدى.

— شۇنداق، بىز ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلاردىن.

— مۇنداق دەڭ، — قىزنىڭ ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپ كەت-تى.

— ئاچىڭىز ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟ — سورىدىم مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ.

— ئاچام ئىككى يىل ئىلگىرى قاتناش ھادىسىسىدە تۈگەپ كەتكەن، سىز بىلمەيدىكەنسىز ـ دە، — قىز كۆزىگە ياش ئالدى.

— نېمە دەيدىغانسىز؟ ئاچىڭىز چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟ — يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپسىلىپ قالغاندەك، نەپەسلىرىم ئىتتىكلىشىپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى.

— شۇنداق، ئاچام ئىككى يىل بۇرۇن شۇ يەردە قازا قىلدى، سىز ئاچام بىلەن خېلى يېقىن ئىكەنسىز ـ دە، — سورىدى قىز جىددىيلەشكەن قىياپىتىمگە قاراپ.

— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ، — مەن ئارانلا جاۋاب بەردىم.

— ھوي، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ سىزنى ئولتۇرۇڭ دېمەپتىمىنا، كېلىڭ، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى! — مەن گېپىمنى ۋاقتىنچە يۆتكەشكە تىرىشاتتىم، چۈنكى مېنىڭ ھازىرقى كەيپىياتىم تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى.

— رەھمەت سىزگە، — قىز يېنىمدىن ئورۇن ئالدى.

— سىز ئاچام بىلەن ساۋاقداش بولسىڭىز، ئاچام بىلەن غەيرەتنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇ؟ — ئۇنىڭ سوئالىغا نېمدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. راستىنى سۆزلەيمۇ، يالغانىمۇ؟ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئەڭ تەس سوئالغا دۇچ كېلىۋاتاتتىم، ئويلاپ باقسام ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىمۇ بۇنداق جىددىيلەشمىگەنىكەنمەن، جىددىيلەشكىنىمدىن پېشانەمدىن تەر چىقىپ كەتتى.

— سىز دېگەن ئۇ ئىشلاردىن ئانچە ـ مۇنچە خەۋىرىم بار، — مەن قىسقىلا جاۋاب بەردىم. يالغان سۆزلىگەچكىمۇ يۈزۈم دەرھاللا ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى. قىز يەنە قانداق سوئاللارنى سورار، راستىنلا جاۋاب بەرگۈم يوق، پەقەت جىمجىت ئولتۇرغۇم بار.

— ماھىرە! — قارشى تەرەپتىن بىزگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر قىزنىڭ ياڭراق ئاۋازى بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى ئۈزۈۋەتتى.

— ئەجەب بالدۇر كەپسەنغۇ ئاداش، يۈرە ئاياقتا بىرىپ پاراڭلاشقاچ ئولتۇرايلى، — قىزچاق ماھىرەنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ ماڭدى. مەنمۇ ئاز ـ تولا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم. مېڭەم بەكلا ئاغرىپ، ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. مەن چىرايىمغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتۈپ ھېچنېمە بولمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا تىرىشاتتىم. تەقدىر دائىم مۇشۇنداق چاقچاقلارنى قىلىپ، بەندىلىرىنى ئازابلايدىكەن، مەن ئۇنىڭ ياشىشىنى، بەختلىك بولۇشىنى نەقەدەر ئۈمىد قىلاتتىم ـ ھە! دەل شۇ ۋەجىدىن مەن ئۇنى ئىزدىمىدىم، شۇنچە يىل ئازابلىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ كەلگەنىدىم.

— يولداشلار، ئايروپىلانغا چىقىڭلار! — يېتەكچىمىزنىڭ ئاۋازى مېنى سەگىتتى.

— ئەكېلىڭ، چامادىنىڭىزنى مەن كۆتۈرەي! — مەن ماھىرەنىڭ قولىدىكى چامادانىنى ئالدىم، ئۇنىڭدىن نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بەلكىم ئۇنىڭدىن بەزىبىر رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغۇم باردۇر.

— سىزنى ئەجەب ئاۋارە قىلدىم، — ماھىرە ماڭا تەكەللۇپ قىلىشقا باشلىدى.

— نېمە ئاۋارىچىلىك دەيسىز، بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم، — دېدىم مەن ئازابلىق كۆزۈمنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

— ھا ـ ھا...، — ماھىرە بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — مەن گويا بىرەر يېرىم بىنورمال ھالەتتە تۇرغاندەك ئەنسىزلىك بىلەن ھەممە يېرىمگە بىر قۇر قاراپ چىقتىم. ماھىرە مېنىڭ بۇ قىلىقىمغا قاراپ تېخىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىگە كۈلۈۋاتقىنىمنى بىلەمسىز؟ بىز تونۇشقىلى بىر سائەت بولاي دەپتۇ، تا ھازىرغىچە بىر - بىرىمىزنىڭ ئىسمىنىمۇ سوراشماپتۇق. خۇددى غەربلىكلەرگە ئوخشاش دەڭگە! — ماھىرە كۈلكىسىنى ئاران بېسىۋالدى.

— ئىسمىم غەيرەت، — مەن ئىسمىمنىڭ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

— نېمە، سىزنىڭ ئىسمىڭىزمۇ غەيرەتكەن - دە. قارىماممدىغان بۇ ئىشلارنى، — ماھىرە ئىچىدە بىر نېمىلەرنى غودۇڭشىپ قويدى. ئارقىدىنلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— مېنىڭ ئىسمىم ماھىرە، سەپىرىمىز ئۇزۇن، ياردەمدە بولارسىز، — ماھىرە تولىمۇ ئوچۇقلۇق بىلەن ماڭا قولىنى ئۇزاتتى. مەن خۇددى تارتىنچاق قىزلاردەك تەمتىرەپ، ماھىرەگە قولۇمنى بەردىم. ماھىرەنىڭ چىرايى ئاچىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىسىمۇ، بىراق خاراكتېرى ئازراقمۇ ئوخشاشمايتتى. چولپان ناز اكەتلىك، تارتىنچاق، كىچىككىنە قۇرتتىنىمۇ قورقىدىغان قورقۇنچاق، بىر كىشىگە ئالدىراپ سۆز قىلمايدىغان، ئېغىر، تەمكىن قىز ئىدى. ماھىرە بولسا ۋۇجۇدىدىن ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان شوخ، تېتىك قىز ئىدى. ماھىرەدىكى جۇرئەتنىڭ ئوتتۇز پىرسەنتى چولپاندا بولغان بولسا ئىشلار بۆگۈنكىدەك بولمىغان بولاتتى، بىز بەخت ئىچىدە كۈلگەن بولاتتۇق.

بىزنى ئېلىپ ماڭغان ئايروپىلان ئاستا - ئاستا ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. مەن تۆۋەنگە باقتىم، يېشىللىققا پۈركەنگەن بۇ زېمىن ماڭا شۇنچە گۈزەل كۆرۈندى. دەريالار، تاغلار، يايلاقلار، كاچالكىلار قول پۇلاڭلىتىپ بىزنى ئۇزىتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئېھ، ئانا تۇپراق، سەن نەقەدەر گۈزەل - ھە! سېنىڭ پەرزەنتىڭ بولۇش مېنىڭ بەختىم. ئاھ، كاچالكىلار، ۋىشكىلار سىلەرنى قانچىلىك سۆيىدىغىنىمنى بىلەمدىغانسىلەر، سىلەر بىلىسىلەر، سىلەر بىلگەچكە مەن سىلەر بىلەن جانجىگەر ئاغىنە بولۇپ،

بۇگۈنكى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردۈم، سىلەر مېنىڭ تۇغقىنىم، سىلەر مېنىڭ كۆلبەم. مەن ئۇلارغا قاراپ ئاستا قول پۇلاڭلاتتىم. ئۇلار ماڭا قاراپ كۈلگەندەك بولدى. مەن ئۇلارغا قارىغىنىمچە ئىختىيارسىز خىيالغا پاتتىم. قوم بارخانلىرى ئىچىدە چولپاننى كۆرگەندەك بولدۇم، چولپان يەنىلا شۇنچە گۈزەل ئىدى. قاپقارا سومبۇل چاچلىرى شامالدا يەلپۈنەتتى، يۈگۈرۈپ كېلىپ بويىنۇمغا گىرە سالاتتى، مەن يۇلغۇندىن گۈل تىزىپ چولپانغا سۇناتتىم، چولپان قاقاقلاپ كۈلگىنىچە چۆرگىلەپ ئۇسسۇلغا چۈشەتتى، يۇلغۇنلارنى مەڭزىگە ياقاتتى، چولپان ماڭا ئوخشاشلا يۇلغۇنلارنى سۆيەتتى.

«سىز تۇرغان بۇ ماكان ماڭا بەك گۈزەل كۆرۈنىدۇ، مەنمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ سىز بىلەن ئىشلەيمەن» چولپان كەڭ كەتكەن قۇملۇقتىكى ۋىشكىلارغا قاراپ سۆيۈنۈپ كېتەتتى.

چولپان ئىككىمىزنى ساۋاقداش دېگەندىن كۆرە مەكتەپداش دېسەك ئەڭ توغرا بولىدۇ. توغرا، ئىككىمىز بىر مەكتەپتە ئوقۇغان. چولپان ماڭا كۆپ ياردەملەرنى قىلغان. شۇ يىلى يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاشقا فاكۇلتېتتىن مېنى ئورۇنلاشتۇردى. يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتاتتى. بىز ھەربىر ئوقۇغۇچىنى تىزىملاپ، ياتاقلىرىغا ئورۇنلاشتۇراتتۇق. مەكتىپىمىزنىڭ مۇھىتىنى، كەلگۈسى ئىستىقبالىنى تونۇشتۇرۇپ يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى روھىي جەھەتتىن خاتىرجەملەندۈردۇق.

بىز ئاخىر بىر كۈنلۈك خىزمەتلەرنى تاماملاپ، ئۈستەل - ئورۇندۇقلارنى يىغىشتۇرماقچى بولۇپ تۇراتتۇق، بىر قىز يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى.

— ئاكا، مېنىمۇ تىزىملىۋەتكەن بولساڭلار!

— ئالدىرىماڭ، ئىسمىڭىز نېمە؟ — مەن قىزنىڭ تەر

www.uyghurkitap.com

تەپچىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ سوئالىمنى باشلىۋېتتىم.

— چولپان، — قىز تارتىنىپراق جاۋاب بەردى.

— نەرسە - كېرەكلىرىڭىز قېنى؟ — سورىدىم مەن قىزنىڭ قۇرۇق قول ھالىتىگە قاراپ.

— ھە، مېنىڭ نەرسىلىرىم يوق، مەن ياتاقتا ياتمايمەن، مېنىڭ ئۆيۈم مۇشۇ يەردە، — دېدى قىز ئەدەپ بىلەن.

تىزىملاش بىر دەمدىلا ئاخىرلاشتى. قىز بىزگە رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى. قىزنىڭ بۇلاقتەك يوغان كۆزلىرى، مودېللارغا خاس قامىتى، يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرى قەلبىمدە باشقىچە تۇيغۇ پەيدا قىلدى. بۇ قىزدىن ئايرىلغۇم كەلمەي قېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپلا قالدىم. قىسقىسى، مەن ئۇنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، ئۇنىڭ ئاۋازىچۇ تېخى، ئۇنىڭ ئاۋازىغا قىزلارغا خاس نازاكەت مۇجەسسەملەنگەنىدى.

«ھەي، غەيرەت، ئۆزۈڭنى بىل، سەن كىم، ئۇ كىم؟ ئۇ دېگەن مەركىزىي شەھەردە ئۆيىناپ - كۈلۈپ چوڭ بولغان شەھەر قىزى، سەن بولساڭ كالا بېقىپ، سۇ توشۇپ، كەتمەن چېپىپ، يەر تېرىپ چوڭ بولغان سەھرا بالىسى. ئۇ سېنى يارىتاتتىمۇ؟ شۇ خىيال بىلەن ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. ئەمما كۆڭۈل قاچان ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە بېقىپ باققان دەيسىز؟

يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلاندى. مەكتىپىمىزنىڭ تۈزۈمى قاتتىق، دەرسلەرنىڭ بېسىمى ئېغىر بولغاچقا، بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىلا شۇنچە ئالدىراش كۆرۈنەتتى. چولپانمۇ شۇلار قاتارى ئالدىراش يۈرەتتى. مېنى كۆرسە ئالاھىدە سالام قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالاتتىم، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ باشقا شەھەر قىزلىرىدەك تەكەببۇر ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم، ئۇزاق ئۆتمەي بەش ۋاراقنى سۆيگۈ ئىزھارىغا تولدۇرۇپ، ئۇنىڭغا خەت يازدىم.

ئۇ چاغلاردا مۇھەببەتنى شۇنداق ئىزھار قىلاتتى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇمۇ ماڭا بىر پارچە خەت قايتۇردى. ئۇنىڭ خېتى مېنى نەچچە كېچە ئۇيقۇدىن قالدۇردى، خۇشاللىقتىن كۆزۈم يۇمۇلماي قالدى. ئۇ مېنى ئۇمۇرلۇك جورىسى قىلىپ تاللىغانىدى.

شۇنداق قىلىپ بىز يۇرۇپ قالدۇق، بىز مەيلى ئۆگىنىش ياكى تۇرمۇشتا بولسۇن بىر ـ بىرىمىزگە يار ـ يۆلەك ئىدۇق. مەن تۇنجى قېتىم بۇ شەھەردە ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم، بىز بىللە ئۆگىنىش قىلاتتۇق. بىللە تاماق يەيتـ تۇق، بەزى چاغلاردا ئۇ ئۆيىدىن تاماق ئالغاچ كېلەتتى، بىز بىرلىكتە كەلگۈسىمىز ھەققىدە چەكسىز خىياللارغا پاتاتتۇق.

كۈنلەر ۋاقىت ئاتقان ئوق، دەپ توغرا ئېيتقانىكەن. بىزگە شېرىن مۇھەببەت ئاتا قىلغان ئالىي مەكتەپ ھاياتى تېزلا ئاخىرـ لاشتى. مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ نېفىتلىكىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە خىزمەتكە چۈشتۈم. ئالتۇن بولاقلاردىن فونتان ئېتىلىپ چىققاندا خۇشاللىقتىن سەكرەپ كېتەتتىم. ئادەمزات ئايىغى كۆپ تەگمەيـ دىغان بۇ خىلۋەت ماكاندا ئولتۇرۇپ، چولپانغا خەت يازاتتىم، بۇ يەردىكى ھەربىر ئۆزگىرىشتىن ئۇنى خەۋەردار قىلاتتىم.

— غەيرەت، مەنمۇ سىز ئىشلىگەن، سىزگە شۇنچە كۆپ خۇشاللىق ئاتا قىلغان شۇ ماكاننى كۆرۈپ باقايچۇ؟ — دېدى چولپان ئۇنى كۆرگىلى بارغىنىمدا بوينۇمغا گىرە سېلىپ.

— بولىدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ ئىنچىكە بەللىرىدىن قۇچاقلاپ.

— بۇ يەر نېمىدېگەن خىلۋەت ـ ھە! بۇ يەردە ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئېچىلىپلا كېتىدىكەن. قاراڭ، ئاۋۇ قومۇشلارنى، ئاۋۇ يۇلغۇنلارنى، ھە راست، ئاۋۇ كاچالكىلار بىزگە سالام بېرىۋاتامدۇ، نېمە؟ — ئۇ قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى.

— شۇنداق، سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى قارشى ئېلىۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش گۈزەللەرگە ئامراق، — مەن ئۇنىڭ كۈلى كىشىگە ھەمدەم بولاتتىم.

— نېمە، سىز گۈزەللەرنىڭ ھەممىسىگە ئامراقمۇ؟ — ئۇ دومسىيىپ قالاتتى.

— ياقەي، پەقەت سىزگىلا ئامراق، — مەن ئۇنىڭ نازۇك قوللىرىنى ئاستا تارتتىم.

— مەندىن باشقا ھەرقانداق گۈزەلنى سۆيمەسلىككە قەسەم بېرىڭ، — ئۇ ئوتلۇق كۆزىنى ماڭا تىكەتتى. بۇ چاغدا ئۇ بەكمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كېتەتتى.

— بولىدۇ، قەسەم بېرەي، — مەن قەسەم بېرىشكە باشلايتتىم، ئۇ يۇگۇرۇپ كېلىپ ئۆزىنى باغرىمغا ئاتاتتى، قوڭ بارخانلىرى بىزگە قاراپ كۈلگەندەك قىلاتتى.

— مەنمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ سىز بىلەن بىللە ئىشلەيمەن، — دەيتتى ئۇ ھەر قېتىم يېنىمغا كەلگىنىدە، مەن باش لىڭشىتىپ رازىمەنلىكىمنى ئىپادىلەيتتىم.

شۇنداق قىلىپ ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. چولپاننىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشىگىمۇ ئازلا قالغانىدى. مەكتەپنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا ئىككىمىز بىرلىككە كېلىپ ئىلتىماس قىلساقلا مەكتەپ بىزنى بىر يۇرتقا بۆلۈپ قوياتتى، ئەمما بۇنىڭ ئۇچۇن چوقۇم ئىككىمىزنىڭ ئىشىدىن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى خەۋەردار قىلىشىمىز كېرەك ئىدى.

— مەن ئۆيدىكىلەرگە دەي، ئاندىن سىزنى كۆرۈشتۈرەي، — دېدى بىر كۈنى ئۇ مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ. مەن باش لىڭشىتتىم، ئۇ ئۆيىگە كەتتى. مەن ئۇنىڭ خەۋىرىنى كۈتتۇم، ئارىدىن تۆت - بەش سائەت ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭدىن خەۋەر كەلمىدى، قاپىقىم تارتىپ، يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. مەن ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتىم.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

زېمىن تۈن پەردىسىنى تارتتى، يىراقتىن بىر كۆلەڭگە كۆرۈندى، ئۇ چولپان ئىدى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغان بولۇپ، چىرايىدىن غەم - قايغۇ تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — مەن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم.

— غەيرەت! — ئۇ ماڭا ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى كىشى قەلبىنى ئۆرتەندۈرەتتى.

— ئالدىرىماي سۆزلەڭ! — مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولاتتىم، كۆڭلۈم بىر كېلىشمەسلىكنى تۇيۇپ تۇراتتى.

— غەيرەت، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر مېنىڭ سىز بىلەن بىرگە بېرىپ ئىشلىشىمگە قارشى ئىكەن. دادامنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار ماڭا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان خىزمەت تېپىپ قويۇپتۇ.

— ئۇنداقتا، ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى ئېيتتىڭىزمۇ؟ — سورىدىم مەن جىددىيلىشىپ.

— ئېيتمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ ئۇلار مېنى سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمدىن دەرھال قول ئۈزۈشۈمنى ئېيتتى، مەن يىغلاپ يالۋۇرساممۇ ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قويمىدى، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، نېفىتلىكتە ئىشلەش، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ئىشلەشى بەكمۇ جاپالىق ئىكەن. بالدۇر قايتقانلىرى يىگىرمە كۈندە، بولمىسا بىرنەچچە ئايدا ئاران دېگەندە ئۆيگە قايتالايدىكەن، ھەتتا ئەر - خوتۇن بىر - بىرىنى كۆرەلمەي ئىككى يەردە ئىشلەپ يۈرىدىغان ئىشلارمۇ كۆپ ئىكەن. شۇڭا ئۇلار مېنىڭ ئۇنداق جاپا تارتىشىمنى خالىمايدىكەن، مەن ئۇ خىل جاپادىن قورقمايدىغانلىقىمنى، سىزنىڭ مېنىڭ ئەڭ زور بەختىم ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم، ئەمما ئۇلار قوشۇلمىدى، — ئۇ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى. مېنىڭ قەلبىم ئۈنسىز ياش تۆكەتتى.

— ئالدىرىماڭ، بىز مۇئەللىملەردىن بىرەرسىنى ئۆيىڭىزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

كىرگۈزۈپ باقايلى، ئۇلار دەپ باقسۇن، بەلكىم ئۇلار قايىل قىلىپ قالار، — مەن ئاخىر چولپاننىڭ يىغىسىنى ئۇختاتسام، ئۇ مېنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى...

*     *     *

— غەيرەت ئاكا، نېمە خىيال قىلىۋاتىسىز؟ — ماھىرەنىڭ ئاۋازى مېنى خىيال دەرياسىدىن تارتىپ چىقتى.

— ھېچنېمە خىيال قىلمىدىم، — دېدىم مەن سوئاللاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ.

— سىزگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرغىنىمغا خېلى ئۇزاق بولدى، قارىسام دېرىزە سىرتىغا تىكىلىپ ئۇزاق خىيالغا كەتتىڭىز، شۇڭا بىراقلا خىيال دېڭىزىغا چۆكۈپ كەتمىسۇن دەپ ئويغاتقىلى كەلدىم، — ئۇ ھەم ئوماق، ھەم شوخ ئىدى.

— ئويغاتقىنىڭىز ياخشى بولدى، — دېدىم مەن يالغاندىنلا، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ خىياللىرىمنى بۆلۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىچىمدە ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى.

— ھە، راست، ئاچىڭىزنىڭ بالىلىرى ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ — مېنىڭ يەنىلا چولپاننىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ باققۇم كېلىۋاتاتتى.

— نېمە، سىز بىلمەمسىز؟ ئاچام توي قىلىپ باقمىغان، — ئۇنىڭ سەل كۆڭلى بۇزۇلدى.

— نېمىشقا ئەمدى، — مەن ھەممىنى بىلسەم دەيتتىم.

— سۆزلىسەم گەپ تولا، ئاچام بۇرۇن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىدا غەيرەت ئىسىملىك بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىپتىكەن. ئۇلار توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ شۇنداق ياخشى ئۆتۈپتىكەن. كېيىن ئۇ بالا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بىر جاڭگاللىقتا بۇرغىلاش ئەترىتىگە خىزمەتكە بۆلۈنۈپتۇ. ئاچامۇ شۇ يەرگە باراي دەپ

ئويلىغانىكەن، بىراق بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر قەتئىي قوشۇلماپتۇ. قىسقىسى، ئاچام تاپقان ئۇ يىگىتنىڭ خىزمىتىنى ياقتۇرماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئامالسىز ئايرىلىپ كېتىپتۇ، ئاچام ئۇ يىگىتنى بەكلا ياخشى كۆرسە كېرەك، ئىزچىل توي قىلماي بويتاق ئۆتتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ گەپلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرىپ قويمىدى، ئۆيدىكىلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنتۇپ كېتىشنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، ئاچام پەقەت ئۇنتۇيالمىدى، بارغانسېرى كەم سۆز بولۇپ كەتتى. ئارىدىن بىر يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆيىمىزدىكىلەر ئەھۋالنىڭ ئوڭشالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاچامنى ئۆز ئىختىيارىغا قويغانىدى. لېكىن ئۇ چاغدا ئۇ يىگىت توي قىلىپ بولغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتتى ھەم كېيىن چەت ئەلدە ئوقۇپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى، ئەمما نېمىشقىكىن ئىزچىل توي قىلمىدى. ئېھتىمال، شۇ ۋاپاسىز يىگىتنى ئۇنتۇيالمىغان بولسا كېرەك. ئۆمۈرنى چۈشكۈنلۈك ئىچىدە ئۆتكۈزدى ··· مەن ئۇ يىگىتنىڭ ئىككى يىلمۇ ساقلىيالمىغىنىغا نەپرەتلىنىمەن، — ماھىرەنىڭ ياشقا تولغان كۆزىدە نەپرەت ئەكس ئەتتى، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولاشتى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. ئەجەبا، مەن خاتالاشتىممۇ؟ ئۇنى شۇنچە سۆيگەن تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئۇنى ساقلىيالمىدىم، شۇنچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئىشلارغا بىر نېمە دېمەك تەس ئىكەن. تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ، خىيالىم يەنە ئۆتمۈشكە قايتتى.

* * *

بىز ئارىغا قويغان مۇئەللىملەر قۇرۇق قول قايتىپ چىقتى. چولپان ئائىلىدە بەند قىلىندى، ئۇنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈشى چەكلەندى.

— كەچۈرۈڭ، غەيرەت، ئاتا ـ ئانامنىڭ بۇنچىلىك ئاڭسىزلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. مەن ئامالسىز قالدىم، — ئۇ مۈرەمگە ئاخىرقى قېتىم بېشىنى قويۇپ ئۆكسۈپ يىغلىدى، مەنمۇ ياش تۆكتۇم، بىز ھەسرەت ئىلكىدە بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. ئامال قانچە؟ مېنىڭ بۇرغىلاش خىزمەتچىسى ئىكەنلىكىمدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت مەڭگۈ ئۆزگەرمەيتتى.

مەن نېمىشقا توي قىلدىم. بىز ئايرىلغان بولساقمۇ، ئەمما چولپان مېنىڭ يادىمدىن بىر مىنۇتمۇ يىراق بولمىدى، شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاپامنىڭ جىددىي تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ خېتىدە مېنىڭ جىددىي كېلىپ كېتىشىمنى ئېيتقاندى، مەن ئاپامنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ دەرھال يولغا چىقتىم، ئۆيگە بېرىپ ئاپامنى ساق ـ سالامەت كۆرۈپ بەكمۇ خوش بولدۇم.

— ساق ـ سالامەت، ئوبدان تۇرۇپسەن بالام، ھەرقاچان نېمە ئىشقا چاقىرغىنىمنى بىلگۈڭ باردۇر؟ — ئاپامنىڭ سوئالىغا يېنىك باش لىڭشىتىپلا جاۋاب بەردىم.

— سەۋەبى، سەن خىزمەتكە چىققىلىمۇ ئىككى يىل بولدى. يېشىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. شۇڭا توي ئىشىڭنى مەسلىھەتلىشەيلى دەپ چاقىرتقان. قانداق بالام، تاپقان لايىقىڭ بارمۇ؟ — ئاپامنىڭ سوئالىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەي قالدىم ـ دە، بېشىمنى چايقىدىم.

— ئۇنداق بولسا ياخشى، يېرىم يىل بۇرۇن مەھەللىمىزدە يەر تەۋرەپ ساۋۇراخۇننىڭ ئۆيىدىكىلەر يالغۇز قىزى زۇمرەتنى تاشلاپ قازا تاپتى، زۇمرەت ئوبدان چوڭ بولغان قىز، شۇڭا لايىقىڭ بولمىسا ساڭا چېتىپ قويايلى دېگەن. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن. قىز بالا يالغۇز تۇرسا تازا ياخشى بولمايدۇ، سېنىڭمۇ داداڭ يوق بالام، شۇڭا يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاپ قويايلى

دېگەن، — دېدى ئاپام ئېنىقلا. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم، بۇ ئۆمرۈمدە چولپانغا ئېرىشەلمىدىم، باشقا بىرسىنى سۆيۈشۈممۇ مۇمكىن ئەمەس. يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاشمۇ ساۋاب دېگەن ئوي بىلەن بۇ تويغا رازىلىق بەردىم. ئاپام دېگەندەك زۇمرەت ماڭا ئەسقاتتى، مەن ئۇنى ھۆرمەتلەپ كەلدىم، ئەمما قەلبىمدىن ئورۇن بېرەلمىدىم، چولپاننى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئۇنى قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلاپ كەلدىم، كېيىن باشقىلار ئارقىلىق ئۇنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم، ئۇنىڭغا بەخت تىلىدىم، لېكىن ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ بۇنداق بولۇشىنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟ ئۇ مېنىڭ توي قىلغانلىق خەۋىرىمنى ئاڭلىغاندا قانچىلىك ئازابلانغاندۇ - ھە! شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلۈم تېخىمۇ ئازابلاندى. ئۇنىڭ جاھىل ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېرىيدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، ئاسماندىن تاش ياغسىمۇ ئۇنى ساقلىماسمىدىم...

* * *

— مەنزىلگە كەلدۇق، ئايروپىلاندىن چۈشسەڭلار بولىدۇ، — يېتەكچىنىڭ ئاۋازى مېنى سەگىتتى. لېكىن مەن ئۇچۇن ھازىر ئورنۇمدىن تۇرۇشمۇ شۇنچە ئېغىر كېلىۋاتاتتى. ئەگەر چولپان مەن ئۈچۈن بىر كۈن تىرىلىپ بەرگەن بولسا ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويغان بولسام، نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە!

— غەيرەت ئاكا، يۈرۈڭ! — دېدى ماھىرە يەنە خىيالىمنى بۆلۈپ. ئۇ گويا ئىزچىل ماڭا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئېغىر قەدەملىرىمنى يۆتكەپ پەسكە چۈشتۇم، شۇ تاپتا مەندە ماڭغۇدەك مادارمۇ يوق ئىدى...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

*          *          *

ئايروپىلان كۆككە كۆتۈرۈلدى، ئۆزۈم كۆكتە، قەلبىم
ھەسرەتتە، ئالدىنقى رەتتىكى ماھىرە مەن ئۇچۇن چولپاننى توخ-
تىماي يادىمغا سالاتتى. كۆزۈمنى يۇمسامىلا كۆز ئالدىمدا پەيدا
بولاتتى، يۈزۈمنى سىلايتتى، ماڭا ئېسىلىپ يىغلاتتى.

— نېمىشقا مېنى تاشلاپ كېتىسىز، غەيرەت! — ئۇ ماڭا
غەزەپ بىلەن تىكىلەتتى.

— ئۇنداق ئەمەس چولپان، ئۇنداق ئەمەس، — مەن جۆي-
لۈپ ئويغاندىم.

— غەيرەت ئاكا، سىزگە نېمە بولدى؟ — ماھىرە بېشىمدا
قاراپ تۇراتتى. نېمىلەرنى دېگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. پۈتۈن بەدى-
نىم چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنىدى، ماھىرە مەن-
دىن بىر نېمىلەرنى سوراي دېدىيۇ، توختاپ قالدى. مەنمۇ بۇ
سىرنى مەڭگۈ ئاشكارىلىماسلىقنى خىيال قىلدىم.

شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ سەپىرىمىزمۇ ئاخىرلاشتى. مەن
ئۈرۈمچىگە كېلىپ ماھىرە بىلەن خوشلاشتىم. دوستلىرىم ئارقى-
لىق چولپاننىڭ قەبرىسىنى تاپتىم، ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا
ئۇزاق- ئۇزاق سۈكۈت قىلىپ تۇردۇم، ئۇنى شۇنچە سېغىندىم.
ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يۇلغۇن چېچىكىنى ئۇنىڭ
قەبرىسىگە سەپتىم.

«خوش قال، چولپىنىم، مېنىڭ يېتەلمىگەن ئارمىنىم،
مەن سېنى پات - پات يوقلاپ تۇرىمەن، قەبرەڭگە يۇلغۇن چېچە-
كىنى سېپىپ قويىمەن» مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ، قەبرىگە قايتا
قارىدىم، ئۇ يۇلغۇن چېچەكلىرىنى پۇراۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇ
ماڭا قاراپ تاتلىق بىر كۈلدى - دە، غايىب بولدى.

— غەيرەت ئاكا! — مەن ھودۇقۇش ئىلكىدە كەينىمگە
بۇرۇلدۇم. ماھىرە ماڭا قاراپ تۇراتتى.

ئوسمان قاۋۇل

# تەۋەررۇك

شەھەرنىڭ كىندىكىگە سېلىنغان يىگىرمە بىر قەۋەتلىك بى-
نادىن ئانامغا ئاتاپ سېتىۋالغان بىر يۈز بەش كۋادرات مېتىرلىق
ئۆيىمىز ئۆكتەبىر بايرىمىغا ئۈلگۈرۈپ بېزىلىپ بولدى. بىنانىڭ
كۈنگەي تەرىپىگە پۈتۈن ئەينەكلىك دېرىزە قويۇلغان ئون سەككى-
زىنچى قەۋەتتىكى بۇ ئۆيدىن شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات مەنزىرىسى-
نى، ھەتتا يىراقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى-
مۇ خېلى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

ئانام ئەتراپىدا چۇرقىرىشىپ يۈرگەن نەۋرىلىرىنىڭ خۇشال-
لىقىغا قاراپ بىر شادلانسا، يېڭى ئۆينىڭ قۇرۇلمىسى، بېزىلى-
شى، ئىشىك - دېرىزە، تازىلىق ئۆيلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇ-
شى، ئاشخانا تەكچىلىرىنىڭ ئېسىللىكىگە قاراپ ئون شادلىنات-
تى. ھېلىدىن - ھېلىغا «ئۇھ، ۋاي بالىلىرىم، مەن نېمىدېگەن
تەلەيلىك - ھە؟» دەپ زوقلىنىشىنى ئىپادىلەيتتى. بىز لىفتتا
غىرىلداپ پەسكە چۈشتۇق - دە، ئۆينىڭ دېرىزىسى تەرىپىگە
ئۆتۈپ ئون سەككىزىنچى قەۋەتكە يەنە بىر ھازا بويۇنداپ قارىشىپ
چۇرقىراشتۇق.

— يۈرۈڭلار ئەمدى، باشقا گەپنى ئۆيگە بېرىپ قىلى-
شايلى، — دېدى خوتۇنۇم بىزنى ئالدىرىتىپ. بىز مەسلىھەتنى
چوڭ ئۆيگە بېرىپ قىلىشىدىغان بولدۇق.

— ھە، نېمە مەسلىھەت قىلىمىز بالىلىرىم، — دېدى ئانام
ئۆيگە كىرىپ ھەممىمىز ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن.

— ئەمدى يېڭى ئۆي تەييار بولدى ئاپا، ئۆزى جانلىرىنى خۇالىك بازىرىدىن بۇيرۇتۇپ قويۇپ كەلدۇق، — دېدى خوتۇنۇم يېڭى دەملەنگەن چاي بىلەن بىر دەستە پىيالىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋېتىپ، — ئەتە ئۇ نەرسىلەر كەلسە ئۇدۇل ئاشۇ ئۆيگە ئاپىرىدۇ. شۇڭا بۇ ئۆيدىن نېمىنى ئېلىپ، نېمىنى تاشلايمىز، شۇنى دېيىشمەمدۇق.

— شۇنداق قىلايلى ئاپا، سەنمۇ بۇ نەرسىلەرنى بەك ئۇزۇن ئىشلىتىپ كەتتىڭ، — دېدىم مەن.

— چوڭ ئاپا، شۇنداق قىلايلى، يېڭى بولغاندىن كېيىن بىراقلا ھەممىسى يېڭى بولسۇن، — دېدى ئوغلۇم گەپ قىستۇرۇپ.

— ئۆينى ئۆزۈم تازىلاپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ بېرىمەن - ھە، چوڭ ئاپا، — قىزىممۇ چۇرۇلداپ ئۇلگۇردى.

— بىزمۇ كىلىمىز ئەتىگەنلىككە، — ئىنىمنىڭ ئىككى قىزى بىلەن ئاچامنىڭ ئۈچ ئوغلىمۇ ئاۋاز قوشتى.

— ئالدى بىلەن ئۆينى يىغىشتۇرۇپ كۆرەيلى - ھە، ئاندىن قانداق قىلىشنى بىرنەرسە دەرمىز، — ئانام شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىكى قولىغا چىققان نەرسىلەرنى تارتقۇشلۇشقا، ھەممەيلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، بىرەر - ئىككى سائەتكە قالمايلا بارلىق لاقا - لۇقىلار ئوتتۇرىغا دۆۋىلىنىپ بولدى.

— ۋاي، بۇ نېمە سېسىقچىلىق، — دەپ بىر قولىدا بۇرنىنى، بىر قولىدا ئېغىر تەتۈر خۇرۇم ئۆتۈكنىڭ قونچىنى جۇپلەپ كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى قىزىم چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ، — پۇف ... ف ...

— ئوھۇي، بۇ دادامنىڭ ئۆتۈكىغۇ، نەدىن تاپتىڭىز قىزىم؟ — مەن ئىتتىك بېرىپ ئۆتۈكنى قولۇمغا ئالدىم، — سېسىقچىلىق دېگۈدەك ئەمەسقۇ قىزىم، شۇ ئازراق كۆن پۇراپ قاپتۇ.

— ئەكەلگىنە بالام، ئۆتۈكنى! — دېدى ئانام ماڭا ئىتتىك قاراپ ئالدىرىغان هالدا، — هە، بۇنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا سېلىپ ساقلاۋاتقانىدىم، ئۇزۇن بوپتىكەن قولۇمغا ئالمىغىلى.

— تاشلىۋېتەيلىچۇ ئۇنى، ئۆينى سېسىق پۇراتماي، — دېدى ئوغلۇم ئالدىراپلا ئاغزى پەلەشلىك قىلىپ.

— نېمە؟! نېمىنى تاشلىۋېتىمىز بالام!؟

ئانام غاچچىدە ئوغلۇمغا قاراپ، كۆزلىرىدىن غەيرىي ئۇچقۇن چاچرىتىپ شۇنداق دېدى كەسكىن تەلەپپۇزدا، ئاندىن ماڭا قاراپ:

— بالام، هەممە نەرسىنى تاشلىۋەتسەكمۇ ئۆتۈكنى هەرگىز تاشلىۋەتكىلى بولمايدۇ، بۇنى ئوغلۇڭ ئۇقمامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاپا، خاپا بولماڭ، بىز دىققەت قىلماپتۇق، — خوتۇنۇم شۇنداق دېدى مەن ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە، ئاندىن ئوغلۇمنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئانامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇق.

— ئۇ دېگەن ئائىلىمىزنىڭ تەۋەررۇكى باللىرىم، هەرگىزمۇ سېسىق پۇرايدىغان ئاددىي نەرسە ئەمەس، داداڭلار ئۇ هەقتە سىلەرگە سۆزلەپ بەرمىگەن ئوخشىمامدۇ؟! — ئانامنىڭ سۆزلىرىدىن بىر قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى. مەن ئانامنىڭ قاراشلىرىدىن ئەينى چاغلاردىكى جاپالىق تۇرمۇش شارائىتىمىزنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

* * *

ئون ئۈچ - ئون تۆت ياش چاغلىرىم ئىدى. ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ تۇرمۇشىمىز كۈندىن - كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دادام بولسا تەتۈر جۇۋا، تەتۈر خۇرۇم ئۆتۈكنى كىيىپ، قۇلاقچىسىنى چىڭ چۆكۈرگەن هالدا بورىۋايغا

چىقىپ كەتسە بىرەر ـ ئىككى ئايدا ئاران بىرەر قېتىم ئۆيگە كېلەتتى. ئۆكىلىرىم ئۇششاق، ئانام كېسەلچان، مەن ئوغۇللىنىڭ چوڭى بولغاندىكىن، ئۆينىڭ ئېغىر ـ يېنىكىنى كۆتۈرىسەم بولمايتتى. شۇڭا بارا ـ بارا مەكتەپكە بېرىشتىنمۇ رايىم يېنىپ، بىچارە ئانامغا ئىچىم ئاغرىغان هالدا ئوقۇشتىن چېكىنىشنى ئوي-لاپ يۈرەتتىم. بىر كۈنى دادام بورىۋايدىن كەلدى. نەم تارتىپ تۇرغان ئۆيىمىز سوغۇق، دادامنىڭ ئۈستىدە يەنە شۇ جۇۋا، پۇتىدا تەتۈر خۇرۇم ئۆتۈك، قولاقچىسىنىڭ بىر قانىتى سالپى-يىپ قالغانىدى.

— ئەمدى ئوقۇمايمىكىن، — دېدىم مەن دادامغا قاراپ كۆزۈمنى مۆلدۈرلىتىپ، تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن.

— نېمىشقا ئوقۇمايسەن؟ — دېدى دادام هەيران قالغاندەك ماڭا تىكىلىپ.

— سەن ئۆيدە تۇرالمىساڭ، ئانام جاپا تارتىپ كېتى-ۋاتسا، — دېدىم ئاران ئاڭلانغۇدەك قىلىپ يەرگە قاراپ.

— قانداق ئوغۇل بالىسەن هەي، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ كۈنلىرىمىز جاپادا ئۆتسىمۇ، سەن چوقۇم ئوقۇمىساڭ بولمايدۇ! ئوقۇمايمەن دېگەن قانداق گەپ ـ هە؟ — ئانامنىڭ قاتتىق ئاچچى-قى كەلگەنلىكى ئاۋازىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— سەن ئوغۇللىرىمىزنىڭ چوڭى، ئۈمىد چىرىغىمىز، مەن يوق چاغدا ئائىلىمىزنىڭ هارۋىسىنى سەن قاياققا تارتساڭ شۇ ياققا ماڭىدۇ، سەن قەيسەر بولۇپ ئۆكىلىرىڭگە ئۈلگە بولمىساڭ قانداق بولىدۇ، بۇ كۈنلەرمۇ هامىنى ئۆتۈپ كېتىدۇ، چىداملىق بول-هە؟ — دېدى دادام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ. مەن دادامنىڭ مېھرىبانلىقىدىن، ئانامنىڭ چىداملىقلىقىدىن تەسىرلىنىپ يىغ-لىۋېتىشكە تاسلا قالدىم هەم شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇماسلىق توغ-رىسىدا قەتئىي ئېغىز ئاچماسلىق قارارىغا كەلدىم.

كۈنلەر بىر خىلدا ئۆتۈۋاتاتتى، ئوي ـ خىيالىم ئائىلىدە

بولغاچقا، ئوقۇش نەتىجەممۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. قىشنىڭ قىلىن قار ياغقان بىر كۈنى ئانام ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ كەلدى ـ دە، ئاچامغا بىر ئىشلارنى تاپىلاپ بىر بوپىنى تەييارلىدى ـ دە، مېنى يېتىلەپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. بىز گەپ ـ سۆز قىلىشماي ھۆمۈدىگەنچە دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدۇق.

دادام ھوشسىز ھالەتتە ئاپئاق كارىۋاتتا ياتاتتى. دوختۇر، سېسترالار ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ ھېلى يۈرەك سوقۇشىنى، ھېلى تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرسە، ھېلى ئاسما ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنىڭ ئېقىشىنى كۆزىتەتتى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي ھاڭۋېقىپلا قالغانىدىم. ياش پەردىلىرى توسۇۋالغان كۆزلىرىم بارا ـ بارا غۇۋالىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا كۆز ياشلىرىمنى يېڭىم بىلەن ئېرتقان ھالدا ئانامغا ئەگىشىپ قار دەسسەپ مەھەللىگە كېلىپ قاپتىمەن.

— دادامغا نېمە بوپتۇ، ئاپا؟ — دەپ سورىدى ئاچام بىز ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئەنسىزلىك بىلەن. ئانام كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلىغان ھالدا دادامنىڭ بورىۋاينى سۆرەپ يۆتكەيدىغان تراكتورنىڭ ئاستىدا قېلىپ جېنىدىن ئايرىلغىلى قىل قالغانلىقى، قاتتىق سوغۇق، قارلىق شىۋىرغاندا بەدەنلىرىنىڭ مۇزلاپ، ياردەمچى ئەترەت كەلگۈچە مۇزغا ئايلىنىپ قالغىلى تاس قالغانلىقى، قۇتقۇزۇشقا كەلگەنلەر مۇزغا ئايلىنىپ كەتكەن كىيىملىرىنى سالدۇرالماي كېسىپ ئاجراتقانلىقىنى، بولمىسا ئون نەچچە ئادەمنىڭ ئالىقاچان ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىنلىكى، دادامنىڭ ساق قېلىشىدا پۈتىنى بىر قەدەر ئىسسىق ساقلىغان تەتۈر خۇرۇم ئۆتۈكنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. بىز قاپقارا ماي، چويۈندەك ئېغىر ئۆتۈكنى توغرا تامنىڭ يېنىغا يۆلەپ قويۇپ دۈگدىيىشكەن ھالدا چاي ئىچىشكە تۇتۇندۇق.

بىر ئايدىن كېيىن دادام بالنىستىدىن چىقتى، لېكىن توختى-

www.uyghurkitap.com

ماي يۆتەلگەندى، بەلكىم ئۆپكىسى ئىششىپ كەتكەن بولسا كې-
رەك.

كېيىنكى چاغلاردا زامان ياخشىلىنىپ مەن ئالىي مەكتەپكە كەتتىم، دادامىمۇ شۇ ئىجىس كېسەلدىن ئۆرە بولالماي تۈگەپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئانام دادامدىن قالغان تەۋەررۇك ئۆتۈكنى تاشلىۋەتمەي ساقلاپ كەلگەندى.

*　　*　　*

— بالىلىرىم، سىلەر تاشلىۋېتەيلى دېگەن بۇ ئۆتۈك داداڭلار بىلەن ماڭا چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت، غەيرەت ـ شىجائەت ئاتا قىلىپ كەلدى، — دېدى ئانام خىيالىمنى بۆلۈپ، — مەن ئۇتتۇز يىلدىن بۇيان ئاشۇ كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە سىلەرنى قاتارغا قوشۇپ كېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭدا رەھمەتلىك چوڭ داداڭلارنىڭ روھى بار، ئۇ دائىم ماڭا مەدەت بېرىپ تۇرىدۇ، — بالىلار كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق نۇرلىرىنى ياغدۇرۇشقان ھالدا خۇددى بىر يېڭى بايلىق ھەققىدىكى ئۇچۇرنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئانامنىڭ سۆزىگە قۇلاق سې-لىپ قىڭغىر ـ قىيسىق ئولتۇرۇشاتتى. ماڭا شۇ تاپتا ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغىنى ئانامنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگەرمەس قەيسەر-لىك بولدى. كۆزلىرىدىن چاقناۋاتقان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى ئانامنى تېخىمۇ جەسۇر قىلىۋەتكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ بىز ئۆتۈكنى ساقلاپ قويىدىغان بولۇپ، دۇخاۋىغا چىرايلىق ئوراپ قويدۇق ـ دە، ئەتە يېڭى ئۆيگە يۆتكەي-دىغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدۇق.

# مۇكەممەل ئەر يوق

ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىغا ھەش - پەش دېگۇچە ئۇچ يىل بولاي دەپ قالدى. ئۆيىدە ھەممە نېمىسى تەل، ھەر ئىككىلىسىنىڭ خىزمىتى كۆڭۇلدىكىدەك ئىدى.

— ھەي شور پېشانەم، — دەيتتى ئايال مىجەزى سەل ئۆزگىرىپ قالسىلا ئېرىگە ئاچچىقلاپ، — سىزگە تېگىپ تۇرمۇشنىڭ ھېچبىر خۇۋلۇقىنى كۆرمىدىم.

— ۋاي نېمىگە قاقشايسەن، توققۇز ۇڭنى تەل قىلىپ بېرىۋاتىمەن، ھەر ئىككىمىز ساغلام تۇرۇۋاتىمىز، يەنە نېمىگە رازى ئەمەس سەن؟

— ئۇھ، سىزگە تەگكۇچە ئاۋۇ شوپۇر ماي چاپاندىن بىرىگە تەگكەن بولسامۇ قولۇم لوق - لوق پۇل كۆرەر بولغىيتتى.

— ھە-ە، شۇنداق قىلساڭ بولمامدۇ ئەمىسە، ئىنساپسىز، — ئەر شۇنداق دېگىنىچە تالاغا ماڭاتتى.

قاراڭغۇ چۇشتى، ناۋات رەڭ يىپەك ئۇخلاش كىيىمى بىلەن يېنىك يورغىلاپ يۇرۇپ پەردىلەرنى چۇشۇرگەن ئايال خۇش پۇراق فرانسىيە ئەتىرىنىڭ ھىدى بىلەن قوشۇلۇپ ئەرنىڭ قوينىغا كىردى.

— خاپا بولماڭ سۆيۇملۇكۇم، بەزىدە شۇ سىزگە ئەركىلەپ شۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى ...

— ئا ... بولدى قىلە، ئىككىمىز بەش يىل كۆيۇپ - پىشىپ توي قىلغان تۇرۇقلۇق بىلمەمدىم مەن سېنى، كېلە ئۇمىقىم.

ئۇلار مەھكەم چىرمىشىپ كەتتى.

* * *

ئۇلار بۇرۇتلىرى خەت تارتقان ئون ئالتە ياشلىق ئوغلى بىلەن قۇشقاچتەك چۇرۇلداپ تۇرىدىغان ئون ئىككى ياشلىق قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ ھارغۇچە بازار ئارىلىدى. ئالغان نەرسىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، تېز تاماقخانىغا كىرىپ ھاردۇقىنى چىقارغاچ غىزالانماقچى بولۇشتى، ئاشخانىنىڭ ئالدى ھەر خىل تىپتىكى پىكاپلار بىلەن تولغانىدى.

— ھەممىسى شەخسىي پىكاپلار، كۆردۈڭمۇ ئانىسى؟ — دېدى ئەر مەغرۇر كەيپىياتتا.

— خەقنىڭ پىكاپىنى كۆرۈپ كېرىلىپ كەتكىنىڭىزنى قاراڭ، سىزمۇ نوچى بولسىڭىز ئېلىپ بېقىڭە بىرنى، — دېدى ئايال قاپىقىنى يىمىرگەن ھالدا دوق قىلىپ.

— ئالسام ئالدىم ھوي، ئۇ قانچىلىك ئىشتى، شۇنىڭغىمۇ چالۋاقاش كېتەمدۇ؟

— بولدى دادا، سىز جىم تۇرۇڭە بىردەم، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى مېنىڭ.

قىزىنىڭ گېپى بىلەن ئارىدىكى دەتالاش ئۈزۈلۈپ قالدى، تاماقمۇ مەززىسىزلا يېيىلدى.

— ۋايىيەي، ئەجەب تويدۇم پىيادە مېڭىشتىن، سىزدەك دېۋانىگە ئەگىشىپ.

— ھوي، نېمە يىغىشتۇرمايسەن سېسىق گەپلىرىڭنى، ھېلى بىكار ما كوچىدا ...، — ئەر جەينىكى بىلەن خوتۇنىنىڭ ئېگىكىدىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ شۇنداق دېدى ھومايغان ھالدا.

— ۋاي - ۋۇي، بولدى قىلىڭلارچۇ، كوچىدا نومۇس قىلماي ...

ئوغلىنىڭ تەنبىھ ئارىلاش سۆزلىرى بىلەن ئۇلار جىمىپ قېلىشتى.



www.uyghurkitap.com

كەچتە ھەممەيلەن تېلېۋىزورغا تىكىلىپ خۇشال ھالدا كۈلۈ-
شۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

— باللارمۇ بىر چىرايلىق چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئەمدى ئۇلار-
نىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىپ، ئازراق ئىقتىساد جۇغلىساق
بولاتتى دادىسى، — دېدى ئايال ئېرىنىڭ ئالدىغا يېڭى دەملەنگەن
خۇش پۇراق چاينى قويۇۋېتىپ.

— پىكاپ ئالغامدۇق؟ — دەپ سورىدى ئەر تەئەددى ئارد-
لاش.

— ئوھۇش، نېمىمىز كەمتى دادىسى، باللارنى ئويلايلى.

ئەر ئۇنىڭغا ھەيران بولغاندەك قاراپ قويدى. باللىرى
غەمسىز تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى.

* * *

— ۋاي خۇدايىم، ۋۇي دادىسى تويغا بارىدىغاندەك قېتىپ
يەنە نەگە؟ ماۋۇ نەۋرىلەرنىڭ پوقىغا چىلىشىپ ھالىمدىن كەت-
تىم، قارىشىپ بېرەي دېمەي، ئوھۇش ئاۋۇ نۇرنىسانىڭ ئېرىنىڭ
قولى شۇنداق ئەپلىككەن، سىزمۇ بىر...

— ھە، شۇ نۇرنىسانىڭ ئېرىگە تەگسەڭ بولماسمىدى؟ ئىش-
نىڭ كۆپلۈكىدىن ئىككى قولنى تۆت قىلالمايۋاتقاندا.

— ۋۇيت، قىلسىڭىز مېنىڭ ئىشىمنى قىلدىڭىزمۇ، ئىدا-
رىڭىزنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئۆلۈپ بەرمەڭ ئەمدى.

— ئۇنچىۋالا بىغەرەزلىك قىلمىساڭچۇ، شۇ ئىدارىنىڭ
ئىشى بولىسىمۇ يەنە مۇشۇ ئۆي ئۈچۈنغۇ؟! ئاۋۇ ئاق چاچلىرىڭ
تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتمىسۇن يەنە، ئازراق سۆزلە! — ئەر شۇنداق
دەپ ئىشىكتىن چىقتى.

كەچتە، كۆزەينىكىنى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا چۈشۈرۈۋالغان ئەر
تەكشى ئاقارغان چېچىنى پات - پات سىلاپ قويغان ھالدا تىزلىرى-

غا قىڭغىر ـ قىيسىق يىپىشىۋالغان ئۈچ نەۋرىسىگە «دەدە قور-
قۇت چۆچەكلىرى»نى ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. يېنىدا قىڭغىيىپ يات-
قان مومىيى يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاپ قالغانىدى.

*　　*　　*

— دۇنيادا ئۇنداق ئىسىل مىجەزلىك، چوڭ سۈپەت مۇكەم-
مەل ئەر يوق ئىدى، بالىلىرىم. ئىسىت، بىردەمدە مېنى تاشلاپ
كەتكىلى مانا ئالتە يىل بوپتۇ. خۇدايىم ياتقان يېرىنى جەننەتتىن
قىلغاندۇ ئىگەكىم. چوڭ داداڭلار قالتىس ئادەم ئىدى …
— بولدى موما، ئۆزۈڭنى ئاسرا، بىزمۇ چوڭ دادىمىزدەك
ئادەم بولدۇقۇ مانا، دائىم شۇنداق دەپلا يىغلايدىكەنسەن …

# مەھەللىدىكى بالىلار

ئەمدىلا يېزىق ئۈستىلى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋىدىم، تې-
لېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تەپەككۇرۇمنى چالغىتىپ كىمدۇر بۇ
كەچ بولغاندا، دەپ غۇدۇراپ تۇرۇپكىنى ئالدىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوشنام، بارمۇ سىلە؟ —
تۇرۇپكىدىن ئاڭلىنىۋاتقىنى يان بىنادا ئولتۇرىدىغان رەسسام ئا-
غىنىمىز ئەلقۇتنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بارغۇ بىزلەر، ئۆزۈڭلىچۇ؟ —
مەن خاپىلىقىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ شۇنداق سورىدىم
ئۆزىگە ياندۇرۇپ.

— چىقمامىلا، بىردەم - يېرىمدەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرمامدۇق
مەھەللىدىكى بالىلار، — دېدى ئۇ زورىغا كۈلۈپ چاقچاق ئارى-
لاش.

— ئەمدى بىرنەرسە جىجىلاپ ئولتۇرۇۋىدىم، ھەي قانداق
بولار.

— ئا ... قويۇڭلار ئۇ گەپنى، ئەتە - ئۆگۈن جىجىلىساڭلى-
مۇ قېچىپ كەتمەس كاللاڭلىدىكى، بولۇڭلار تېز، ساقلاپ قال-
دۇق؟

— ھە، ھازىر چۈشەي ئەمىسە.

مەن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئايىغىمنى كىيىپ تالاغا ماڭدىم.

— دادا، يەنە نەگە؟ — دېدى ئىككى بالام تەڭلا نارازى
بولۇپ.

— يائاللا ئەجەبمۇ تۈگىمەيدىكەن بۇ خەقنىڭ ئولتۇرۇشى،
سىزگە خوتۇن - بالىدىن ئاغىنىڭىز ئەزىزغۇ زادى ...

مەن خوتۇن ـ بالىلىرىمنىڭ نارازىلىقىغا پەرۋا قىلماي ئىشىكنى ياپتىم.

مەھەللىدىكى ئوقۇتقۇچى ئاغىنىمىز رۇسۇل، ئالدىنقى يىلى دا ئولتۇرىدىغان شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ شوپۇرى سەمەت، يې-گىرمىنچى بىنادىكى ستاتىستىكا ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان ئالىم بەگۋاش، ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىكى شاھماتچى ۋەلى دوقا، لايىھىلەش مەھكىمىسىدىكى سايراۋ بولۇپ بەش ـ ئالتە قوشنىلار «ئالتۇنبۇلاق» ئاشپۇزۇلىنىڭ مەھەللە دوقمۇشىغا قارايدىغان ئە-شىكىدە مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بىز ئاشپۇزۇلغا كىرىپ ياندىكى شىرەگە جايلاشتۇق ـ دە، بىر توخۇ قوردىقى، گۆش غولپىياز قورۇمىسى، دەريا بېلىقى دۇملىمىسى، تۆت خىل سوغۇق سەي، ئون زىخ قوۋۇرغا كاۋاپ، ئىككى بوتۇلكا ئىلى ئالىي ھارىقى، تۆت بوتۇلكا پىۋا بىلەن ئىچىشۋازلىقنى باشلىۋەتتۇق.

— بۈگۈن مەھەللىدىكى بالىلار ئوبدان يىغىلىپتۇق، ئەمىسە تۈزۈت قىلىشماي قىزغىن ئولتۇرۇپ بىردەم سوقا ـ سۆھبەت قىلىشايلى، — دائىملىق ساقىيىمىز ئەلقۇت قولىغا رومكىنى ئېلىپ شۇنداق دېدى ھەم ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ بىر ئېغىز-دىن «خوش» دەپ كۆپچىلىككە گېلىغا ئۇرۇۋەتتى.

— ئالامەت سۆزلۈك ئويناپ قويىدۇ ـ دە، بۇ ئاغىنى-مىز، — دېدى ئالىم ئۆزىگە تەگلەنگەن رومكىنى ئېلىپ ئەلقۇتقا مەنىلىك قاراپ.

— ۋاھ، ۋاھ، ئۇنى بىر دېمە ھوي، سورۇنىمىزنىڭلا ئەمەس، مەھەللىمىزنىڭ گۈلى ئۇ، — دېدى سەمەت كۆزىنى قىسىپ.

— ھاي بولدى، ساز قىلمايلى ئۇنداق ـ ھە! — ئەلقۇت سەگەكلىك بىلەن ئۆزىگە كەلگەن ھۇجۇمنى سېزىۋالغانىدى.

— قېنى كېلىشمەملا رومكىغا، — دەپ رۇسۇل بىزنى تەكلىپ قىلىپ رومكىسىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى چىرايىنى پۇ-

رۇشتۇرۇپ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز سايراۋ بىلەن ياندىشىپ ئولتۇ-
رۇپ «خوشە» دېگەن سادا بىلەن تەڭلا ئىككى رومكىنى بىكارلى-
دۇق.

ئاشپۇزۇل تاماكا، هاراق ۋە يەنە هەر خىل پۇراقلار بىلەن توشۇپ نېرۋىلارنى سەزمەس هالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. بىز نۆۋىتىمىزنى ئۆتكۈزۈۋېتەي تولۇق ئىچىپ سائەت ئون بولغاندا يەنە ئىككى بوتۇلكا هاراق كەلتۈردۇق. بېشىم قېيىپ، گەپلەر قۇلىقىمغا چالا - بۇلا ئاڭلانغان هالدا مەھەللىدىكى باللارنىڭ سۆزىگە جور بولماقتىمەن.

بىز بۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇۋاتقان ئون سەككىز يىلدىن بۇيان هەر دائىم مۇشۇنداق سورۇن تۈزۈپ، قۇلاق مىدىرلىغىچە ئى-چىپ، جاھاننىڭ پارىڭىنى قىلىشىپ چىقاتتۇق. بۇ يىل نەچچە دەرىجە مائاش قوشۇلىدىكەن، كىملەر نېمە ماركىلىق ماشىنا سېتىۋالدى، كىمنىڭ خوتۇنى سەتەڭ ئىكەن، ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن باللاردىن مەھەللىدە نەچچىسى ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان كەسپكە تاللىنىپتۇ، توردا ئېلان قىلغان ئۇرۇش خەۋىرىدە بۇ-گۈن نەچچە ئىراقلىق پارتلاپتۇ، ئۆستەڭنى قايتىدىن كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى يېرىملىشىپتۇ دەيدىغۇ، دېگەندەك پاراڭلار سو-رۇنىمىزنى تولىمۇ قىزىتىۋېتەتتى.

سائەت نەچچىدە تارىدۇق، ئۆيگە قانداق كىردىم بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ئەتىگەندە كۆزۈمنى ئاچسام بېشىم يېرىلىپ كەتكۈدەك ئاغرىپ، مەيدەم زەھەر قۇيغاندەك ئېچىشىپ، ئاغزىم كەكرى يەۋالغاندەك ئاچچىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئەينەك ئالدىدا دەلدەڭشىپ تۇرۇپ چىرايىمغا سەپسالدىم. كۆزلىرىم قان ئىچكەن ئىتنىڭكى-دەك قىزىرىپ، پولتىيىپ، چاپاق بېسىپ كېتىپتۇ، ساقاللىرىم تىكەندەك دىردىيىپ بەتبەشىرە بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قاپتىمەن. مۇزدەك سۇدىن قانغۇچە بىر ئىچىۋېتىپ يەنە يوتقانغا شۇڭغۇدۇم.

خوتۇنۇم چۈشتە كېلىپ ئەتكەن لەڭمەنمۇ ئىككى چوكا ئۆت-

تىمىكىن، ئۇنىڭ توختىماي كوتۇلداپ، چىنە ـ تەخسىلەرنى دوقىشتىپ قويۇشلىرى، قىزىمىنىڭ «پۇف، نىمانچە سېسىق» دەپ يېنىمدىن قېچىشلىرى جان ـ جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى ـ دە، يەنە بېشىمنى پۈركەپ يېتىۋالدىم. چۈشتىن كېيىن ئىشقا كېچىكىپ بېرىۋىدىم، باشلىقىم بىرمۇنچە كوتۇلداپ ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرۈپ بېشىمنى تېخىمۇ قوچۇۋەتتى.

كۈنلەر شۇ خىلدا ئۆتۈپ، ھەپتىدە ئىككى قېتىم مەھەللىدىكى بالىلار سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇپ كۈزمۇ كېلىپ قالدى. ھەر قېتىمقى ئولتۇرۇشتا خۇدۇمنى بىلمەي، ھەتتا نەچچە قېتىم قان ياندۇرۇپمۇ بولدى قىلماي يەنە ئىچىۋەردىم. مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ ھارمايدىغان زورى بىلەن ئاغىنىدارچىلىق مېھرى نەقەدەر ئىسسىق ـ ھە؟!

جۈمە كۈنى كەچتە يەنە ئىچىشىپ قالدۇق. ئالتە ئادەم يەتتە بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىپ بولغاندا جاھان تىمتاسلىققا چۆمۈپ پەقەت بىزنىڭ غاراڭ ـ غۇرۇڭ گەپ تالىشىشىمىزلا كۆكتە ئەكس سادا قايتۇرۇپ تۇراتتى. مەن ئاشۇ پاراڭلارنى غۇۋا ئاڭلاپ شىرەدە بېشىمنى كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىمنى يېرىم ئېچىپ ئەلقۇت بىلەن سايراۋنىڭ بىردىن رومكىنى تۇتۇپ قەلبىنى ئىزھار قىلىشىۋاتقانلىقىنى، ۋەلى بىلەن ئالىم ئىككىسىنىڭ بولسا پۇتۇمنىڭ يېنىدا قۇسۇققا ئېغىزىنى قويۇپ خورەك تارتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئىشىكنىڭ يېنىدىكى شىرەنى جۈپلەپ ئىككى خۇيزۇ ئاشپەز بىزنى بېقىپ ياتقاندەك ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپتۇ. مەن بىردەم ئەلقۇتنىڭ رومكىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ يەنە توختاپ، كۈلۈپ بوشلۇققا قاراپ خوشە، دەپ يەنە ئاغزىنى تاپالماي تۇرغىنىغا قاراپ، كۆزلىرىم تىلىپ كەتكەندىن كېيىن قايتىدىن بېشىمنى شىرەگە قويدۇم.

ئەتىگەن سائەت يەتتىگە داڭ ئۇرغان قوڭغۇراق سائەتنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئېسىمىزگە كېلىشىمىز بىلەن تەڭ



www.uyghurkitap.com

ھەممىمىز «ئالتۇنبۇلاق» تىن ھەيدەپ چىقىرىلدۇق.

— خوش ئاغىنىلەر، خوش، — بۇ گەپ كىمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتىدۇ، كىم، كىملەرنى يەنە ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى ھېچ-كىم بىلمەيتتى. بىر چاغدا يەرنىڭ تېگىدىن چىققان بىر ئاۋاز چىرقىراپ ئۇزاق بىر يەردىن شۇڭغۇپ كېلىپ مېڭەمگە كىرىپ كەتتى.

ئۈچ ئايدىن كېيىن ئوڭ قولۇم جەينىكىمنىڭ ئۈستىدىن كېسىلگەن ھالدا يېرىم ئادەم بولۇپ بالنىستىدىن چىقتىم. مېنى سوقۇۋەتكەن تاكسى شوپۇرى بىلەن خوتۇن - بالىلىرىم دوختۇر-خانىدىكى ۋاقتىمدا يېنىمدىن نېرى كەتمىدى. مىڭ ئەپسۇسكى، مەھەللىدىكى بالىلاردىن بىرەرسىمۇ قارىسىنى ماڭا كۆرسەتمە-دى.

مەھەللىمىز يەنە شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، مەھەللىدىكى بالىلاردىن ئۈچى ئۆستەڭنىڭ جەنۇبىغا بەرپا بولغان يېڭى شەھەر رايونىدىكى كۆپ قەۋەتلىك بىنادىن تاۋار ئۆي سېتىۋېلىپ كۆچۈپ كېتىپتۇ. قالغانلىرى يەنە كونا پەددىكى ئىچىشنى بىلىپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ، رەسمىنى سىزىپ يۈرۈپتۇ.

ئەمدى مەن قانداق خىزمەت قىلىپ بالىلىرىمنى باقارمەن؟ !

ھەي ... مەھەللىدىكى بالىلار.

www.uyghurkitap.com

# ئېرىۋاتقان قار

لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قاردا كوچا چىراغلىرى ھەم تاكسىلارنىڭ غۇيۇلداپ ئۆتۈشكەن ۋاقتىدىكى يورۇقلۇق قىزغۇچ، سۆسۈن، سېرىق يىپتەك تارتىلىپ كىشىنىڭ كۆزىنى ئالچەكمەن قىلاتتى. ئۆستەڭ بويىدىكى غەيرىي شەكىللىك ھەيكەللەر توپىنىڭ يېنىدا بىر غېرىب گەۋدە شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى. قولىدىكى تاماكىسىنىڭ تۈرۈپ - تۈرۈپ پىلىلدىشى ئۇنىڭ ياقىلىرىدىكى ئىككى ئىلىك قارنىڭ ئۈستىگە پىلدىرلاپ چۈشۈۋاتقان ئۇچقۇنلارنى تۈزۈك يورۇتالمايلا ئۆچۈپ قالاتتى. ئۇنىڭ يېنىغا يېنىك قار دەسسەپ بىر چوكان كەلدى.

— كەچۈرۈڭ، بەك ساقلىتىۋەتتىم، — دېدى ئۇ مەيۈس ئاۋازدا ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېسابلىغاندەك.

— كېرەك يوق، مەنمۇ بۇنداق ساقلاشلارغا كۆنۈپمۇ قالدىم، — غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ بىر ئاز خاپا بولغانلىقى ۋە ئازراق توڭلىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ چوكانغا قارىمايلا سورىدى:

— نېمىشقا تېلېفوننى ئالمايسىز؟!

— مەن، مەن راستتىنلا ئامالسىز قېلىۋاتىمەن، يېقىندىن بېرى بەك چىڭ تۇتىدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، مەن ...

— ئا بولدىلا، ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاۋەرگۈم يوق ئەمدى!

— ئەمىسە، ئەمىسە يىراقلارغا كېتەيلى، ئەكېتىڭ مېنى؟!

— سىز كېتەلەمسىز؟ خىزمەتنى، ئۆيىنى تاشلاپ - ھە!

— مەن، زادىلا چىدىمىدىم، مەن ...

ئەرنىڭ تاماكا تۈتاشتۇرۇۋاتقان قولىغا مەھكەم ئېسىلغان چوكان كۆزلىرىدىن كۈچلۈك ئۈچقۇن چاچرىتىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. بىر ھارارەتلىك يالقۇن ئاشۇ قاراشلاردىن ئېتىلىپ چىقىپ ئەرنىڭ يۈرىكىنى پىژىلدىتىپ كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. قويۇق كىرپىكلىك كۆزلىرىدىن بالقىغان بۇ ئۈمىد ۋە يېلىنىش نۇرلىرى شۇ قەدەر ساپ ھەم تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. قىزىق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان لەۋلەردە مەڭگۈ ئۆنتۈپ قالغۇسىز بىر ئۈمچىيىش قېتىپ تۇراتتى.

— ياخشى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنراق گەپنى قىلىشايلى، — دېدى ئەر بىرئاز يۇمشىغاندەك بولۇپ، تاماكىسىنى قارىغا تاشلاپ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— بۈگۈن شۇنداق ياخشى سەيلە قىلىش پەيتى ئىكەن، بىردەم قاردا چۆرگىلەپ يۈرگەچ ئوبدانراق مۇڭدىشايلى. مەن سىزگە شېئىر ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاڭ ـ ھە!

— ئاڭلىمايمەن، ئاڭلىمايمەن.

— ئەمىسە، خىلۋەت كالائوكىخانىدىن بىرنى كۆرۈپ قويغان، شۇ يەرگە بېرىپ بىردەم ناخشا ئېيتايلى.

چوكان ئۈنىمىدى.

— سۈكۈت قىلىپ ياخشى قىلدىڭىز، ئەسلىغۇ بىردەم شۇ يەردە ئولتۇرساق كۆڭۈل غەشلىكلىرىڭىزمۇ ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. خەير بوپتۇ، ئۇنداق بولسا كېچە ـ كۈندۈزلۈك بىر ئاشخانىغا بېرىپ تاماقلانغاچ پاراڭلىشايلى، قانداق دەيسىز؟

چوكان ئىنكاس قايتۇرمىدى.

— ھەي ... بوپتۇ، خالىمىسىڭىز مەجبۇرلىماي، ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلى خالىغاننى دەڭ ئەمىسە؟

چوكان جىم تۇراتتى.

— ۋاي ـ ۋۇي، گەپ قىلسىڭىزچۇ؟ بولمىسا ھورداقخانىغا بېرىپ راھەتلىنىپ كېلەمدۇق ئەمىسە؟

www.uyghurkitap.com

— ئۆزىمىزنى كۆرگەزمە قىلىپ يۈرەمدۇق بۇ يەردە، يار-غۇم يوق مېنىڭ.

— ئەستاغپۇرۇللا، ئەمىسە ... ئەمىسە سىزنى يىراققا ئېلىپ كېتەي، يۇرتىمدىكى ئىككىمىزنىڭ دۇنياسىغا ئېلىپ كېتەي، مېنى بەرداشلىق بەرگۈسىز دەرىجىدە قىيناۋاتقان سۆيگۈمىزنىڭ خاس ھۇجرىسىغا ... بولامدۇ گۈلۈم؟

چوكاننىڭ گۆشلۈك لەۋلىرىدە ۋىللىدە بىر كۈلكە زاھىر بولۇپ يەنە شۇنداق تېزلا غايىب بولدى.

ئاپئاق ھەيكەلگە ئايلانغان ئىككى گەۋدە سۇپسۈزۈك ئاي نۇرى ئاستىدا مەھكەم قۇچاقلاشتى.

توختىماي چۈشۈۋاتقان قار تىنىمسىز ئېرىۋاتاتتى.

تاڭ سەھەردە كىشىلەر ئۆستەڭ بويىدىكى ھەيكەللەر تۈپى يېنىدا پەيدا بولۇپ قالغان يەنە بىر جۈپ گەۋدىلىك ھەيكەلنىڭ قارلىق شەپەق نۇرىغا پۈركىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى.

# بالكونىدىكى بوۋاي

خىرقىراق ئاۋاز كوچىيىپ بالكون ئىشىكىدە بوۋاينىڭ چار-
لاشقان بېشى كۆرۈندى. ئۇ ھەر كۈنى ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ
ئالتىنچى قەۋەتتىكى ئۆينىڭ ئىككى چامدامىلىق بالكونىغا چىقات-
تى- دە، يىراقلاردىكى ۋىشكىلارنىڭ غۇۋا گەۋدىسىگە نەزەر سالات-
تى. ئۇزاق - ئۇزاق ئويلىناتتى. چىرايىدا تورۇپ - تورۇپ
سۈس كۈلكە جىلۋىلىنەتتى - يۇ، يەنە شۇنداق تېزلىكتە غايىب
بولاتتى.

«ئەللىك يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇ-
يان، — دەپ قوياتتى بوۋاي چوڭقۇر خورسىنىش ئىچىدە، —
ئۆمرىمىز مۇشۇ يەرگە ئىشتىياق باغلاپ، يەرنى كوچىلاش بىلەنلا
ئۆتۈپتۇ. ھەي ... كونىلارنىڭ ‹يەرگە بەرسەڭ يەرمۇ ساڭا بېرى-
دۇ› دېگەنلىرى شۇمىكىنە؟ ...» ئۇ شۇنداق مېھرى بىلەن بۇ
يەردە ئۆتكەن ئۆمرىگە خىيالەن نەزەر سېلىپ چىقاتتى. قەلبىدە
بېسىپ بولماس بىر ئىچ كۆيەرلىك ھۆكۈم سۈرۈپ، ئۇنى يەنە
شۇ قىرىق ياشلىق قىران چاغلىرىغا قايتۇرغۇسى كېلەتتى. ئاشۇ
بورانلىق يىللار، ھەممە يەرنى شوئار قاپلىغان، غۇربەتچىلىك
چاغلار ئۇنىڭ قەددىنى ئېگەلمىگەن، بۇرغا سۈپىسىغا بولغان
تەلپۈنۈشلىرىنى قىلچە پەسەيتەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئويىچە جاھان
قانچىلىك دەرىجىدە ئوڭ - تەتۈر بولۇپ كەتسىمۇ يەنىلا ئىشنى
توختىتىپ قويۇشقا بولمايتتى. ئىش توختاپ قالمىسىلا ھەممە ئۆز
يولىدا يۈرۈشۈۋېرەتتى.

بوۋاينىڭ خىيالىنى بىنا ئالدىدىكى يولدىن غۇيۇلداپ ئۆتكەن
بىنزاۋۇزنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ئۈزۈپ قويدى. نەزىرى يەنە يول-

نىڭ شەرقىي قاسنىقىدىكى ئەسكى - تۇسكىلەر ئابىرىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن يىراقلاردىكى تىنىمسىز لىغىشۋاتقان ئاقچاكىلارغا، ئاپئاق - ئاپئاق نېفىت قۇدۇقلىرىغا، ئارىلاپ چوقچىيىپ تۇرغان سۆكسۆك دۆڭلىرىگە، دۆڭلەرنىڭ بىقىنىدىكى ئاسمان پارچىسىدەك يالتىراپ تۇرغان زەي سۇ كۆلچەكلىرىگە ئاغدۇرۇلدى. ئۇنى ئەينەن، ياش باللاردەك ئېنىق كۆرەلمىسىمۇ، غۇۋا سېزىپ، كۆڭلىدە ئۇچقۇق ھېس قىلاتتى.

«ھەي ياشلىق، — دېدى بوۋاي ھەسرەت بىلەن، — ئىلاخۇن ئاغىنىمىزمۇ بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالدى، ئەجەب چىقىشقاق، چىدامىلىق ئاداش ئىدى. ئۇ بولسا ئەترەتتىكى ھېچكىم زېرىكىپ قالمايتتى. ‹قاپقارا قوي كۆزلۇكۇم› نى ئېيتىدىغان بولسا بۇ جاڭگالنى چاڭ كەلتۇرۇۋېتەتتى - دە. بىر قېتىم ئورقۇدىن ۋىشكا يۆتكەپ كېلىۋېتىپ قىلىپ كەتكەن قىزىقچىلىقلىرىچۇ ئۇنىڭ. ئوھوي، بىقىنى ئاغرىپ تىنالماي قالغانىدى نەچچىسى كۇلكىدىن توختىيالماي ... ئۇھ، كۆڭۈللۇك ئىش بولسا ئۇنىڭ ئېغىرىمۇ بىلىنمەيدىكەن ئادەمگە ...» بوۋاي قېقىلىپ، يۆتىلىپ كېتىۋىدى، مۇكچەيگەن مومىيى شىپىلداپ مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كەلدى.

— ۋوي ئابدۇرېھىم، نېمە بولدى سىزگە؟

— ھېچ، ھېچنېمە بولمىدى ئانىسى، يەنە شۇ كونا يۆتەل.

— ماۋۇ چاينى ئىچىڭ، ھە قىزىق - قىزىق، نېمە باردۇر بۇ ئادەمگە كۇندە بالكونغا چىقىۋېلىپ دەيمەن.

— سەن بىلمەيسەن خوتۇن، ئۇ يەردە بىر ئوت بار، ئۇنىڭ ئۇچى يۇرىكىمدە ئانىسى.

— بىلىمەن، بىلىمەن ئۇ ئوتنى، شۇ جاڭگال ساراڭلىقىنىڭ ئوتىغۇ، شۇ ...

— ھەي، ئەقىللىق خوتۇنسەن - دە، بوپتۇ، شۇنداق دېسەڭ دەۋەر، بوپتۇ ...

بۇۋاينىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلايدىغان موماي ئۆيگە كىرىپ كەتكەندى، ئۇنىڭ خىيالى يەنە جاڭگاللىقتا پالاس قېقىشقا باشلىدى. «توخۇ داڭگال چۇشەپتۇ، ئۆچكە جاڭگال» دېگىنى شۇمىكىن ـ يە...

ئىسلاھات بولدى دېيىشتى، تەرەققىي قىلدۇق، زامانىۋىلاشتۇقمۇ دېيىشتى. راست دېگەندەك ھەممە يەردە مەمۇرچىلىق. ئۆي ـ ئايۋان، بىنا ـ سارايلار كاتتا، ھەي، زامان نېمىدېگەن ياخشى بولۇپ كەتكەن ـ ھە؟ يامىنى، تازا ئىشلەيدىغان ۋاقتىمىزدا پېنسىيىگە چىقىڭ، دەپ زېرىكىشلىك پونكىتقا سولاپ قويغىنى قاملاشمىدى ـ دە، قارتا ئويناپلا ياشاشمۇ كۈنمۇ، ئىشلەيتتۇق تېخى نەچچە يىل. مۇشۇ بىكارچىلىق ئادەمنى كېسەل، ھورۇن، پالاكەت قىلىۋەتتى ـ دە، مانا ئەمدى ئوغۇل بالىلىق، قىزلاردا نازاكەت، ئەرلەردە ئەرلىك سۇر ـ ھەيۋە يوق، خوتۇنلىرىنىڭ قېشىغا قاراپ ئولتۇرۇشقان... ياخشىلىقى مائاش ئۆستى، شەھەرلەر ئاۋاتلىشىپ ئۆي بېسىپ دېگۈدەك شەخسىي كىچىك ماشىنىلار كۆپىيىشكە باشلىدى. مانا بىزنىڭ ئىككى ئوغۇل بىرلىشىپ بىر ماشىنا ئېلىپ ياخشى قىپتۇ. كۈيئوغۇل بالىمۇ شۇنىڭغا تەرەددۇت قىلىۋاتقۇدەك... ھەي، بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم مەن ـ ھە؟ ۋاي ـ ۋۇي بەڭگىنىڭ خىيالى بولماي راست ئىش بولغاندىن كېيىن نېمە زېغىرلاش ئەمدى!...

ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ، قىزىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەسسالام ئاپا، قانداقراق ئۆزۈڭ، دادام قېنى؟

ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ كۈچىيىپ بالكوندىكى دادىسىنىڭ يەرىك ساقاللىق يۈزىگە كۈلكە قوندۇردى.

— دادىلار بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن دادا، — شۇنداق دېگىنىچە بىر دەستە قىزىل خوش پۇراق ئەتىرگۈلنى دادىسىنىڭ

قۇچىقىغا قويدى.

— ۋۇي، رەھمەت قىزىم، شۇنداقمۇ بايرام بولىۋېتىپتىمۇ؟!

— بار دادا، سىزلا سالامەت بولسىڭىز ھەر كۈنى بايرام.

......

يەنە بىر كۈن باشلاندى. بوۋاي ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ بالكونغا ماڭدى.

قەدىرىيە ھوشۇر

# نۇرئامىنە

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ياقا يۇرتقا خىزمەتكە چىقىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، ئىككى بالىغا ئانا بولغان ۋاقتىمدا، ئولتۇراق بىناسى ئالدىدا قولىدا كۆكتات كۆتۈرۈۋالغان نۇرئامىنە تۇيۇقسىز ئالدىمغا ئۇچراپ قالدى - دە، ھەيران بولغىنىمدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇمۇ مېنى تونىدى بولغاي، خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرمىگەن قېرىندىشىنى تېپىۋالغاندەك ماڭا ئېسىلىپ تۆكۈلۈپلا كەتتى. ئۇ تام قوشنىمىزنىڭ ئەتىۋارلىق چوڭ قىزى بولۇپ، كىچىكىمىزدىن باشلاپ بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغانىدۇق، ئەينى ۋاقىتتا مەھەللىمىزنىڭ گۈلى ھېسابلىنىدىغان نازۇك، ئوماق چىرايى قاشتېشىدەك سۈزۈك، جۇلالىق، ئۇياتچان بۇ قىز بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزۈمگە خۇددى ئۇزۇن يىل دەرد تارتقان ئادەمدەك جۇدەڭگۈ، سولغۇن كۆرۈندى.

قىسقىغىنا ئەھۋاللىشىشتىن كېيىن، ئۇنىڭ مەن بىلەن بىر بىنادا ئولتۇرۇشلۇق بىرىگە توي قىلىپ كەلگىلى ئىككى ئاي بولۇپ قالغىنىنى ئۇقتۇم، ئاڭغىچە ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا كېلىپ «دادام چاقىرىۋاتىدۇ» دېيىۋىدى، ئۇ ماڭا چالا - بۇلا خوش دەپلا ئالدىراپ زالغا كىرىپ كەتتى.

شۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئۆيگە بىرنەچچە قېتىم يوقلاپ كىرگەن بولساممۇ، يولدىشىنىڭ سۆرۈن چىرايى، نۇرئامىنەنىڭ

نىمىنىدۇر قىسىنغاندەك قارىغان ئۇركۇگەك كۆزلىرى مېنى بىر قىسمىلا قىلىپ قويغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئانچە بەك ئاۋاي دەپ كەتمەيدىغان، يوللاردا كۆرسەم سۇسلا سالاملىشىپ قويىدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

شۇ يىلى يازدا يۇرتقا تۇغقان يوقلاپ بارغىنىمدا، ئۆيدىكىلەردىن نۇرئامىنەنىڭ دادىسى قازا قىلغاندىن كېيىن ئاپىسىنىڭ بەش بالا بىلەن تۇرمۇشتا قىينىلىپ بىرەر يىلدىن كېيىن ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئوقۇتقۇچىغا تۇرمۇشلۇق بولغانلىقىنى، ئۇ ئادەم گەرچە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، مائاشى تۆۋەن، ئۆزى كېسەلچان بولغاچقا، ئىنى ـ سىڭىللىرىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىغان نۇرئامىنە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ توسۇشىغا قارىماي، تولۇق ئىككىنچى يىللىقتا چىققاندا مەكتەپتىن چېكىنىپ، ئاشخانىلاردا مۇلازىم، باشقىلارنىڭ ئۆيىدە بالا باققۇچى بولۇپ ئىشلەپ، كېيىن بىر شوپۇرغا ياتلىق بولغانلىقىنى، «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك، قىزى سەككىز ـ توققۇز ياشلارغا كىرگەندە يولدىشى ماشىنا ھادىسىسىدە تۇيۇقسىز قازا قىلىپ كېتىپ تۇرمۇشتا يەنە قىينىلىپ، يېقىندا تۇغقانلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۆگەي دادىسىنىڭ يىراق بىر تۇغقىنى بولغان مەن بىلەن بىر بىنادىكى ھېلىقى بىر ئوغلى بار ئادەمگە ياتلىق بولۇپ بارغىنىنى ئۇقتۇم.

تويدىن بۇرۇن، نۇرئامىنەنىڭ ئۆگەي دادىسى قارشى تەرەپنى يېشى چوڭ كۆرۈپ قوشۇلمىغان، نۇرئامىنە ئەلچىلىككە كەلگەنلەردىن ئۇ ئادەمنىڭ يېشى سەل چوڭ بولغان بىلەن مائاشىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، ئەگەر نۇرئامىنە توي قىلىشقا ماقۇل بولسا، ئاناـ بالا ئىككىسىگە ياخشى قارىغاندىن سىرت، ئۆيدىكىلەرگە ھەر ئايدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ «بۇ توينى قىلغىنىم قىلغان» دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىر تويىمۇ بولغان، بىچارە گۈلنىساخان قىزىغا چىدىماي بىر مەزگىل يىغلاپ يۈرگەن، ھا-

زىر ئاڭلىساق، كۆيئوغۇل نۇرئامىنەنىڭ دىگىنىنى قىلىپ بېرەر-
مىش، بۇلارغىمۇ ھەر ئايدا خېلى جىق پۇل ئەۋەتكەچكە، خاتىر-
جەم بولۇپ قالغانمىش.

— قوشناڭنىڭ نۇرئامىنەگە تۇتقان پوزىتسىيىسى قانداق-
راق؟ — دەپ سورىدى ئاپام مەندىن.

تۇيۇقسىزلا سورالغان بۇ سوئالغا نىمدەپ جاۋاب بېرىشنى
بىلەلمەي قالدىم. راستىنى ئېيتسام، قوشنا بولغان بىلەن كى-
رىش - چىقىشىمىز بولمىغاچقا، ئۇ ئادەمنى ئانچە چۈشىنىپ
كەتمەيتتىم، ئەمما ئۆتكەندە كۆرۈشكەنلەردە ئۇ ماڭا ياخشى تەسىر
بەرمىگەنىدى. ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتىنى دەپ، باشقىلارغا قالايمى-
قان باھا بېرىشنى خالىمىغاچقا:

— قوشنا بولغان بىلەن ھەممىمىز ئۆز ئىشىمىز بىلەن
ئالدىراش بولغاچقا ئانچە بىلىپ كەتمەيدىكەنمەن، ئەمما قارىسام
خېلى يامان ئەمەستەك قىلىدىغۇ؟ — دەپ مۇجمەللا جاۋاب
بەردىم.

يۇرتتىن قايتىپ كېلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە نۇرئامىنەنى ئۇچ-
راتمىدىم، ئەمما قوشنىلاردىن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئۇنى خېلىلا
قاقشىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم يېرىم بولدى. «يوقلاپ
كىرەي» دەپمۇ ئويلىدىم، ئەمما يولدىشىنىڭ سۈرلۈك چىرايىنى
ئويلاپ يالتىيىپ قالدىم.

ھەش - پەش دىگۈچە، نۇرئامىنەنىڭ قىزى قىزىم بىلەن تەڭ
باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، تولۇقسىزغا چىققاندا، بىر سى-
نىپقا بۆلۈندى، قىزىمدىن ئاڭلىسام قىزى مۇنىسە دەرستە تى-
رىشچان، ئەخلاقلىق، جانلىق قىز بولغاچقا، سىنىپ باشلىقى
بولۇپ سايلىنىپتۇ، بۇلارنى ئاڭلاپ ئىچىمدە: «بۇ قىز ئاپىسىنى
دوراپتۇ - دە، خۇدايىم بۇلارغا ئەمدى ئوڭ كۆزى بىلەن قاراۋې-
تىپتۇ» دەپ خۇش بولدۇم.

قەھرىتان سوغۇق قىش كۈنىنىڭ بىر ئاخشىمى يېرىم كېچى-

دە، ئىشىك ئەنسىز چېكىلگەن ئاۋازدىن ئۆيدىكى ھەممىمىز چۆ-
چۈپ ئويغىنىپ كەتتۇق، ئىشىكنى ئاۋۋال ئاچقان يولدىشىم:
— ماھىرە، چاققان بولۇڭ، نۇرئامىنەكەن، — دېدى.
ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا ياتاق ئۆيدىن چىقىپ قارىسام، چىرايىدا-
قان دىدارى قالمىغان بىر قىزنى يۆلەپ نۇرئامىنە بىلەن قىزى
ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئۇچەيلەننىڭ ئۇستىۋېشى ناھايىتى يالاڭ
بولۇپ، سوغۇقنىڭ تەسىرىدە لەۋلىرى كۆكىرىپ، پۇت - قوللى-
رى دىر - دىر تىترەۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىنى
كۆرۈپ، ئىچىم سىيرىلىپ دەرھال ئۆيگە باشلىدىم. ئىسسىق
ئۆيدە بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىپ ئازراق ئىسسىگە كەلگەن نۇرئا-
مىنە مېنىڭ تېخىچە سوئال نەزىرىدە تىكىلگەن كۆزلىرىمگە قاراپ
نىمىنىدۇر دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، يولدىشىمغا
لاپپىدە قاراپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى. يولدىشىمغا ئوغلۇمنىڭ ياتاق
ئۆيىگە قايتىدىن ئورۇن راسلاپ بېرىپ، مۇنىسەنى قىزىم بىلەن
بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ چىقسام، نۇرئامىنە ھېلىقى
قىزنى قۇچاقلاپ ئۈنسىز ياش تۆكۈۋېتىپتۇ. مېنى كۆرۈپ:
— شۇنچە كەچتە كىرىپ ھەممىڭلارنى بىسەرەمجان قىلىۋەت-
تۇق، سەت بولدى، — دېدى ئىسەدىگىنىچە.
— ھېچ ۋەقەسى يوق، بىر مەھەللىدە، بىر تونۇرنىڭ نېنى-
نى يەپ چوڭ بولغان تۇرساق، بۇنچە تۈزۈت قىلىشىنىڭ ھاجىتى
يوق، بۇ قىز كىم بولىدۇ؟ ئەجەب تونۇشلىمىغۇ؟ — دېدىم مەن
پىيالىلەرگە قايتا چاي قۇيغاچ.
— بۇ كىچىك سىڭلىم مۇيەسسەر، سىلى ئوقۇش، خىزمەت
بىلەن كېچىكلا يۇرتتىن ئايرىلغاچقا ھەرقاچان تونۇماي قاللا، —
دەپ ئىتتىكلا جاۋاب بەردى نۇرئامىنە.
— ھە شۇ، بىر يەرلىرى گۈلنىساخان ئاچامغا ئوخشاپ
تۇرىدۇ، چوپچوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدىم مۇيەسسەرگە سىن-
چىلاپ قارىغىنىمچە.

— بۇ يىل يازدا نېفىت تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن، مۇشۇ يەردىن خىزمەت چىقىپ قالامدىكىن دەپ يېنىمغا ئەكىلىۋالسام، كىم بىلسۇن، — نۇرئامىنە يەنە ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى، مۇيەسسەرمۇ يۈزىنى تام تەرەپكە بۇرىۋالدى، ئۇزلۇكسىز سىلكىنىۋاتقان مۈرىلىرىدىن ئۇنىڭمۇ يىغلاۋاتقىنىنى ھېس قىلدىم، گەرچە نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى بىلمىسەممۇ، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىدىن نېمىنىدۇر سېزىپ، ئورۇن راسلاپ ئالدى بىلەن مۇيەسسەرنى يۆلەپ ئەكىرىپ ياتقۇزدۇم، قارىسام نۇرئامىنە يەنىلا ئۆز جايىدىن مىدىرلايدىغاندەك ئەمەس، ئەدىيالدىن بىرنى ئاچىقىپ، ئۈستىگە ياپقاچ يېنىدا ئولتۇردۇم.

— پېشانىمىز شۇنچە تەتۈرمىدۇر؟ ئاۋۋال دادام، ئارقىدىنلا يولدىشىم تۈگەپ كەتتى. جاپاكەش ئانامنى، كېسەلچان دادامنى، دادا مېھرىگە تولۇق قانمىغان قىزىم مۇنىسەنى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىنى ـ سىڭىللىرىمنى دەپ نى جاپالارنى تارتتىم، ھېچنېمەم يوق بۇ ياقا يۇرتتا ھايۋاندىن بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرسەممۇ ھېچكىمگە چاندۇرمىدىم، نېمىشقا؟ ئۆيدىكىلەرنىڭ غېمى ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدۇ، دەرد ئۈستىگە دەرد قوشقۇم كەلمىدى. بۇ ھايۋان مېنى قانچىلىك خارلىسا، دەپسەندە قىلسا مەيلىتى، ئۆتكەندە نارەسىدە مۇنىسەنى تىلغا ئالسا «كەيپىلىكتە شۇنداق دەۋاتىدۇ، مۇنىسە قىزى تۇرسا» دەپ ئويلاپتىمەن، بۈگۈن مۇنىسەنىڭ مىجەزى يوق، كۈندۈزى دوختۇرغا كۆرسىتەي دېسەم، «ھازىر يېنىمدا پۇل يوق، كەچتە بېرەي» دېدى، كەچتە بالىلار مەكتەپتىن يانغاندا تامىقىنى بېرىپ بولۇپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ ئوكۇل قويدۇرغىچە كەچ بولۇپ كەتتى، مۇيەسسەر ئوغلىغا ماتېماتىكىدىن تەكرار قىلىپ ئۆيدە قالغان، نېمىشقىدۇر يۈرىكىم ئېغىپ، ئالدىراپ كەلسەك ئوغلى ئۆيدە يوق، بۇ ھايۋان مۇيەسسەرنى... نۇرئامىنە قاتتىق يىغىدىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. خۇددى بىرسى بېشىمدىن بىر قاپاق نىجاسەت تۆكۈۋەتكەندەك

قاتتىق سەسكىنىپ كەتتىم. ئاچچىقىمدا ئاغزىمغا «هايۋان» دېگەندىن باشقا سۆز كەلمىدى.

— ئۇنىڭ هايۋانلىقىنى توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىلگەنتىم، ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇش دېگەندە هايا، پەدىشەپمۇ ناهايىتى مۇهىم، بىر دەملىك هېسسىياتنى دەپ ئورۇن، ۋاقىت تاللىمايدىغان يا بىز هايۋان بولمىساق، نەدىكى چەت ئەلنىڭ ئەخلەت فىلىملىرىنى تولا كۆرۈپ «هەقىقىي مۇهەببەت، ياخشى كۆرۈش دېگەن مۇنداق بولىدۇ» دەپ ئار ـ نومۇسنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئايالىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىدىغان بۇ هايۋاننىڭ قىلىقلىرىغا نومۇس يۈزىدىنلا چىداپ كەلگەنتىم، بۈگۈن سىڭلىمغا خۇدادىن قورقماي چېقىلغان ئادەم مۇنىسەگىمۇ كۆن بەرمەيدۇ. بايا ئاچچىقىمدا قولۇمغا چەيدو چىقىپ قاپتىكەن، قىچىپ كەتتى. ئۇ قاباهەتلىك ئۆيدە بىر مىنۇتمۇ ئارتۇق تۇرۇشنى خالىماي يىلىڭلا چىقىۋاپتۇق، سوغۇقتا مۇنىسەنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتمىسۇن دەپ ئامالسىز يېرىم كېچىدە سىلەرنى ئاۋارە قىلدىم، هەممىگە ئۆزۈم سەۋەبچى. سىڭلىم ئىشچى قوبۇل قىلىش ئىمتىهانىغا قاتنىشىپ نەتىجىسىنى ساقلاۋاتقان، ئەمدى قانداق قىلارمىز، — نۇرئامىنەنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ سۆزىنىڭ داۋامىنى ئاڭلىيالمىدىم، ئاڭلىغۇدەك جۇرئەت ـ تاقىتىممۇ قالمىغانىدى.

قارىسام، تاڭ سۈزۈلۈشكە ئازلا قاپتۇ، نۇرئامىنەنى زورلاپ يۇرۇپ سىڭلىسىنىڭ يېنىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئىشىكنى هەم ياپقىنىمچە، ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ دىققىتىمنى بۇراش مەقسىتىدە ئەتىگەنلىك ناشتىغا تەييارلىق قىلدىم، قولۇم ئىشتا بولغان بىلەن ئۇلارنى خىيالىمدىن نېرى قىلالمىدىم. بەلكىم كونىلار ئېيتقان «ئەجەب بىر زامان بولدى، ياقىلار ئېتەك بولدى. كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى كىملەر ئالدىدا خار بولدى» دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك، رەهمەتلىك سوپۇراخۇن ئاكا مەهەللىمىزدە هەممىنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئۇستا ياغاچچى بولۇپ، چىۋىنىنىڭ قانىتىچى-
لىك نەرسىگە ئازار بەرمەيدىغان مۆمىن، ياۋاش ئادەم ئىدى. ئۇ
بالىلىرىغا شۇقەدەر ئامراق ئىدىكى، نۇرئامىنە خېلى چوڭ بولۇپ
قالغاندىمۇ بويىنىغا مىندۈرۈپ ئويناتقانلىرى ھازىرقىدەك ئېسىم-
دە. شۇ ئارزۇلۇق پەرزەنتلەر ناتونۇش يۇرتتا نەدىكى بىر ئىنسان
قېلىپىدىن چىققان ئادىمي ھايۋاننىڭ قولىدا دەپسەندە قىلىنسا!
ئىسىت، بىچارىلەر ئەمدى قانداقمۇ قىلار؟ خىيال بىلەن خىزمەت
ۋاقتىمۇ توشۇپ قاپتۇ، ئالدىراپ ئىشقا ماڭدىم.

ئۇلارنى ياخشىراق ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ، تېلېفونمۇ ئۇر-
مايتۆت سائەتنى ئاران توشقۇزۇپ، چۈشتە ئۆيگە كەلسەم، ئۆي
ئىچى پاكىز تازىلاقلىق، يولدىشىم بىلەن بالىلىرىم تېخى كەلمەپ-
تۇ، نۇرئامىنەلەر كۆرۈنمەيدۇ، يۈگۈرۈپ ياتاق ئۆيگە كىرسەم،
ياستۇقۇمنىڭ ئۈستىدە بىر پارچە خەت تۇرۇپتۇ، خەتنى ئىتتىك
قولۇمغا ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتۈم:

«خوش دېمەيلا ماڭغىنىمىزنى كەچۈرسىلە، ھېلىمۇ ئاخشام
ھەممىڭلارنى پاراكەندە قىلىۋەتتۇق، ئۆتۈنىدىغىنىم، ئاخشام مەن
دېگەن ئىشلارنى ھېچكىم بىلمىسە. ‹ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر،
توشقاننى قومۇش›، دېگەندەك، قىزىم ۋە سىڭلىمنىڭ مەڭگۈ گەپ-
تىن باش كۆتۈرەلمەي، نومۇس ئىچىدە ياشىشىنى خالىمايمەن،
بولغۇلۇق بولدى، داۋراڭ سېلىپ، ساقچىغا مەلۇم قىلسام، ئۇ
ھايۋانغۇ تېگىشلىك جازاسىنى يە، سىڭلىم قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ
تېخى ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان تۇرسا. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇ مەلئۇن ئۆگەي دادامنىڭ تۇغقىنى، دادام بىزگە شۇنداق كۆيۈ-
نۈپ بېشىمىزنى سىلاۋاتسا، ئۇ كىشىگە قىرىغاندا ئەلەم بولمى-
سۇن، ھەممىگە قادىر ئاللا ئۆزى ئەدىپىنى بېرەر، خوش».

نەچچە كۈنگىچە ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدىم، مۇنىسەمۇ
رۇخسەت سوراپ مەكتەپكە بارماپتۇ. ئۇلاردىن ئەنسىرەپ يۈرگى-
نىمدە، بىر كۈنى نۇرئامىنە ئۆزى مېنى ئىزدەپ ئىدارەمگە كەپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرىسى

تۇ، خالىي بىر يەرنى تېپىپ:

— مۇيەسسەر قانداقراق؟ نەدە تۇرۇۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدىم.

— بىرسىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىنى ئىجارە ئالدۇق، ئەسلى يۇرتقا كېتىلى دەپ ئويلىغان. «قارىغۇنى كۆزدىن ئايرىغان بىلەن ھاسىدىن ئايرىماپتۇ» دەپ مۇيەسسەر ئىشچىلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپتۇ، يۇرتقا بارساق مۇشۇنچىلىك پۇرسەتنىڭ چىقىشىمۇ تەس. مۇيەسسەرمۇ «بۇ ئەھۋالدا يۇرتقا قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە كۆزۈم قىيمىغاچ، مۇنىسە ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ يېنىدىكى بىر ئاشخانىدىن ئىش تاپتىم. سىلىنى ئىزدەپ كېلىشىم، سىلىگە رەھمىتىمىزنى بىلدۈرگەچ، ئاجرىشىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سوراپ كېلىۋىدىم، — دېدى ئۇ ئوڭايسىزلىق بىلەن. مەن ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مەسلىھەت بەرگەچ ئۆيگە تەكلىپ قىلىۋىدىم، ئۇ سىلىقلىق بىلەن رەت قىلىپ، رەھمەت ئېيتقىنىچە ئالدىراپ كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يوقىغىچە قاراپ خىيالغا چۆكتۈم: «بىچارىلەرنى يەنە قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟ ئېھ ئاللا، بىگۇناھ بەندىلىرىڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، ئۇلارمۇ بۇ دۇنيانىڭ پاراغەتلىرىدىن بەھرىمەن بولسۇن! ...»

كېيىن ئاڭلىسام، ھېلىقى مەلئۇن ئاجرىشىشقا قوشۇلماي نۇرئامىنەگە جىق يالۋۇرۇپتۇ، نۇرئامىنە نىيىتىدىن يانماي چىڭ تۇرغاچقا، ئاخىر ئامالسىز قوشۇلۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن نۇرئامىنەلەر بىلەن پات - پات ئىزدىشىپ، يوقلىشىپ تۇردۇق، نۇرئامىنەنىڭ چىرايىمۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا جىق ئوڭشىلىپ قالدى، مۇيەسسەرنىڭمۇ بۇرۇنقىدەك ئادەملەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئاچىسى بىلەن مۇنىسەدىن باشقىلارغا گەپ قىلمايدىغان مىجەزى خېلى تۈزىلىپ قالدى.

ھەممە ئۆز رىتىمىدا كېتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېلىقى مەلئۇننىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈپ، ئۇزۇن مەزگىل داۋالانغان بولسىمۇ، بەلىنىڭ تۆۋىنى سەزمەس بولۇپ قالدى، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان بولۇپ چوڭ بولغان ھېلىقى ئوغلىمۇ دادىسىنىڭ ئۆلەر-تىرىلىشى بىلەن كارى بولماي، مەكتەپكىمۇ تۈزۈك بارماستىن، جەمئىيەتتە لاغايلاپ يۈرىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق كۈنلەرگە دۇچار بولغىنىغا قاراپ ئىچىمدە: «‹ئەل قىساسى مىنەلھەق›، دېگەن شۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئىسسىق تاماق، پاكىز كىيىم سىلەرنى تېرەڭلەرگە پاتقۇزمىغان، ھازىر بىر قاچا ئىس-سىق تاماققا زار بولۇپ مەينەتچىلىكتە ياشاۋاتىسىلەر. بۇ ئالەم شۇنچىلىك ئالەم، بىرسىنى قاقشاتساڭ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر-سىدىن كۆرۈپ قالىسەن، بىرسىنىڭ ھەققى بىرسىدە قالمايدۇ» دەپ ئويلاپ يۈرسەم، بىر كۈنى مەھەللىدە چاقلىق ھارۋا ئىتتىر-رىپ كېتىۋاتقان نۇرئامىنەنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقىمدىن ئىتتىك ئالدىغا ئۆتۈپ ھارۋىدىكى ئادەمگە قارىسام، ھېلىقى ھايۋان ئاغزى مايماق ھالەتتە شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. نۇرئامىنەمۇ مېنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى بولغاي، ماڭا سالام قىلغاچ يانچۇقىدىن ئاپئاق قولياغلىقىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ جاۋغىيىدىكى شۆلگەيلەرنى سۈرتۈپ، ھارۋىنى بىر چەتكە توختىتىپ يېنىمغا كەلدى.

— چوقۇم مېنى ئالجىپ قاپتۇ، دەپ ئويلاۋاتقانلا ھەرقاچان؟ بۇ ئىشىم مۇيەسسەرنىڭمۇ ئىدىيىسىدىن ئۆتمەي ماڭا قېيداپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى ئاڭلاپ دەسلەپ «خوپ بوپتۇ» دېگەنتىم، تۇغقانلىرىنىڭمۇ كارى بولمىغاچ قوش-نىلار، مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنىدىكىلەر مېنى كۆپ قېتىم ئىزدىدى، ئۇلارغا يا ھەقىقىي ئەھۋالنى دېگىلى بولمىسا، ھەر قېتىم ئۇلارنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن يولغا سالدىم. بىر كۈنى ئۇلار يەنە ئىزدەپ كەپتۇ، ئارتۇق گەپ قىلمايلا «بۇ قېتىم ئەڭ

ئاخىرقى قېتىم كېلىشىمىز، قوشۇلمىسىڭىزمۇ ئۆيگە بىر بېرىپ ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ كېلىڭ، نېمىلا دېگەنبىلەن بىر ئۆيدە ياشىدىڭلار ئەمەسمۇ» دېۋىدى، رەت قىلالماي بوينۇمدىن سۆرە-گەندەك باردىم، بوسۇغىدىن پۇتۇمنى ئالا ـ ئالمايلا كۆڭلۈم ئاينىپ تامغا يۆلىنىپ قالدىم.

ئاھ خۇدا، بۇ نەدىمۇ ئۆيگە ئوخشىسۇن؟ ئېغىلنىڭ ئۆزىغۇ. ھەممىلا يەردە دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان بەتبۇي پۇراق پۇراپ تۇرۇپتۇ، ئەسكى كىر يوتقاندا مايماق ئېغىزلىرىدىن شۆلگەيلىرى-نى ئېقىتىپ ياتقان، مەن مەڭگۇ كۆرۈشنى خالىمايدىغان شۇ ئىنساننى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى. راستىنى دېسەم، ئۇنىڭ بۇنچىلىك ھالغا چۈشۈپ قېلىشى ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن-دى.

قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئويلاندىم، ئۇ ھەقىقەتەن بىزگە ئېيتقۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، تەڭرىنىڭ تېگىشلىك جازاسىغا ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كارىم بولمىسا ئاللامۇ راۋا كۆرمەس، ھېچبولمى-غاندا ئۇ دادامنىڭ تۇغقىنى، نەچچە يىل ئۆي تۇتۇش جەريانىدا ئىنى ـ سىڭىللىرىمنى، مۇنسەنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا ياردىمى سىڭگەن. شۇڭا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش نىيىتىگە كەلدىم، ئاشخا-نىدىكى خىزمەتنىمۇ توختاتتىم. ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قايتىدىن ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشۈم مۇمكىن ئەمەس، پەقەت ئۇ ساقاي-غانغا قەدەر ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ، تامىقىنى ۋاقتىدا ئېتىپ بېرىمەن. ساقايغان ھامان ئۆيدىن چى-قىپ كېتىمەن. مۇيەسسەر بۇ قارارىمغا قەتئىي قارشى چىقتى، ھازىر ماڭا گەپمۇ قىلمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھامىنى بىر كۈنى مېنى چۈشىنىدىغىنىغا ئىشىنىمەن، — دېدى ئۇ ئىلاجسىز قىياپەتتە.

— ئەگەر ئۇ ساقايمىسىچۇ؟ بىر ئۆمۈر قارامسىز؟ — دەپ سورىدىم ئالدىراپلا.

— بۇنىمۇ ئويلىمىدىم ئەمەس، پېشانەمگە شۇنداق پۇتۇلگەن بولسا كۆرمەي ئىلاجىم يوق. خوش، بالىلارنىڭ مەكتەپتىن ياندىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، — نۇرئامىنە هارۋىنى ئىتتىرگىنىچە خوشلىشىپ كېتىپ قالدى، كەچكى شەپەق نۇردا كۆزۈمگە ئۇنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان سىيماسى بارغانسېرى زورىيىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

# گۈلدەستە

ھايات سەپىرىمدە تەقدىر ماڭا بەخش ئەتكەن خۇشاللىق ۋە قايغۇلۇق ئىشلار بەكمۇ كۆپ بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگەشىپ نۇرغۇن ئىشلار خاتىرەمدىن يوقالدى ياكى خىيال ئېكرانىمدا گۇڭگالىشىپ كەتتى. ئەمما ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمدىكى گۈلدەستىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقە ۋە شۇ ۋەقەگە شاھىت بولغان كۆيۈمچان ئىككى كىشىنىڭ سىيماسى تېخى تۇنۇگۇنكىدەكلا قەلبىمدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى كۆيۈمچانلىقى، سەمىمىي ھەرىكىتى، جەسۇرانە ئوبرازى ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بىرى مېنىڭ ھەقىقىي ئىنسانغا لايىق ئادەم بولۇشۇمغا، باسقان ھەربىر قەدىمىمدە ئالغا ئىنتىلىشىمگە تۈرتكە بولۇپ كەلمەكتە.

تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن ئاتىمىزدىن بەكمۇ كىچىك تۇرۇپلا مەڭگۈلۈك ئايرىلغاچقىمۇ، ئانىمىزنى ئائىلىمىزنىڭ غەمگۇزار قويىشى ئورنىدا كۆرەتتۇق. جەمەتىمىز كۆپ بولغاچقا ھېيت - ئايەم، ئارام كۈنلىرى جەم بولۇشساقلا ئائىلىمىز شاد - خۇراملىققا چۆمۈلەتتى. بىجىرىم چوڭ بولۇۋاتقان پەرزەنتلىرى، چۇرقىرىشىپ ئويناۋاتقان نەۋرىلىرىنى كۆرگەن ئانامنىڭ ۋاقىتسىز قورۇق چۈشسىمۇ، ئەمما نۇر يېغىپ تۇرىدىغان يارقىن چىرايى خۇشاللىق - ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىدا تەبەسسۇم قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزى يېيىشكە قىيماي ساقلاپ قويغان گۈلە - قاق، جىگدە - مېغىز، كەمپۈت - پىرەنىكلىرىنى ئۆينىڭ قاياقلىرى-

دىندۇر ئېلىپ چىقىپ چوڭ ـ كىچىك ھەممىمىزنىڭ ئۆز ئېسى-
ۋىسىنى تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. ئاكا ـ ھەدە، كۈيئوغۇل ـ
كېلىنچەكلەر ئانامنىڭ ئەتراپىغا جەم بولۇپ مۇڭغا چۈشكەن پۇر-
سەتتىن پايدىلىنىپ نەۋرە ـ چەۋرىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ھەر خىل
ئويۇنلارغا چۈشۈپ كېتەتتىم. كۆڭلۈمدە جاھاننىڭ غېمى يوق
تەنتەك ۋاقىتلىرىمىز بولغاچ، ئويۇنغا بېرىلىپ كەتكەندە باغ ـ
ۋاران، گۈل ـ گىياھ، ئۆگزە ـ يەر دېمەستىن چۇرقىرىشىپ
قوغلىشىپ ھويلا ـ ئارامنى بېشىمىزغا كىيەتتۇق. باشقا نەرسى-
لەرگە قانچە «بۇزغۇنچىلىق» قىلساقمۇ كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان
ئانام، بىرەر تال گۈل ـ گىياھنى چەيلەپ قويساقلا دەرھال
ئورنىدىن تۇرۇپ شۇ چەيلەنگەن گۈللىرىنى تېڭىقچىدەك تېڭىپ
تۈزەشتۈرگەچ:

— گۈل — خۇشاللىق، بەخت، سائادەتنىڭ، گۈزەللىك،
نازاكەتنىڭ سىمۋولى، — دەيتتى ئانچە ـ مۇنچە كايىغاچ، گۈل
بىزگە بەخت ۋە شاد ـ خۇراملىق ئاتا قىلىدۇ، شۇڭا گۈللەرنى
سۆيۈش ۋە ئاسراش بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىمىز. گۈلنى چەيلى-
گەنلىك، ئۆز بەختىڭنى چەيلىگەن بىلەن ئوخشاش.

بۇنداق چاغلاردا ئانام ھەممىمىزنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ،
گۈللىرىنى پەرۋىش قىلغاچ گۈللەرنىڭ خاسىيىتى، قىممىتى
ھەققىدە كۆپ تەرەپتىن چۈشەندۈرۈپ كېتەتتى. بارا ـ بارا ئەق-
لىمگە كەلگەندىن كېيىن ئانامنىڭ ھەممىدىن بەكرەك گۈلگە
ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. گەرچە ھويلى-
مىزنى بەكمۇ چوڭ دېيىشكە بولمىسىمۇ، بەئەينى چاھار باغنىڭ
ئۆزى ئىدى. باشقىلار ھويلىسىدىكى ئېتىزلارغا چامغۇر ـ زەر-
دەك، كۆكتاتلارنى تېرىسا، ئانام ھويلىمىزنى مەخسۇس گۈل
ئېتىزلىقى قىلاتتى. تەكشى ئېتىزلاشتۇرۇلغان ھويلا بىغىمىزغا
ھەر خىل گۈللەرنى ئۆز رېتى بويىچە تېرىيتتى. باھار بىلەن تەڭ
ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھۇپپىدە ئېچىلغان قىزىلگۈل، ئەتىر-

گۈل، خىنەگۈل، تاجىگۈل، ئانارگۈل، رەيھانگۈل، سۆگەتگۈل، قاراگۈل، لەيلىقازاق، قوناقگۈل، سېرىقگۈل، تاۋۇسگۈل... دېگەندەك ھەر خىل گۈللەر تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە تەبىئەتكە ماس ھالدا ئېچىلىپ، كىشىلەرنىڭ زوقىنى ئۆزىگە تارتسا، ئې-رىق بويلىرىدىكى دەل - دەرەخلەر، تام - دەرۋازا لەمپىلىرىگە ياماشتۇرۇلغان ھەشقىپېچەك، نامازشامگۈل قاتارلىق ھەر خىل گۈللەر كىشىلەرگە قاشالانغان گۈللۈك باغچىدەك ھۇزۇر بېرەت-تى. ئانامنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ خۇددى بىز-لەرگە مېھرىنى بېغىشلىغاندەك گۈللەرگىمۇ ئالامەت ھېرىس ئە-دى. كۆپ قىسىم ۋاقتىنى گۈل ئېتىزىدا گۈللەرنى پەرۋىش قىلىش، تاقلاش، كۆچۈرۈپ ئۆلاش، چاڭلاشتۇرۇش بىلەن ئۆت-كۈزەتتى. قولۇم - قوشنىلار ئەتىگەن - كەچلىرى ئىشتىن يېنىپ ھېرىپ چارچىغاندا، ئارام كۈنلىرىدە «چاھار» بېغىمىزنى سەيلە قىلىپ گۈللەردىن ھۇزۇرلىنىپ ھاردۇقلىرىنى چىقىرد-شاتتى. كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى ئۇنتۇشاتتى. ياشلىق دەۋرگە قە-دەم قويۇپ مۇھەببەتكە ئىشتىياق باغلاۋاتقان يېزا ياشلىرى قىز دوستلىرىغا، مەھبۇبلىرىغا، كۆيۈشكەن - سۆيۈشكەنلىرىگە ئا-تاپ ئانامدىن گۈلدەستە سورايتتى. ئانام ئۇلارنىڭ رايىنى قايتۇر-ماي سورىغان گۈل خىللىرىدىن گۈلدەستە تىزىپ بېرەتتى. شۇڭ-لاشقىمۇ مەھەللە - كوي، يىراق - يېقىندىكى قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - جامائەت ئانامنى «گۈلچى ئايلا» دەپ تەرىپلىشەتتى.

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقى ئاخىرلىشىپ ئىمتى-ھانغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتۇق. گەرچە، دەرس جەدۋىلىمىزگە ھەر خىل پەنلەر بويىچە پىلان تۈزۈلگەن بولسىمۇ ياش قۇرامىمىز، قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىمىزغا ماس كەلمىگەن چۈشىنىكسىز ئىبا-رىلەرنى يادلاش، ھەپتىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك «سىياسىي پائالى-يەتلەر» بىلەن ئاۋارە بولۇش، ئايدا ئۈچ - تۆت قېتىم بىز



www.uyghurkitap.com

تونۇمايدىغان «ئۈچى»، «بۈچى» لارنى كۈرەش قىلىشلار بىلەن كۈنلەر بىھۇدە ئۆتۈۋاتاتتى. بۇ ئىشلاردىن كۆڭلۈم سوۋۇغاچقا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز ئەمىردىن مۇئەللىمدىن بىرقانچە ئەدەبىي كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ، ئىمتىھان تەييارلىقىنى ئانامنىڭ «چاھار» بېغىدا تەكرارلاش ئۈچۈن سىنىپ مەسئۇلىمىزغا يالغان - ياۋىداق باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، بىر ھەپتىلىك رۇخسەت ئالدىم. تەكرارلايدىغان دەرس مەزمۇنلىرى ئانچە كۆپ بولمىغاچقا، بىر ھەپتىلىك ۋاقتىم ئاساسەن «چاھار» بېغىمىزدىكى گۈللەر ئارىسىدا ئەدەبىي كىتابلاردىن زوق ئېلىش بىلەن ئۆتتى. رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرى ئىچىدە ئەمىردىن مۇئەللىمدىن مەخپىي ئارىيەت ئالغان نىكولاي ئوستروۋىسكىنىڭ «بوران بالىلىرى»، «پولات قانداق تاۋلاندى»، ماكسىم گوركىينىڭ «ئانا»، دانىيە يازغۇچىسى ئاندىرسېننىڭ قىزىقارلىق چۆچەكلىرى، ئاكا - ئۇكا گىرىملار بىرلىشىپ يازغان گىرىم چۆچەكلىرىدىكى «كۆل قىز»، «ئۆر توقمىقىم» قاتارلىق ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم ھەمدە شۇ قاباھەتلىك يىللاردىمۇ ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي ئەدەبىي مىراسلارنى ساقلاپ قالغان ئەمىردىن مۇھەللىمگە بىردىنلا ھۆرمىتىم قوزغالدى.

— ئانا، — دېدىم مەن بىر كۈنى مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا، — ئۆزۈڭ ياخشى دەپ بىلگەن ئەڭ كۆركەم، پۇراقلىق گۈللىرىڭدىن بىر دەستە تىزىپ بەرگىنە!

— بىر ھەپتىدىن بېرى نېمانچە گۈللۈككە مۆكۈنۈۋالغاندۇ دېسەم، ئەسلىدە سەنمۇ گۈلگە ئاشىق بوپتىكەنسەن - دە؟! — دېدى ئانام مېھرىبانلىق بىلەن چاقچاق تەلەپپۇزدا، — گۈلدەستە تىزىپ بەرسەم بېرەي، بىراق ئۇنى قايسى رەناغا سوۋغا قىلىدىغانلىقىڭنى ماڭا ئېيتىپ بېرىسەن، — ئانام دائىم شۇنداق ئەركىلەتمە گەپلەر بىلەن چاقچاق قىلاتتى.

— كىم ئۇ رەنا - پەنا دېگىنىڭ، ئەمىردىن مۇئەللىمگە

www.uyghurkitap.com

سوۋغا قىلاي دەيمەن.

— ھە، ھېلىقى شەيتانچىقىغا مىنىپ پات - پات سىزنى ئىزدەپ كېلىدىغان كۆزەينەكلىك ئەپەندەڭگىمۇ؟

ئەمىردىن مۇئەللىم ۋاقىت تاپسىلا كونىراپ كەتكەن ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ سەھرالارغا چىقىپ گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىزنىڭ مەھەللىگە كەلگەندە ھويلىمىزغا كىرىپ بىرقانچە رەت گۈللىرىمىزنى ساياھەت قىلغانىدى. بەزىدە گۈللەرنىڭ تۈۋى دەمدۇ، قايسى گۈلنىڭ قايسى پەسىلدە غۇنچىلىشى، پەرۋىش قىلىنىشى دەمدۇ، ئەيتاۋۇر ئانام بىلەن گۈللەر توغرىسىدا پاراڭلىشىپ كېتەتتى.

— ئەپەندەڭگە گۈل سوۋغا قىلىشنى نىيەت قىلغان بولساڭ، مانا مەن تىزىپ بېرەي، — دېدى ئانام رازىمەنلىك بىلەن، — بىراق شۇنى ئېسىڭدە تۇت. ئاران تەستە پەرۋىش قىلغان گۈللىرىم مەكتىپىڭگە بارغاندا خازان بولۇپ كەتمىسۇن.

دېمىسىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بىر ھاڭ پەيدا قىلىپ قويغانىدى. قايسىبىر ئوقۇغۇچى بىرەر ئوقۇتقۇچى بىلەن يېقىنلىشىپ قالسا ياكى كۆپرەك ئىزدەپ قويسا «مەيدانى يوق»، «يالاقچى» دېگەن بەتناملارغا قالاتتى. شۇ ئوقۇتقۇچىمۇ ھەر خىل ئاۋارىچىلىكلەرگە قالاتتى، بەلكىم ئانام شۇنى ئويلاپ يەتكەن بولسا كېرەك.

ئىيۇل ئايلىرىنىڭ تاڭ سەھىرى كىشىگە بەكمۇ ھۇزۇر بېغىشلايتتى. تۈنۈگۈنكى تىنجىق ئىسسىقتا سولاشقان گۈل بەرگىلىرى بۈگۈن تاڭ سەھەردە قايتا ياشارغان، گۈللۈكنىڭ ھىدىمۇ باشقىچە، ساپ ھاۋا بىلەن چاڭلاشقان گۈل ھىدلىرى دىماغقا ھەربىر ئۇرۇلغاندا ئادەمنىڭ نېرۋىلىرىنى ياشارتىپ روھلۇق قىلدۇرۇۋېتەتتى.

تاڭ سەھەر گۈللۈكىمىزنىڭ دائىملىق مېھمانلىرى بولغان ھەر خىل قۇشلارنىڭ خۇش ناۋا سايراشلىرىدىن ئويغىنىپ كەت-

تىم. ئانام بامدات نامىزىنى تۈگەتكۈچە باغنى بىر مەھەل ساياھەت قىلدىم - دە، ناشتىلىقىمنى قىلىپ، ئانام تەييارلاپ قويغان گۈلدەستىنى قولۇمغا ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ، ئانامنىڭ گۈل-دەستە تىزىش ماھارىتىگە ھەيران قالدىم. ئوتتۇرىسىدىكى گۈل بەرگىلىرى تولۇق ئېچىلغان ئاق ئەتىرگۈل، ئاق ئەتىرگۈلنى ئوراپ تۇرغان تۇرغۇن رەڭگارەڭ گۈل - غۇنچىلەر، نېمىدېگەن سىمۋوللۇق ئوخشىتىش - ھە! ماھىرلىق بىلەن تىزىلغان گۈل-دەستە، بەئەينى ئىلىم - مەرىپەت ئىشقىدا پەرۋانە بولۇۋاتقان بىر توپ ياش نوتىلارنىڭ مەرىپەت ئىگىلىرىگە تەلمۈرۈۋاتقان ئوبرازى-نى ئەكس ئەتتۈرەتتى.

رازىمەنلىك بىلەن ئانامنىڭ مەڭزىگە يەڭگىل سۆيۈپ قوي-دۇم- دە، گۈلدەستىنى يالتىراقتا ئاۋايلاپ ئوراپ، ئالدىراش مەكتەپكە ماڭدىم. بىرىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىنىڭ توشۇشىغا بەكمۇ ئىنتىزار ئىدىم. ئەمىردىن مۇئەللىمنى تېپىپ ئارىيەت ئالغان كىتابلىرىغا قوشۇپ گۈلدەستىنى سوۋغا قىلىشنى تەقەززا-لىق بىلەن كۈتتىم.

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى. سىنىپ مەسئۇلى-نىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا گۈلدەستىنى ئاۋايلاپ قوينۇمغا سېلىپ، ئەمىردىن مۇئەللىمدىن ئارىيەت ئالغان كىتابلار سېلىن-غان بوغچامنى ئېسىپ ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى بىناسى تەرەپكە ماڭدىم. مەكتەپ ئىچى ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغانىدى، دەرستىن چۈشكەن ئوقۇغۇچىلار ئۈزۈسى بۇزۇۋېتىلگەن ھەسەل ھەرىسىدەك كارىدوردا، مەيداندا، ئېرىق بويلىرىدا ئارچا دەرەخلىرى ئەتراپىدا غۇژمەك بولۇشۇپ ئاللىنېمىلەر ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلات-تى، مۇڭدىشاتتى. بىرقانچە ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچى ئىشخانا بىناسى ئالدىدىكى سۆگەت - تېرەكلەرگە يۆلىنىپ توپ مەيداندى-كى ۋاسكېتبول ھەۋەسكارلىرىنىڭ ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىپ توپ ئويناۋاتقان ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئە-

مىردىن مۇئەللىمنىڭ يوقلۇقىغا كۆزۈم يەتكەندىن كېيىن، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئەمىردىن مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىك-نى يەڭگىل چەكتىم، قايتا ـ قايتا ئىشىكنى چەككەن بولسىمۇ سادا چىقمىغاندىن كېيىن، ئىشىكنى ئېھتىيات بىلەن ئىتتىرىپ ئاچتىم. ئىشخانىدا ئادەم يوق ئىدى. بوشلۇقتا يەڭگىل لەيلەپ يۈرگەن سىزىقتەك تاماكا ئىسلىرىدىن ئەمىردىن مۇئەللىمنىڭ ئالدىمدىلا ھاۋالىنىشقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم ـ دە، كارىدورنىڭ يان ئىشىكىدىن مەكتەپنىڭ بېغىغا چىقتىم. ئويلى-غىنىمدەك ئەمىردىن مۇئەللىم ئېرىق بويىدىكى تەكشى ئۆسكەن سۆگەت- تېرەككە يۆلىنىپ ئېرىقتىكى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىۋاتاتتى.

— مۇئەللىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىنى بۇزۇۋەتكەنلىكىمدىن خىجىل بولۇپ، — ئارىيەت ئالغان كىتاب-لارنى ئەكەلگەنتىم.

— ھە! ئالىمىمۇ سەن، — شۇنچە تېز ئوقۇپ تۈگەتتىڭ-مۇ؟ — دېدى مۇئەللىم ماڭا بۇرۇلۇپ رازىمەنلىك بىلەن.

— شۇنداق مۇئەللىم! كىتابلار مېنى ئۆزىگە بەكمۇ ئەسىر قىلىۋالدى، — يەنە بولسا بىرنەچچىنى ··· دېمەكچىدىم، بىراق بىنانىڭ يان تەرىپىدە ئاچىلىنىۋاتقان گۈدۈك ـ گۈدۈك پاراڭلارنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ بوغچامدىكى كىتابلارنى ئېلىپ، گۈلدەستە بى-لەن قوشۇپ ئۇستازىغا ئۇزاتتىم، ئۇ كىتابلارنى قوينىغا تىقىپ مەن سوۋغا قىلغان گۈلدەستىگە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

— پاھ! نېمىدېگەن چىرايلىق، مەنىلىك تىزىلغان گۈلدەس-تە ـ ھە، بۇ! ھەرقاچان ھېلىقى «چاھار» بېغىڭلارنىڭ گۈللى-رىغۇ دەيمەن، ئۆزۈڭ تىزدىڭمۇ بۇنى؟

— كىتاب ئارىيەت بەرگەنلىكىڭىزگە تەشەككۈر يۈزىسىدىن ئانامغا ئاتايىن تىزدۇردۇم.

— ھە راست! ئاناڭ سالامەتتۇر؟ — گۈلگە قانماي قاراپ-

قاراپ سۆزلىدى مۇئەللىم! — كىتاب لازىم بولسا، تارتىنماي كېلىۋەر، بىراق ئىككى شەرتىم بار: بىرى، كىتابلارنى يوقىتىپ قويمايسەن، پاكىز تۇتىسەن، باشقىلاردىن مەخپىي ئوقۇيسەن. ئىككىنچىسى، كىتابلارنى قايتۇرغىنىڭدا مانا مۇشۇنداق گۈلدەستە بىلەن قايتۇرىسەن. قانداق؟!

— چاتاق يوق مۇئەللىم، كىتابلا بېرىپ تۇرىدىغان ئىش بولسا بېغىمىزدىكى گۈللەرنى ئىشخانىڭىزغا كۆچۈرۈپ كېلىشكىمۇ رازىمەن.

— ماۋۇ تەنتەكنى قارا! گۈللەرنى قالايمىقان ئۈزۈۋېرىپ ئاناڭدىن تەستەك يېمىگىن يەنە...

ئىختىيارسىز كۈلۈشتۇق، بۇ ئۇستاز بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلانغان كۆڭۈل رىشتىسىنىڭ ھەقىقىي ساپ كۈلكىسى ئىدى. بىراق زىننىخىمىزدىن تەبەسسۇم ئىزنالىرى كەتمەي تۇرۇپلا قارا بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدۇق. بىنانىڭ يان تەرىپىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەلگەن بىر توپ «سەركەردىلەر» ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە بىزنى ئورىۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى يۇقىرى سىنىپنىڭ ئاتامانلىرى، بەزىسى بىزنىڭ سىنىپتىكى تىرناقتىن كىر ئىزدەپ يۈرىدىغانلاردىن ئىدى. يېقىندىن بۇيان مەكتەپتە ئەۋج ئالغان «(ئوك)، چىل ئەنزە ئاغدۇرۇش» دەمدۇ، «ئۇچى، بۇچىلارنى پىپەن قىلىش» دەمدۇ، ئەيتاۋۇر بىر خىل تەتۇر قۇيۇننىڭ كۈچى بىلەن بۇ بىر توپ نادانلارنىڭ بازىرى چىقىپ، سۆڭەك ئىزدەپ يۈرگەن لالما ئىتتەك ئەتراپنى پۇراپلا يۈرەتتى. ئۇلار ئەمىردىن مۇئەللىمدىن بىرەر پاكىت قولغا چۈشۈرەلمىگەچكە، ئۇنىڭغا چېقىلالماي كېلىشكەنتى... مانا ئەمدى ... ئىختىيارسىز يۈرىكىم جىغ قىلىپ قالدى، كۆزۈم مۇئەللىمنىڭ قولتۇقىدىكى كىتابلاردا ئىدى، مەن بىرەر ئامال ئويلاپ بولغۇچە كىتابلار ئۇلارنىڭ كىر قوللىرىغا چۈشۈپ كەتتى.

— يېقىندىن بېرى سېرىق كىتابلارنى ئوقۇيدىغانلار كۆپە-

يىپ قېلىۋىدى، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئىسكىلاتچىسى سەنكىنسەن ـ دە! ۋۇ ئۆزگەرمەس سېسىق توققۇزىنچى، ئەمدى قولۇمىزغا چۈشتۈڭ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلىگىنىڭ ئۈچۈن تۈلكۈچە تۇرمىدە ياتىسەن! باغلاڭلار بۇ گەزەندىنى!

ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى بەكمۇ يامان بولۇپ، شۇ دەۋرنىڭ ھەم ساقچىلىرى، ھەم تەپتىشلىرى، ھەم سوتچىلىرى ئىدى. تاقىر-باش ئاتامانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەنلا ئەتراپتىكىلەر ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئەمىردىن مۇئەللىمنى ئۇرۇپ دۈشكەلەپ قوللىرىنى قاي-رىپ بولدى. گۈلدەستىمۇ ئۇلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا يانجىلىپ تۇپر-غا مىلىنىپ كەتتى. قاراپ تۇرۇپ ئۇستازنى بالاغا تىقىپ قويغى-نىمغا ئىچ ـ ئىچىمدىن ھەسرەتلەندىم، ۋاقىتسىز چەيلەنگەن گۈللەرنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلدى، ئاستا ئېڭىشىپ چەيلەنگەن گۈلدەستىنى قولۇمغا ئېلىشىم بىلەن تەڭ، تارسىسدە تەگكەن شاپىلاقتىن كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

— ۋۇ كۈچۈك! نومۇس قىلماي يالاقچىلىق قىلىپ كەتكى-نىنى قارا بۇنىڭ! سەنمۇ توۋنامە يېزىپ سىنىپتا ئۆزۈڭنى تەكشۈرىسەن!

سىنىپىمىزدىكى جېدەلخورمۇ، قىزلارنىڭ چېچىنى پارتىغا باغلاپ قويۇپ دەرس ئىنتىزامىنى بۇزىدىغانمۇ، ياۋاشلارنى بوزەك قىلىپ، نان، قەنت ـ گېزەك، گۈلە ـ قاقلىرىنى تارتىۋالىدى-غانمۇ شۇ تاھىر ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بىلەن ئەسلا چىقىشال-مايتتىم. بۈگۈن ئۇنىڭ كىر قوللىرىنىڭ زاڭقىمغا ۋاقىتسىز ئىز سالغىنى، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ مېھرىبان، سۆت ئورنىغا بىلىم بېرىۋاتقان ئۇستازىنى ئۇرغىنىغا چىشلىرىم كىرد-شىپ كەتتى.

تاھىر قولۇمدىكى گۈلدەستىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى ـ دە، دەسسەپ ـ چەيلەپ ئېرىقنىڭ ئۇ قېتىدىكى ئېتىزلىققا چۆرۈۋەت-تى.

چەيلەنگىنى گۈل بولماستىن شۇ گۈللەرنى ئۆستۈرۈپ پەر-
ۋىش قىلغان ئانامنىڭ قوللىرىدەك، تېخى بايىلا گۈلنى سىقىمداپ
تۇرغان مۇئەللىمنىڭ بور توزۇندىلىرى ئارىلاش قوللىرىدەك،
ئىختىيارسىز يۈرىكىم قوقاستا پۇچىلانغاندەك ئېچىشىپ كەتتى.
شۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئەمىردىن مۇئەللىم «ئوقۇغۇچىلارنى
زەھەرلىگەن، ‹ئوك› چىل دېلو ئاغدۇرۇش نىيىتىدە بولۇپ،
سېرىق كىتابلارنى ساقلىغان ...» دېگەن بەتناملار بىلەن
كۈرەش - پىپەن قىلىندى. مۇئەللىمنىڭ سولغۇن چىرايىغا تى-
كىلىپمۇ قارىيالمايتتىم، ساۋاقداشلىرىم خۇددى: «ئەمىردىن
مۇئەللىمنىڭ بۇ كۈنگە قېلىشىغا سەن سەۋەبچى، سەن گۇناھكار!
» دەپ نەپرەتلىنىۋاتقاندەك، سەھنىدە كۈرەش قىلىنىۋاتقىنى ئە-
مىردىن مۇئەللىم ئەمەس، ئۆزۈمدەك ھېس قىلىپ بېشىمنى
كۆتۈرەلمەيتتىم. ئۆزۈمنى ئۇستازلارنىڭ، ئاق كۆڭۈل ساۋاق-
داشلىرىم ئالدىدا مەڭگۈلۈك گۇناھكار ھېسابلايتتىم. كېيىنكى
يىلدىكى يازلىق تەتىل بەكمۇ زېرىكىشلىك ئۆتتى. ئوقۇيدىغان
كىتاب يوق، كۈنلەرنى ئانامنىڭ چاھاربېغىدا خىيال بىلەن ئۆت-
كۈزدۈم. گەرچە مەكتەپتىن كۆڭلۈم قالغان بولسىمۇ، ئاخىرقى
ئوقۇش يىلىمىز بولغاچ ئامال يوق مەكتەپكە بېرىشقا مەجبۇر
ئىدىم، ئەمىردىن مۇئەللىمنىڭ دەرس بېرىش سالاھىيىتىنى ئې-
لىپ تاشلاپ مەكتەپنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا سالغانتى.
دەرس ئارىلىقىدا كەتمەن كۆتۈرۈپ ئۈن - تىنسىز ئىشلەۋاتقانلى-
قىنى كۆرسەم يۈرىكىم ئېچىشىپ، كۆزلىرىم نەملىشەتتى. كۆز-
لىرىمىز ئۇچرىشىپ قالغاندا بولسا خىجىللىقىمدىن يەرگە قارىۋا-
لاتتىم، لېكىن مۇئەللىمنىڭ كۆزىدىن ھامان بىر خىل سەمىمىي-
لىك، ئۈمىدۋارلىقنىڭ نۇرى چاقنايتتى، ئۇ نۇردىن قانداقتۇر
بىر خىل سېھرىي كۈچنى ھېس قىلاتتىم، يەنە غەيرەتلىنەتتىم.
ھەش - پەش دېگۈچە قىش كېتىپ باھار يېتىپ كەلدى.
ئەڭ ئاخىرقى ئوقۇش مەۋسۇمىمىز بولغاچ كۆپ ھاللاردا ئۆتكەن

دەرسلەرنى تەكرارلاش بىلەن ئۆتەتتۇق، نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم يالغۇزلۇقنى خالىغاچقا كۆپ ھاللاردا پىنھان جايلاردا تەكرار قىلاتتىم، بىر كۈنى دەرس يادلىغاچ ئىختىيارسىز ئوقۇغۇچىلار بىناسىنىڭ يان تەرىپىگە — ئۆتكەن يىلى گۈلدەستە چەيلەنگەن جايغا كېلىپ قالدىم. چەيلەنگەن بىر دەستە گۈل چۆرۈۋېتىلگەن ئېتىزلىقتا قاراپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم، ئەتراپى قاشا قىلىپ توسۇلغان كىلەم ئورنىچىلىك ئېتىزدا، بىزنىڭ باغدىكىگە ئوخشاشلا ئون نەچچە خىل گۈل پورەكلەپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ. يېقىن بېرىپ پۇراپ باقتىم. گۈللەرنىڭ ھىدىمۇ ماڭا تونۇش ئىدى، ئىختىيارسىز سۆيۈنۈپ كەتتىم، باغنىڭ يېڭى خوجايىنىدىن ئۆتتۇمكى، ئەمىردىن مۇئەللىم ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن كۆرەش - پىپەن قىلىنىپ مۇشۇ باغقا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغاندىن كېيىن، ھېلىقى گۈلدەستىنى ئاۋايلاپ بورا ئۈستىگە يېيىپ قۇرۇتۇپ، ھەربىر گۈلنىڭ تۈرى بويىچە ئۇرۇقنى ئايرىۋاپتۇ، بەزى گۈل ئۇرۇقلىرىنى ئۆيدە تەشتەكتە ئۆستۈرۈپ، قىشچە پەرۋىش قىلىپ، باھاردا مۇشۇ ئېتىزلىققا كۆچۈرۈپتۇ، بەزىلىرىنى تېرىپتۇ. سۇ قىس ۋاقىتلاردا چېلەكلەپ سۇ توشۇپ سۇغىرىپتۇ. رەھىمسىز شامال - قۇيۇنلارنىڭ نازۇك گۈللەرنى نابۇت قىلىشىدىن ئەنسىرەپ شاخ - شۇمبا تېرىپ قاشا توراپتۇ. خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ھەر كۈنلىكى ۋاقىت چىقىرىپ گۈللۈكنى پەرۋىش قىلىپ تۇرۇپتۇ.

ئىختىيارسىز كۆزلىرىمگە ياش ئالدىم. ئۆزىنىڭ بىر مەھەل ئازارچىلىققا قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان سولغان گۈل - غۇنچىلەرنى قايتا گۈللەتكەن، پەرۋىش قىلىپ ئېچىلدۇرۇپ تەبىئەتكە ھۆسن قوشقان باغرى ئىللىق، مېھرىبان ئۇستازنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدا نۇرلۇق چولپان بولۇپ پارلىدى.

ئارىدىن ئوتتۇز نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. نۇرغۇن ئىشلار ئۇنتۇلسىمۇ خىيال ئېكرانىمدا شۇ كىچىك گۈلزارلىق ھامان

ساقلىنىپ كەلدى. ئانا دىيارغا ھەربىر قەدەم باسقىنىمدا شۇ گۈزەل ماكاننى، ئانا مەكتىپىمنى زىيارەت قىلىشنى ئۇنتۇمايمەن. جاھان ئۆزگەرگەن، ئانا مەكتەپمۇ يېڭىچە تۈسكە كىرگەندى. شۇ مېھرىبان ئۇستاز پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن ھەر خىل گۈللەرنىڭ مەكتەپ قورۇسىنىڭ ھەممە يېرىگە تارىلىپ پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان مەنزىرىنى ئۇچراتقىنىمدا، مەرھۇم گۈلچى ئانامنى، كۆيۈمچان باغۋەن، ئۇستازلىرىمنى كۆرگەندەك بولىمەن. رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ يېقىملىق ھىدىدىن ئۇلارنىڭ تىنىقىنى سۈمۈرۈۋالىمەن، بۇ ھىدلار مەن ئۈچۈن ئەڭ ئالىي سوۋغا بولۇپ، قانلىرىمدا ئۆركەش ھاسىل قىلىپ، تومۇرلىرىمدا توختىماي ئاقىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مۇختار مۇھەممەد

# «قۇياش ئوغلى»

## (فانتازىيىلىك ھېكايە)

### مۇقەددىمە

پۈتۈن شەھەرنى ئات - ئۇلاغلارنىڭ تېزىكى قاپلىغان، دوق- مۇش - دوقمۇشلاردا پىچان، ئوت - چۆپ ساتىدىغان باققاللار ئورۇن ئالغان، چوڭ - كىچىك ماگىزىنلارنىڭ پەشتاختىلىرىغا قولچىراغ باتارېيىسى بىلەن ھەر خىل شاملار تىزىلغان بولۇپ، ئەينى يىللاردىكى ئاپتوموبىل قىستاڭچىلىقى ۋە سانائەت سېسىق- چىلىقىدىن ئەسەر قالمىغان بولسىمۇ، ھەممە يەرنى ئادەم سېسىق- چىلىقى قاپلىغانىدى. ئاپتوموبىل مەيدانلىرىغا ھەر خىل ۋېلىسى- پىتلەر بىلەن ئات - ئېشەك ھارۋىلىرى توختىتىپ قويۇلغان بولۇپ، پەلەك بىلەن بوي تالاشقان بىنالارنى ھېسابقا ئالمىغاندا رومان، كىنولاردىكى 17 - ئەسىرنى ئەسلىتەتتى.

ئون بەش يىل بۇرۇن دۇنيا ۋە دۆلەتنى نېفىت، گاز بىلەن تەمىنلەيدىغان بۇ داڭدار شەھەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى شۇ بولغاچ- قا، باشقا شەھەرلەردىن ئېغىز ئېچىش تەس ئىدى. شەھەردە رەڭگارەڭ چىراغلار، زامانىۋى ئۇسكۇنىلەرنىڭ ئېلانلىرى ئاللى- قاچان يوقىلىپ، بۇرۇنقى ئېلان تاختىلىرىغا قايسى ئات ياكى

ئېشەك فېرمىلىرىنىڭ ئېلانلىرى قول بىلەن يېزىپ قويۇلغان بولۇپ، يېقىنراق بارمىسا كۆرگىلى بولمايتتى. كەچ كىرىشى بىلەن ئېگىز بىنالارنىڭ سايىسىدە مۇددەتتىن بۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكەچكە، كوچىلار بۇرۇنلا قۇرۇقدىلىپ قالاتتى. كەچلىك بازار، تانسىخانا، بەزمىخانا، رېستوران دېگەنلەر ئاللىبۇرۇن ئەسلىمىگە ئايلانغان، خۇنۇك شەھەرنىڭ غەربىدىكى نەچچە رەت قاراۋۇللار قوغداپ تۇرىدىغان ئىككى قەۋەتلىك داچىسىمان بىر قورۇنىڭ چىراغلىرى ئەينى يىللاردىكى شەھەرنىڭ قىياپىتىنى ساقلاپ قالغانىدى.

يەتتە قات ھەربىي قاراۋۇل قوغداۋاتقان بۇ قورۇنىڭ دەرۋازى-سىنىڭ ئېچىلمىغىنىغا ئۇن كۈندىن ئاشقان بولسىمۇ، يەنىلا سۇرلۇك كۆرۈنەتتى، بۇ قورۇ شەھەرنىڭ غەربىدىكى ئورمانلىق ئارىسىدا بولۇپ ئانچە كۆزگە چېلىقمايتتى. شەھەر خەلقى بۇ قورۇغا ئانچە نەزەر سالمىسىمۇ، ئەمما دۇنيانىڭ كۆزى مۇشۇ قورۇدا ئىدى. ئۇن بەش يىل بۇرۇن ئەڭ ئاخىرقى نېفىت، گاز ۋە كۆمۈر زاپىسى مۇشۇ شەھەردە تۈگىگەندىن كېيىن، پۈتۈن دۇنيانىڭ تەرەققىياتى بىردىنلا تېز سۈرئەتتە چېكىنىشكە باشلاپ، بىر مەزگىللىك پاتىپاراقچىلىقتىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئىزىغا چۈشكەن بولسىمۇ، يېڭى ئېنېرگىيە تەتقىق قىلىپ چىقىلمىسا چوڭ بالايىئاپەت يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆز ئالدىغا ھەر خىل يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسى ئىزدەۋاتقان ۋە تەتقىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، نېفىت، گاز، كۆمۈرنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان ئېنېرگىيە مەنبەسى بولال-مايۋاتاتتى.

مانا مۇشۇ ئىشلار بولۇۋاتقان يىگىرمە يىل بۇرۇن «يېڭىچە، مەڭگۈلۈك ئېنېرگىيە مەنبەسى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى بىلەن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان مۇتەللىپ دۇنيا كۆز تىكىدىغان مۇھىم شەخسكە ئايلانغانىدى. ئۇ ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ ئۇزاققا قال-

ماي، تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئىز ـ دېرىكى يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ دۆلىتىمىزدىكى ئالتە نەپەر بىئولو- گىيە ئالىمى بىللە مۇشۇ قورۇدا يېڭىچە تەتقىقات ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان بولۇپ، ئازلا ۋاقىتتىن كېيىن نەتىجىسى چىقات- تى.

بۇ ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ ئۈگزىسى ۋە ئەتراپىغا يۈزدىن ئارتۇق قوبۇللىغۇچ قازىنىغا ئوخشاش قازانلار ئورنىتىلغان بو- لۇپ، بىر قاراشقا يەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئوخشاپ قالاتتى. يېقىندىن بۇيان، بۇ ئەتراپقا ئاتلىق، ئېشەكلىك ۋە ۋېلىسىپىتلىك ساياھەتچىلەر كۆپرەك كېلىدىغان بولۇپ قالغاچقا، قاراۋۇللار كۆپەيتىلگەنىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ قورۇغا ئو- چار قوشلارمۇ كىرەلمەيتتى، ئەمما يېقىندا يۈز بەرگەن بىر ئىش پۈتۈن دۇنيانى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئايدىڭ، ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن قاتتىق قوغدىلىۋاتقان بۇ ئىككى قەۋەتلىك بىنا بىردەمدىلا كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. بۇ شۇم خەۋەر تارقىلىش بىلەنلا، پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن ئۈمىد بىر كېچىدىلا كۆپۈككە ئايلاندى ـ دە، دۇنيا مىقياسىدا مالىمانچىلىق باشلاندى. بۇ ئىشنى X دۆلەتنىڭ جاسۇسلىرى قىلغان، دېگەن پەرەز بىلەن شۇ دۆلەتتە تۇرۇشلۇق X دۆلەتنىڭ كونسۇلخانىلىرى ئورۇپ چېقىلدى. ھەتتا بەزى دۆلەتلەردە X دۆلەتنىڭ كونسۇلخانا خادىم- لىرى ئۆلتۈرۈلدى. ئالتە ئاي داۋاملاشقان بۇ مالىمانچىلىق نۇر- غۇن دۆلەتلەرگە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى، ھەتتا بەزى دۆلەتلەر كونترول قىلغۇسىز بولۇپ كەتتى. ئەگەر بۇ مالىمانچىلىق يەنە ئازراق داۋاملاشسا، دۇنيانى زۇلمەت قاپلاپ دوزاخقا ئوخشاپ قالاتتى. ھازىرمۇ دوزاختىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. نەگىلا قارىسا، بۇلاڭ- تالاڭ، باسقۇنچىلىق، ئوغرىلىق، ئاچارچىلىق، ئىشقىلىپ مۇشۇ شەھەردىن باشقا جايلاردا بىخەتەر، تىنچ جاي قالمىدى دېگۈدەك

ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئەنسىزچىلىك، يىغا - زار قاپلىغان بۇ پانىي دوزاخقا تۇيۇقسىز ئۇمىد زەمزىمى چىچىلىپ، جىمىمىدە قىلىپ قويدى. ئىنسانلارنىڭ كۆزلىرىدىكى، چىشلىرىدىكى ھەم قەلبىدىكى غالجىرلىق پەسكويغا چۈشۈپ، ئۇمىد ئۇچقۇنى يەر شارىنى يورۇتۇشقا باشلىدى. ئامېرىكىلىق ئالىم مورگان: «تا- رىمنىڭ سىرى قاچان ئېچىلسا، ئىلىم - پەننىڭ ئاچقۇچى شۇ ۋاقىتتا تېپىلىدۇ» دېگەنىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەڭ ئاخىرقى ئۇچقۇن تارىمدا ئۆچكەنىدى، دۇنيا ئۆچتى، مانا ئەمدى دۇنيانى يەنە بىر تارىم يورۇتماقچى.

## يەر ئاستىدا ئون بەش يىل

ئاجايىپ غەلىتە ئۇسكۇنىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن، بارلىق تام، تۈۋرۈكلەرگە دوسكا ئورنىتىلغان، ناھايىتى چوڭ بۇ تەتقى- قاتخانىدا يۈزدىن ئارتۇق ئالىم توختاۋسىز ئىشلىمەكتە ئىدى. ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى پەنلەر بويىچە يېتىشكەن ئا- لىملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ تەتقىقات ئورنىغا كەلگىنىگە ئالدىغا يىگىرمە يىل، ئەڭ يېڭىلىرىنىمۇ تۆت - بەش يىل بولۇپ قالغا- نىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا نۇقتا، يەنى قۇياش ئىلمى دوك- تورى مۇتەللىپنىڭ يېڭى، مەڭگۈلۈك ئېنېرگىيە تەتقىقاتى تۈرىگە ھەمكارلىشىپ ئىشلىگۈچىلەر ئىدى.

بۇ تۈر ئەمدىلا باشلانغاندا، نۇرغۇن دۆلەتلەر قىزىقىپ، ھەمكارلىشىپ، تەتقىق قىلىش توختامى ئىمزالىغان بولسىمۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئالىملىرىنى بىر - بىرلەپ قايتۇرۇۋېلىپ كەتكەنىدى. ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندە، دۆلەت رەھبەرلىرىمۇ بىر تۈركۈم ئالىملارنى بۇ تۈردىن قايتۇرۇۋېلىپ كەتتى. بېرىدىغان مەبلەغنىمۇ يىلدىن - يىلغا ئازايتتى. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچقايسى- سى مۇتەللىپنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالمىدى. دەسلەپتە بۇ

تۇرگە قاتناشقان ئالتە نەپەر ئالىم بۇنىڭدىن بەش يىل ئۇزۇن مۇتەللىپنىڭ «قوياش نۇرىنى سۇيۇقلاندۇرۇش» نەزەرىيىسى تەت-قىقاتىدا چوڭ ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەندىلا، دۆلەت مەملىكىتى-مىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەر ساھە ئالىملىرى ئارىسىدىن تاللاپ يۈز نەپىرىنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەنىدى. مانا ئەمدى بۇ ئاخىر-قى نۇقتىغا ئاز قالغاندا كۈتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بېرىپ، مۇتەل-لىپنى گاڭگىرىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق يىللىق ھاردۇق بىراقلا چىرماپ ئۈچ كۈندەك ھوشسىز ياتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلى-غان دۆلەت رەھبەرلىرى بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، داڭدار دوختۇر ئەۋەتمەكچى بولغاندا، مۇتەللىپنىڭ كومپيۇتېرىدىكى ئۈچۈر ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئارامىغا چۈشۈردى.

مۇتەللىپنىڭ باش - ئايىغىدا پاي-پېتەك بولۇپ يۈرگەنلەر نېمە قىلارنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشقاندا، «مۇتەللىپ سىس-تېمىسى» ئۈچۈر ئېكرانىدا «مېنى يەنە بىر كۈن ئارامىمدا قو-يۇڭلار ...» دېگەن ئۇچۇر پەيدا بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار «ئۇھ ...!» دېيىشىپ، ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بولۇشتى. «مۇ-تەللىپ سىستېمىسى» نى مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ DNA سىغا ئاساسەن تەتقىق قىلىپ چىققان بولۇپ، ئۆزى ھاياتلا بولىدىكەن بارلىق پائالىيىتىنى خاتىرىلەپ ماڭاتتى، مۇتەللىپ «مۇتەللىپ سىستې-مىسى» نىڭ مىڭ كىلومېتىر دائىرىسى ئىچىدە بولسا مۇتەللىپ-نىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ توقسان بەش پىرسەنتى ئوخشاش چىقاتتى. ئۇ، مۇتەللىپنىڭ بارلىق ئوي - پىكىرلىرىنى تۇرگە ئايرىپ ساقلاپ قوياتتى. ھەرقانداق خاكېرمۇ ھۇجۇم قىلالمايتتى. «مۇ-تەللىپ سىستېمىسى» بارلىققا كەلگەن كۈندىن باشلاپ، نۇرغۇن دۆلەتلەر داڭدار خاكېرلارنى يىغىپ ھازىرغىچە ھۇجۇم قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي جان تالىشىۋاتاتتى. مانا مۇشۇنداق مۇكەممەل ياسالغان ماشىنىدىن چاتاق چىقمايدۇ، دەپ كىم دېيەلىسۇن؟ تەبىئىي يارالغان ئادەمدىن چاتاق ئۇزۇلمەي-

ۋاتقان يەردە، ئادەم ياسىغان ماشىنىدىن بەك زور ئۈمىد كۈتۈشنىڭ ئۆزى چوڭ ئۈمىدسىزلىك.

بۈنىڭدىن بەش كۈن بۇرۇن «مۇتەللىپ سىستېمىسى» تۇيۇقسىز خىزمەتتىن توختىدى. مۇتەللىپ بىر كۈن دوسكىمۇدوسكا يۈرۈپ، مۇرەككەپ فورمۇلىلارنى ئىشلەپ، سىستېما ئالدىغا كەلگەندە سىستېما ئۆچۈك تۇراتتى. مۇتەللىپ ئۇزاققىچە ھەپىلەشىپ قوزغىتالمىغاندىن كېيىن، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئازراق ئارام ئېلىپ، قايتا قوزغىتىپ بېقىش ئويىغا كەلدى. تاماقتىن كېيىن ئۆزىنىڭ باشقىچە بولۇپ قالغانلىقىنى، بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ، بېشىنىڭ توختىماي قېيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ بىردەم يېتىۋالغاندىن كېيىن، سىستېمىنى قايتا ـ قايتا قوزغاتقان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى. مۇتەللىپ بارلىق خادىملارنى چاقىرىپ سىستېمىغا چېقىلغان ـ چېقىلمىغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ سوراپ چىققان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى چېقىلمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلاردىن سوراش ئارتۇقچە ئىدى. سىستېما مۇتەللىپتىن باشقا ھېچكىمنى مەشغۇلات قىلدۇرمايتتى، قاراۋۇللارمۇ باشقىلارنى سىستېمىغا يېقىن يولاتمايتتى.

مۇتەللىپ بىر كېچە ھەپىلىشىپ، ھېچقانداق ئامال قىلالمىغاندىن كېيىن، مۇتەللىپنىڭ كاللىسى بىردىن قۇيۇقۇرۇق ھالەتكە كەلدى ـ دە، چىرايى تاتىرىپ، سىستېما ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئاستا سەنتۈرۈلۈپ ھوشىدىن كەتتى. ئەتراپىدا قاراپ تۇرغان مەخسۇس دوختۇرلار، قاراۋۇللار دەرھال داۋالاش ئۆيىگە ئەكىرىپ، بارلىق ئامال ـ چارىلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ھوشىغا كەلتۈرەلمىدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بارلىق ئالىملار، خادىملار داۋالاش ئۆيىگە يىغىلىپ، مۇتەللىپتە بولۇۋاتقان قىلچىلىك ئۆزگىرىشكىمۇ دىققەت قىلىپ تۇراتتى. بىر كۈن ساقلاش، ئامال قىلىشلار

كارغا كەلمىگەندىن كېيىن، تەتقىقات ئورنىدىكى باشقا رەھبەرلەر مەسلىھەتلىشىپ، گوۋۇيۈەنگە مەلۇم قىلدى.

توختاپ قالغان «مۇتەللىپ سىستېمىسى» تۆتىنچى كۈنى سەھەردە «ھوشىغا» كەلدى. ئەتىسى سەھەردە مۇتەللىپمۇ ھوشى-غا كەلدى. تەتقىقاتخانىنىڭ ئىچى تەنتەنىگە تولدى، توپتوغرا تۆت كۈن ئىشتىن توختىغان ئالىملار يېڭىچە روھلۇق ھالەتتە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. بويى بىر مېتىر سەكسەن بەش سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى سەكسەن بەش كىلوگرام، قاڭشارلىق، بۇلاقتەك ئوي كۆز، قىسقىسى، بىر قاراشقىلا ئۇيغۇرغا تىپىك ۋەكىللىك قىلا-لايدىغان، شۇ يىللاردىكى نوچى ئەرلەرنىڭ نوچىسى سانىلىدىغان، يىگىتلەرنىڭ گۈلى مۇتەللىپ تۆت كېچە - كۈندۈزلۈك «ئۇيقۇ» سىنى تۈگىتىپ ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپلا چۆچۈپ كەتتى، ئالدىدا ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، چاچلىرى گەدىنىگە چۈشكەن سۇپى سۈپەت بىر ئادەم تۇراتتى. مۇتەللىپ ئۇزاقتىن بۇيان ئەينەككە قاراپ باقمىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى - دە، مېيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئادەتتىكىدىن ئۇزاقراق مۇنچىغا چۈشۈپ، ناشتا قىلىش ئۈچۈن شىرە ئالدىغا كەلدى. شىرەگە ھەر خىل نازۇنېمەتلەر تەييار قىلىنغان بولۇپ، شىرەنىڭ چېتىدە بۇنىڭدىن ئون بەش يىل بۇرۇن نەشر قىلىنغان «دۇنيا ئەرلىرى» ژۇرنىلى تۇراتتى. ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىدا ئاجايىپ قامالاشقان بىر ئۇيغۇر يىگىتنىنىڭ كۈلۈمسىرەپ چۈشكەن سۈرىتى بار ئىدى. مۇتەللىپ ئىختىيار-سىز ھالدا ژۇرنالنى قولىغا ئالدى - دە، سۈرەتكە قارىغىنىچە خىيالغا كەتتى.

ئاجايىپ سىپتا، تەسۋىرلىگۈسىز چىرايلىق بېزەلگەن زال، زالنىڭ ئىچى - تېشىغا ھەر خىل گۈللەر تىزىلغان بولۇپ، ئەتراپ خۇش پۇراق بىلەن تولغانىدى. دۇنيانىڭ جاي - جايلىرى-دىن كەلگەن مىڭدىن ئارتۇق ئالىم بۇ يەرگە جەم بولغان بولۇپ،



www.uyghurkitap.com

«دۇنيا مۆنبىرى» مانا بۇ ئۇلۇغ شەھەردە بۇگۈن ئەتىگەندە ئۆتكۈزۈلەتتى.

زالنىڭ ئىچى ئادەمگە لىق تولغان، «دۇنيا مۆنبىرى»گە بارىدىغان يوللار ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. چۈنكى، بۈگۈن «مۆنبەر»دە پەرىزات نەسلىدىن بولمىش (ئۇ شۇنداق قاملاشقان، ئادەم نەسلىدىن ئۇنىڭدەك چىرايلىق ئەر يارالماس، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامدىن قالسا ئۇنىڭغا يېتىدىغان چىرايلىق ئەر يوق بولغاچقا، ئۇنىڭ چىرايى ۋە بەدەن قۇرۇلمىسىنى تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىپ، كىشىلەر پەرىزات نەسلىدىن بولمىش مۇتەللىپ، دەپ ئاتىشىۋالغانىدى) دوكتور مۇتەللىپ بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇيتتى. چولپانلارغا چوقۇنغۇچى تەنتەك قىزلارنىڭ قىيا - چىيالىرى جاھاننى بىر ئالغان بولۇپ، ھازىرلا ئۆلۈۋالىدىغاندەك قىلىشاتتى.

— توۋا ... مۇتەللىپ دوكتور، زېمىنغا چۈشكەن پەرىزات پۇشتىمىش.

— مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەيمەن، بۇ دۇنيادا ھەرقانداق چىرايلىق ئايال ئۇنىڭدەك چىرايلىق بولماس، ئەر كىشىنى شۇنداق ياراتقان خۇدانىڭ قۇدرىتى ئۇلۇغ ...

— نېمە دەيدىغانسىز، پەرىزات دېگەن نېمە ئۇ؟ مۇتەللىپ دوكتور دېگەن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىمىش، بولمىسا شۇنداق چىرايلىق بولامتى ...

ئادەم دېڭىزى ئارىسىدىكى بىر توپ خوتۇنلار شۇنداق دېيىشكىنىچە بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، «مۆنبەر» تەرەپكە قىستىلىشماقتا ئىدى.

— كونىلار گۈزەل ئاياللارنىڭ زىبا چىرايىدىن بەھرىلىنىش ساۋاب، دەپتىكەن ...

— ھەي ... قالايمىقان سۆزلىمە، كاچىتىڭغا يەيسەن، مۇتەللىپ دېگەن ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ، شۇنداقلا دۇنيا ئەرلىرىنىڭ

گۈلى بولۇپلا قالماي، ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئالىمى.

— ئۇنى دېمىسەڭمۇ بىلىمەن، گەپىنىڭ بىلىگە نېمە؟ كوچىدىكىلەرنى كۆردۈڭمۇ، چوڭلارمۇ، كىچىكلەرمۇ، ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ، ئىشقىلىپ ماڭالىغۇدەك ئادەمنىڭ ھەممىسى كەپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى مۇتەللىپ دوكتورنىڭ چىرايىدىن بەھرىلىنىشكە كەلگەن. شۇڭا، مەن دۇنيادىكى ئەرلەر ئاياللارنىڭ چىرايىدىن بەھرىلىنىپ ئۆتمەي، ئەرلەرنىڭمۇ چىرايىدىن بەھرىلىنىپ ساۋاب ئېلىپ باقسۇن، دېمەكچى.

قىرىق ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر توپ ئەرلەر ئۆز مىللىتىدىن چىققان يىتۇك ئالىمدىن ۋە ئالىمنىڭ نۇرلۇق چېھرىدىن چەكسىز بەخت ۋە پەخىرلىك ھېس قىلىشىپ، «مۇنبەر» تەرەپكە قىستىلىشماقتا ئىدى. قىسقىسى، دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن قېرى - ياش، ئەر - ئاياللارنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى، تەسۋىرلىگۈسىز چىرايى چۈشمەيتتى.

شۇنداق قىلىپ ئەتىگەن ئورۇمچى ۋاقتى سائەت سەككىزدە «مۇنبەر» باشلاندى. دوقمۇش - دوقمۇش، باغچىلاردىكى چوڭ ئېكرانلاردا رىياسەتچى كۆرۈندى. رىياسەتچىنىڭ يەنى «دۇنيا مۇنبىرى» نىڭ باشلىقىنىڭ:

— ياش، ئۇلۇغ ئالىم، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ پەخرى، دوكتور مۇتەللىپنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى! — دېگەن سۆزى بىلەن زال ئىچىلا ئەمەس، پۈتۈن شەھەر، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيا زىلزىلىگە كەلدى.

بېشىغا بادامدوپپا، ئۇچىسىغا ساپ ئۇيغۇر پاسونىدا كىيىم كىيگەن مۇتەللىپ سەھنىگە چىقتى. ئۇزاققىچە ئالقىش ساداسى توختىمىدى.

كوچىلاردىكى تەنتەك قىزلار كۆكسىلىرىنى تاتىلىشىپ، قوللىرىنى چىشلىشىپ، ئۆز ئارا كاچاتلىشىپ، ئۆزلىرىنى ئورۇشۇپ، پۈتۈن شەھەرنى قىيامەتكە ئايلاندۇردى. تەرەپ - تەرەپتە



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىللىرى ۋە ساقچى ئاپتوموبىللىرىنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمەيتتى. دوختۇرخانىلار يارىدار بولغانلار (كۆپ قىسمى قولىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالغانلار ئىدى) بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق ئىدى.

ئەتىسى، پۈتۈن دۇنيانى «دۇنيا ئەرلەر ژۇرنىلى» قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ قولىدا دېگۈدەك بىردىن بار ئىدى. چۈنكى، ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا مۇتەللىپنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ژۇرنال ئەينى چاغدىكى ئەڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇمغا ئايلانغانىدى.

مۇتەللىپ ئەتىگەندىلا تەتقىقات ئورنىنىڭ يەر ئاستى ئونىنچى قەۋىتىدىكى ئىشخانىسىغا كىرگەندە ئۈستەل يېنىدا ئالەم بوشلۇقى پەنلىرى دوكتورى چىمەنگۈل قولىدا ھېلىقى ژۇرنالنى تۇتقىنىچە مۇتەللىپنى ساقلاپ تۇراتتى.

چىمەنگۈل مۇتەللىپ بىلەن مەكتەپداش بولۇپ، مۇتەللىپتىن ئۈچ يىللىق تۆۋەن ئىدى. چىمەنگۈلمۇ مۇتەللىپتىن قېلىشمايدىغان بولغاچقا، مەكتەپداشلىرى «چىمەنگۈلنى خۇدايىم مۇتەللىپ ئۈچۈن ياراتقان، دۇنيادا بۇنداق بىر جۈپلەر تېپىلمايدۇ» دېيىشەتتى. مۇتەللىپ بىلەن چىمەنگۈل ئەھۋال سورىشىپ، بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، چىمەنگۈل ژۇرنالنى مۇتەللىپنىڭ ئۈستىلىگە قويۇپ، ئۆز ئىشىغا كەتتى…

— مۇتەللىپ دوكتور، ئاخىر ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز…

مۇتەللىپ چۆچۈپ ئەسلىگە كەلدى، شىرەدە ناشتىلىق شۇ پېتى تۇراتتى. ئەتراپىدا بارلىق ئالىملار ۋە خادىملار ئۇنى ئوراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا بولسا كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان چىمەنگۈل مۇتەللىپنىڭ ساقال - بۇرۇت بېسىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ئۆمچىيىپ تۇراتتى. مۇتەللىپ كۆپچىلىككە قاراپ خىجىل بولغىنىچە:

— كۆپچىلىكنى ئەنسىرىتىپ قويدۇم، مەن بەك خىجىل،

كەچۈرۈڭلار! — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى.

تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ پروفېسسور لاشتىلىقنى يەڭگۈشلەشكە ۋە ئۇستا ساتىراچ چاقىرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، چىمەنگۈلگە مۇتەللىپنى ئايرىمخانىغا باشلاپ كىرىپ، ئوبدان ناشتىلىق قىلدۇرۇشنى، ئاندىن ئارام ئالدۇرۇشنى بۇيرۇدى.

مۇتەللىپ چىمەنگۈلنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ۋاڭ پروفېسسورغا قاراپ:

— ياخشى بولۇپ قالدىم. ھازىر ئۆزۈمنى شۇنداق يەڭگىل ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن چىمەنگۈل بىلەن ناشتا قىلىپ بولۇپ، ساقال - بۇرۇتۇمنى ياسىتىپ ئىشقا چۈشىمەن. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى.

— ياق، سىز ئىككى - ئۈچ كۈن ئوبدان دەم ئېلىڭ، ئون بەش يىلدىن بۇيان چارچاپ ھالىڭىز قالمىدى. يەنە يىقىلىپ قالسىڭىز، بىز، شۇنداقلا دۇنيانىڭ تۈگەشكىنى شۇ، شۇڭا گېپىمنى ئاڭلاپ ياخشى دەم ئېلىڭ، — دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

## ئۈمىد ئۇچقۇنى

— بۈگۈن كەچتىن باشلاپ شەھەرنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرى يورۇتۇلىدۇ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئىككى قانىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

رادىئودىن تويۇقسىز چىققان بۇ ئاۋاز ئون بەش يىل بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشىغان شەھەر خەلقىنى بىراقلا ئويغىتىۋەتتى، شەھەر قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمدى.

مۇتەللىپنىڭ تەتقىقاتى سىناق باسقۇچىغا كىرگەن بولۇپ، يىگىرمە يىللىق ئەجىر بىكارغا كەتمىگەنىدى. بىراق، سىناق باسقۇچى ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، سەللا بىخەستەلىك قىلىنى-

ـسا، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە شەھەر كۈلگە ئايلىناتتى.

مۇتەللىپنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھازىرغىچە «قۇياش نۇرى سۇ-يۇقلاندۇرغۇچ»، «سۇيۇقلاندۇرۇلغان قۇياش نۇرى ماتورى»، «سۇيۇقلاندۇرۇلغان قۇياش نۇرىدىن توك ھاسىل قىلغۇچ» قاتار-لىقلار ياسالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «قۇياش نۇرى سۇيۇق-لاندۇرغۇچ»تىن باشقىلىرىنىڭ تۇراقلىقى ئانچە مۇقىم بولمايۋا-تاتتى. ئەگەر بۇ تۇراقلىشىپ سىناقتىن ئۆتسە، دۇنيادا قاراڭغۇ-لۇق، توكسىز، قىسقىسى، ئېنېرگىيە مەنبە قىلىدىغان بارلىق ئۇسكۇنە، مۇئەسسەسەلەر مەڭگۈلۈك ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئىگە بولاتتى.

دۇنيا شۇنىڭدىن باشلاپ ئادەمدىن باشقا بۇلغىنىشتىن خالىي بولۇپ، ئېنېرگىيە مەنبەسى ئۈستىدە باش قاتۇرمايدىغان، دۆلەت-لەر ئارا ئېنېرگىيە مەنبەسى تالىشىپ ئۇرۇش قىلمايدىغان، ھەرقانداق ئائىلىدە ئۇنىۋېرسال ئىشلىتىشكە بولىدىغان مەڭگۈ-لۈك ئېنېرگىيە مەنبەسى بولغان بولاتتى - دە، يەر شارى نەچچە مىڭ يىللىق بۇلغىنىشتىن خالاس بولۇپ، خېلىلا يەڭگىللىشىپ قالاتتى.

مانا بۇ ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغۋار، باي، كەمبەغەل دەپ ئايرىلماي، ھەربىر ئادەم بەھرىلىنىدىغان كەشپى-يات بولۇپ، يەر شارى تارىخىدىكى تۇنجى ھەم ئەڭ ئۇلۇغ ئىش ئىدى.

كەشپىيات ئىگىسى دوكتور مۇتەللىپنىڭ ئۇزاق يىللىق قان- تەرى بەدىلىگە كەلگەن، ھەقىقىي روياپقا چىقىش ئالدىدا تۇرغان بۇ ئۇلۇغۋار ئىش مۇتەللىپنى، ئۇيغۇر مىللىتىنى دۇنياغا يەنە بىر قېتىم تونۇتتى، دۇنيا مىقياسىدا ئۇيغۇر تىلى ئۆگى-نىش، ئۇيغۇرچە كىيىنىش، ئۇيغۇرچە غىزالىنىش دېگەندەك ئۇيغۇر قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. كوچىلاردا، مەكتەپلەردە، ئائى-لىلەردە، باغچىلاردا، ئىشقىلىپ ھەممىلا يەردە ئۇيغۇرچە ئۆگى-

نىۋاتقانلارنى، ئايغى ئۈزۈلمەي دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ مۇقەددەس زېمىنغا بىلىم ئېلىشقا كېلىۋاتقانلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئەينى يىللاردىكى چۈشكۈنلۈك، بولۇمسىزلىق، چىرايلاردىكى خۇنۇكلۇكتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

ئەقىللىق، ئىشچان، تىرىشچان ئۇيغۇر ئوغۇل - قىزلىرى مۇتەللىپنى ئۈلگە تىكلەپ، دۇنيا خەلقىگە بەخت يارىتىشتەك ئۇلۇغۋار غايە ۋە نىشانىنى بويلاپ، يەر شارىنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا، ئايغا، مارسقا ۋە ئۇنىڭدىن يىراق پلانېتىلارغا سەپەر قىلماقتا.

## خاتىمە

تارىم يورىدى، شەرق يورىدى، دۇنيا ئۆچمەس ئىككىنچى قۇياشقا ئېرىشتى. بۇلغىنىشلار، ئۇرۇش - تالاشلار، مەينەتچىلىكلەر، ئىشقىلىپ بارلىق پەسكەشلىكلەر كەلمەسكە كەتتى.

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مۇتەللىپنىڭ ئالتۇن ھەيكىلى ب د ت بىناسى ۋە دۇنيادىكى بارلىق مۇھىم شەھەرلەرنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئالدى.

مۇتەللىپنىڭ ب د ت بىناسى ئالدىدىكى ئالتۇن ھەيكىلىنىڭ ئاستىغا مۇنداق خەتلەر ئويۇلدى:

«دۇنيا ئوغلى مۇتەللىپ، قۇياش ئوغلى مۇتەللىپ»

غالىب توختى

# تولغاق ئازابىدىكى شادلىق

ئىشچى - خىزمەتچىلەر باش دوختۇرخانىسىنىڭ تۇغۇت بۆ-
لۇمىدە جىددىيچىلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. دوختۇر، سېستى-
رالارنىڭ ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىشىپ يۈرۈشلىرىگە قوماندانلىق
قىلىۋاتقاندەك، تەۋەللۇت ئازابىدا ئېچىنىشلىق ئىڭراۋاتقان بىر
ئايالنىڭ ئاھۇ زارى پۈتۈن كارىدورنى قاپلىغانىدى. كارىدورنىڭ
چېتىدىكى كۈتۈش ئۆيىدە ئولتۇرغان ئازابلانغۇچىنىڭ ئاپىسى
باشلىق بىرقانچە قېرىنداشلىرىمۇ ئوخشاشلا ئازاب ئىچىدە تولغى-
ناتتى.

— خۇدايىم ئۆزى ئاسانلىق بېرەر، بىچارە قىزىم ئەجەبمۇ
قىينالدى، — دېدى ئانا ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ.

— ئەنسىرىمىسىلە قۇدام، خۇدايىم ئاسانلاشتۇرار، تەلىيى-
مىزگە چوڭ دوختۇرلار ئۈستىدە تۇرغىنىنى دېمەملا، — گەرچە
قۇدا بولغۇچى شۇنداق دەپ كېلىنىنىڭ ئاپىسىغا تەسەللى بەرگەن
بولسىمۇ، ئاۋازىنىڭ تىترەپ چىقىشلىرىدىن، چىرايىنىڭ ئۆز-
گىرىشىدىن ئۆزىنىڭمۇ خېلىلا ئەنسىرەۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇرات-
تى.

— ھېلىمۇ ئون تۆت سائەتتىن بۇيان تولغاق ئازابى يەۋاتى-
دۇ، بىچارە غۇنچەمنىڭ ئون جېنىنىڭ بىرى قالمىدى دېسىلە.

— ساق - سالامەت بوشانسىلا بۇ ئازابلارمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتى-
دۇ، قۇدام.

ئاياللارنىڭ ئەنسىرەشلىرى، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى يا-

ساشلىرى ئۈستىگە يېتىپ كەلگەن دوختۇرنىڭ
— بالىنىڭ دادىسى قېنى؟ ھاملە تەتۈر، تۇغۇشى قىيىن.
ئوپېراتسىيە قىلىماقچى، شۇڭا بۇ قەغەزگە دادىسى قول
قويسۇن، — دېيىشى ئۇلتۇرغانلارنى تېخىمۇ ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. «دادىسى قېنى» سۆزىنى ئاڭلاپلا ھېلىراقتا قۇدىسىغا
ئەنسىز بىمەسلىك توغرىسىدا گەپ قىلغان يېشى ئاتمىشلاردا بار،
چاچلىرى ئاق ئارىلىغان، ۋىجىككىنە كەلگەن ئايال ئىسەدەپ
يىغلاشقا باشلىدى.
— كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىنە ئاپا، — دېدى ئۇلتۇرغان ياش
چوكانلارنىڭ بىرى يىغلاۋاتقان ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىپ ياغلىقلىرىنى ئۇڭشىغاچ ۋە دوختۇرغا قاراپ:
— بالىنىڭ دادىسى ئالتە ئاي بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتكەن،
ئانىنىڭ ئۆزى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقساق بولارمۇ؟ — دېدى
ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا.
— ئۇنداقتا، مەيلى ئەمىسە، — دوختۇرنىڭ گېپى ئاياغلاشمايلا ئۇلتۇرغانلار تۇغۇتخانا ئىچىگە يوپۇرۇلۇپ ماڭدى. دوختۇر
ئۇلارنى دەرھال توسۇۋالدى:
— ۋاي - ۋۇي، ھەممىڭلار كىرمەڭلار، بولمايدۇ، بىرەيلەن كىرسۇن. ھە، بوپتۇ، ماۋۇ ئىككى موماي، ھە، سىز
ئۈچىڭلار كىرىڭلار، قالغىنىڭلار مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇڭلار، — دوختۇر ئۈچ ئايالنى ئەگەشتۇرۇپ، ئانا بولغۇچى ئازابلىق ئىڭراۋاتقان تۇغۇت بۆلۈمىگە قاراپ ماڭدى.
— ۋاي، بىچارە قىزىم، — ئانا قىزىنىڭ پېشانىسىدىكى
مونچاق - مونچاق تەرنى، چىرايىنىڭ تاترىپ كەتكەنلىكىنى،
ئاغرىق ئازابىدا كالپۇكلىرىنى چىشلەپ قانتىتىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالمايلا يىغا سالدى.
قېينانا بولغۇچى ئايال قانداقتۇر بىر ئەنسىزچىلىك ئىچىدە
ئاستا كېلىپ، غومچەمنىڭ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى.

غۇنچەم كۆزىنى ئاچتى. ئالدىدا تۇرغان ئاپىسى، قېيىنانىسى ۋە ئاچىسىنى كۆرۈپ، تارتىۋاتقان ئازابىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرى-شىپ كۈلمەكچى بولغان بولسىمۇ كۈلەلمىدى.

— جېنىم بالام، ئون جېنىڭنىڭ بىرسى قالماپتۇ، — دېدى ئانا قىزىنىڭ ھالىغا ئېچىنغان ھالدا، — نېمە تارتقۇلۇق بۇ ئەمدى؟! مۇشۇنداق قىينىلىۋەرسەڭ ...، — ئانا ئېسەدەپ گېپى-نى داۋاملاشتۇرالمىدى.

— بالام، ھامىلە تەتۈر كېلىپ قاپتۇ، بالىنى چۈشۈرۈۋەتمى-سە ھاياتىڭىزغا تەسىر يېتىدىكەن. مەن رازى بالام، سىز بولسى-ڭىزمۇ كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈڭ، بالىنى ئېلىۋەتسۇن، دادىسى-نىڭ ئورنىدا سىز قول قويۇپ بېرىڭ! — قېيىنانا بولغۇچى ئايال شۇنداق دېدى ـ دە، ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق، پەقەت ئۇلارنىڭ كىرىشىنى ئۆ-زىگە تەسەللى دەپ ھېس قىلغان غۇنچەم، ئۆز ئىرادىسىغا زىت ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل ۋەھىمىنىڭ سايىسىنى كۆرگەندەك بولدى ـ دە، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ياق ئاپا، مەن نېمە بولسام مەيلى، بۇ بەختىياردىن قالغان، مەن ئۈچۈن، سىلەر ئۈچۈنمۇ بىردىنبىر تەۋەررۈك يادنا-مە، ئۆز ۋاقتىدا مەن بەختىيارنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇپ بارلىقىمنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغانىكەنمەن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ بالىسى ئۈچۈنمۇ ئۆزۈمنى قۇربان قىلالايمەن. چۈنكى مەنمۇ ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرىمەن، سىلەرمۇ مەن ئۈچۈن، مەن-دەك بالاڭلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ، ھەسرەتلىنىپ ياش تۆكۈۋاتمىدى-لەرغۇ؟!

غۇنچەم سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىناتتى. ئاچچىق تولغاق ئازابىمۇ ياكى تۇرمۇشتىكى ئۆز بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم

www.uyghurkitap.com

ئازابىمۇ، پېشانىسىدىن ئاققان مونچاق - مونچاق تەر بىلەن كۆزىدىن ئاققان ياشلار قوشۇلۇپ، سارغايغان مەڭزىلىرىنى سۈيـ-گىنىچە دومىلاپ چۈشمەكتە ئىدى.

— قانداق بولدى، پىكىرلىشىپ بولدۇڭلارمۇ، دوختۇرنىڭ كىرىشى ئارىدىكى جىمىلىقنى بۇزۇپ، ھەممەيلەننى قايتىدىن ئېغىر ئېچىشقا مەجبۇر قىلدى.

— ئوبدان بالام، تەرسالىق قىلما، بۇ دېگەن جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىش. قېيناناڭمۇ رازى بولدىغۇ؟! خۇدا ئۆزى ئاسانلىق بېرەر، دوختۇرلار ئىشەنچ قىلالمايۋاتقان يەردە ئالىما-دىس بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا تۇغىمەس ھەسرەتتە قالامدۇق؟ ئون گۈلۈڭنىڭ بىرسى ئېچىلمىغان تۇرسا، بالىنى ئالدۇرۇۋەت، جىنىڭ ئامان بولسا يەنە تۇغۇۋالىسەن قىزىم، — ئانا ئىلتىجا بىلەن غۇنچەمگە يېلىنىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— جېنىم ئاپا، مېنى تەڭلىكتە قويماڭ، كۆڭلۈڭلارنى چۈشىنىۋاتىمەن. لېكىن بەختىيارغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلىشقا مېنى زورلىماڭلار. ئاچا، مەن ئۇچۇن، مېنىڭ نامىمە-دىن سەن قول قويۇۋەتكىن، ھاياتىم بەدىلىگە بولسىمۇ بەختىيار-نىڭ بالىسىنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇزىمەن، — غۇنچەمنىڭ چېھرىدىن ئازاب بۇلۇتلىرى تارقاپ، بىر خىل شادلىقنىڭ يارقىن تەبەسسۇمى جىلۋە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ تەۋەللۇت ئازابى ئىچىدە تۇرسىمۇ ئۆزىنىڭ بەختىيار بىلەن سۆيگۈ - مۇھەببەت قۇچىقىدا ئۆتكۈزگەن بىغۇبار چاغلىرىنى، كەلگۈسى ھەققىدە قىلىشقان شېرىن پىلانلىرىنى، بىر - بىرى ئۇچۇن ھاياتىدىن كېچىشكە، ئۆزلىرىنىڭ پاك مۇھەببىتى ئۇچۇن بارلىقىنى بېغىشلاش ئىرادى-سىدە ئۆتكۈزگەن قىسقا، ئەمما مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز لەززەتلىك مىنۇتلىرىنى قايتا كۆرگەندەك بولدى.

* * *

كىچىلىك ئىسمىنىدا باشقىلارنىڭ ئورنىدا ئىشلەپ ئەمدىلا ئىشتىن چۈشكەن توكار سىڭىلىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەختىيار زاۋۇت دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئەمگەك ئىش ھەققى بۆلۈمى-نىڭ باشلىقى جاڭ شىڭنىڭ ئوقۇغۇچى سىياقىدىكى تۆت - بەش نەپەر ياش قىز - يىگىتنى باشلاپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ئەپتىدىن خىجىللىق ھېس قىلدىمۇ قانداق، مېڭىشتىن توختاپ ئۇلارغا تەتۈر قارىغىنىچە ۋېلىسىپىت سۆرىتكەن قىياپەتتە كىرى-ۋالدى.

— بەختىيار!

زىل قوڭغۇراقتەك چىققان، كىشىنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىۋەتكۈدەك جەلپكارلىقتا ئىگە ئاۋازنى ئاڭلىغان بەختىيار ئىختىيارسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، قوللىرىنى ماي يۇقى ماتاغا ئېرتقىنىچە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان زىلۋا بويلۇق زىننىخى بار، قارا قۇمچاققىنە قىزغا قاراپ تېڭىرقىغىنىچە تۇرۇپ قالدى ۋە چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك قىزنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى:

— غۇنچەم؟!

— بەختىيار!

قىز قولىنى كۆرۈشۈشكە ئۇزاتتى. ئۇنىڭ تىرناقلىرى لاك-لانغان سۇتتەك ئاق قولىنى ئۆزىنىڭ ماي يۇقى، قاداقلاردا قې-تىپ كەتكەن قوپال قولىدا تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان بەختى-يار، قولىنى ئۇزاتقىنىچە خىجىللىق ئىچىدە تۇرۇپ قالدى.

— «قولۇڭ ماي بولسا دوستۇڭغا سۈركە!» دەپتىكەن، بىزمۇ سىزدەك ماي سۈپەت ئىشچىدىن بولايلى دەپ ئالدىڭىزغا كەلدۇق، — دىگىنىچە غۇنچەم تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەختىيار-نىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشتى.

— ئوقۇشلار تۈگەپتۇ - دە؟

— شۇنداق، ئوقۇشقا بىللە بارالمىغان بولساقمۇ، بىرگە ئىشلەيلى دەپ ئالايىتەن سىزنىڭ زاۋۇتىڭىزغا تەقسىم قىلىنىشىم بوپتومۇ؟ — چاقچاق قىلدى غۇنچەم.

— قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز، سىلەردەك ئىختىساس ئىگىلىرى ھەممىلا يەردە ئېھتىياجلىق ـ دە.

— سىزگە ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ؟ ھەممىلا يەرگە دەپ قوغ-لاۋاتامسىز ـ قانداق؟! — قىزنىڭ چاقماقتەك گەپلىرى ۋە بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن يېغىپ تۇرغان ئۆتكۈر نۇر ئاستىدا تەمتە-رەپ قېلىۋاتقان بەختىيار، ئۆزىنىڭ گەپتە كەتكۈزۈپ قويغىنى-دىن تېخىمۇ خىجىللىق ھېس قىلىپ قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— ئاڭلىسام، تېخنىكا يېڭىلاش ماھىرى، سېخنىڭ مۇدىرى بوپسىز، ئۆزىڭىزنىڭ سېخىغا قوبۇل قىلارسىز؟

— چاتاق يوق، قىيىنچىلىقتا چىدىسىڭىزلا سىزنى ئالماي كىمنى ئالىمەن.

— سىز بولسىڭىزلا ھەممە قىيىنچىلىقتا چىدايمىز دەڭە!

— غۇنچەم!

بىرگە كەلگەنلەرنىڭ توۋلىشى ئۇلارنىڭ قىزغىن پارىڭىنىڭ بېلىگە تەپتى.

— بېرىڭ، جاڭ كېچاڭغا مەن ئاللىبۇرۇنلا بىزگە ئادەم ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ھە راست، قايسى كەسىپتە ئوقۇدىڭىز؟

— مېخانىزم كەسپىدە توكارلىق بويىچە بىرنىم يىل پراكتىكا قىلدۇق. بىرنىم يىل مەخسۇس ئىستانوكنىڭ چېرتيوژ سىخېمىسى-نى ئۆگەندۇق، قانداق، سىزگە ماس كېلەمدىكەنمەن؟

— ماس كېلىدىكەنسىز، قېنى ئاۋۋال رەسمىيەتلىرىڭىزنى بېجىرىڭ، تەلىيىڭىز بولسا بىزنىڭ سېخقا تەقسىم قىلىنارسىز.

— ئالدىڭىزغا كەلگەندىكىن ئۇنچىلىك تەلەيىنى ئەمدى سىز

توغرىلايسىز-دە، — دېگىنىچە غۇنچەم ساقلاپ تۇرغانلارنىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدى.

قىزنىڭ ئۆتكۈر چاقچاقلىرى، ئۆزىنىڭ ئويلىمايلا «سىزنى ئالماي كىمنى ئالىمەن» دەۋەتكەنلىكى بەختىيارنى بىر خىل ئىلىق سېزىم قوينىغا سۆرەپ كىرمەكتە ئىدى. ئۇ سۇمبۇل چاچلىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان غۇنچەمنىڭ ئارقىسىدىن چوڭقۇر ئويغا پاتقىنىچە قاراپ قالدى.

* * *

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا سىنىپنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇۋاتقان بەختىيارنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇش ئارزۇسى سۇغا چىلاشتى. بىر قېتىملىق ماشىنا ئاۋارىيىسى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ دادىسى قازا قىلىپ كەتتى. ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆينىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقىنىڭ ئۆز زىممىسىگە چۈشكەنلىكىنى سەزگەن بەختىيار، ئۇكا-سىڭىللىرىنىڭ ئۈنسىز تەلمۈرۈشى، ئائىلە ئايالى بولغان كېسەلچان ئاپىسىنىڭ ئېغىر-ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئېسەدەپ يىغلاشلىرى ئاستىدا، ئۆز ئارزۇسىنى قايرىپ قويۇپ «ئائىلە باشلىقلىق» بۇرچىنى، باللىق قەرزىنى ئادا قىلىش نىيىتىدە، مەكتەپ پۈتتۈرۈش دىپلومىنى ئېلىپلا تەشكىلنىڭ ئېتىبار قىلىشى بىلەن بۇ زاۋۇتقا ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتى. ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ساۋاقداشلىرىنى ئۇزىتىش مۇراسىمىغىمۇ كېچىلىك ئىسمېنىغا چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن بارالمىغانىدى. شۇلارنىڭ قاتارىدا سىنىپتا ئانچە كۆزگە چېلىقمايدىغان، جىمغۇر، كەم سۆز، بىراق دەرسلەردە خېلىلا تىرىشچان غۇنچەممۇ نېفىت ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كەتكەنىدى.

بۇ قېتىم زاۋۇتقا تەقسىم قىلىنغان بەش نەپەر ستۇدېنتنىڭ

ئىككىسى توكار سېخىغا بېرىلدى. تەلەي ئوڭغا تارتتىمۇ، پاكى غۇنچەم ئۆزى تەلەپ قىلدىمۇ، ئىشقىلىپ غۇنچەمنىڭ چاقچىقى رېئاللىققا ئايلىنىپ، بەختىيارنىڭ سېخىغا كەلدى.

— با جۇرىن!

ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە تازا بېرىلىپ ئىستانوك رېمونت قىلىۋاتقان بەختىيار، ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، جاڭ كىجاڭنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالدىدا تۇرغان غۇنچەم بىلەن يەنە بىر قىزنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىلكىگە چۆمدى. قىزلارنىڭ قىياپىتىدە ئالدىنقى كۈندىكى ھالەتتىن قىلچە ئىز قالمىغان بولۇپ، ئۇلار يېپيېڭى ئىش كىيىمى كىيگەن، سومبۇل ۋە بۇدۇر چاچلىرىنى باش كىيىمى ئىچىگە ئەپچىللىك بىلەن يوشۇرغان، خۇددى پېشقەدەم توكارلاردەك بىلەكلىرىگە يەڭلىك تاقىۋالغان ھالەتتە تۇراتتى.

— بۇ ئىككى قىز سىلەرنىڭ سېخقا تەقسىم قىلىندى. يېڭىلا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، مول نەزەرىيىۋى بىلىمگە ئىگە. ئوبدان ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا يار - يۆلەكتە بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، — جاڭ كىجاڭنىڭ سۆزى ئاياغلاشمايلا ناتونۇش قىزلارنى كۆرۈپ يېتىپ كېلىشكەن ئىشچىلار ئارىسىدىكى چاقچاقچى يىگىتلەردىن بىرى لوقما سالدى:

— جاڭ كىجاڭ، قىز بولسىلا بىزگە تەقسىم قىلىۋېرىڭ. بۇ سېختا جۈرىنىمىز باشلىق ئون بەش بويتاق بار.

— ھا - ھا - ھا ...

— شوخىنىسى، مېنىڭ ئىشخانام قىز - يىگىتلەرنى تونۇشتۇرۇش ئورنى ئەمەس - دە؟!

— ئىسلاھات بولغاندىكىن ئۈچىنچى كەسىپ ھېسابىدا شۇغۇللانسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ.

— ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولمىسىمۇ بىزنى يارانسىلا بولدى، كېيىن ئۆزىمىز ئوقۇتۇۋالىمىز.

— ها ـ ها ـ ها ...

— بولدى يىگىتلەر، — دېدى بەختىيار قىزلارنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە، چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتقان چاقچاقلارغا خاتىمە بېرىپ، — تاققا ـ تۇققا گەپنى قويۇپ ئىشىڭلارنى قىلىڭلار.

— بۇ قىزنىڭ ئىسمى غۇنچەم، ئۇ قىزنىڭ ئىسمى نادىرە، شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىنىڭ مېخانىزىم كەسپىدە ئوقۇغان، باجۇرىن، سېخنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزىڭىز تونۇشتۇرۇپ قويارسىز، — دېدى جاڭ كېجاڭ.

— بولىدۇ، ئاۋۋال ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنى كۆرۈپ چىقسۇن، — دېدى بەختىيار قىزلارنى سېخ ئىچىگە باشلاپ ماڭغاچ.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا ئارىدىن يەتتە ـ سەككىز ئاي ئۆتۈپ كەتتى. زىمىستان قىش قوغلىنىپ پۈتۈن كائىناتنى باھارنىڭ ئىللىق ھاۋاسى قاپلىغان ماي ئېيىنىڭ كىشىگە ئارامبەخش، راھەت بېغىشلايدىغان ئايدىڭ كېچىسى بىر جۈپ قىز ـ يىگىت سەيلىگە چىققان بولۇپ، كۆكتىكى تولۇن ئاي گويا بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ گۇۋاھچىسى بولغانلىقىدىن پەخىرلەنگەندەك ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ، كېچىنى سۈتتەك يورۇتىۋەتكەنىدى.

— بۈگۈن كېچە ئەجەبمۇ ئايدىڭ بوپتۇ، — دېدى قىز ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ.

— شۇنى دېمەمسىز، ئاينىڭمۇ كائىناتنى بۇنچىلىك يورۇتالايدىغانلىقىنى بۈگۈن ھېس قىلدىم، — يىگىتنىڭ ئاۋازى قانداقتۇر ئىچكى ھاياجاندىن بولسا كېرەك، تىترەپ چىقاتتى.

— بۇرۇن بەلكىم ئاينىڭ بۇ خىل خاسىيىتىدىن ھۇزۇرلىنىش پۇرسىتى بولمىغاچقا بۇنى سەزمىگەن بولغىيتتىڭىز؟!

— راست دەيسىز غۇنچەم، ئەمدى ئويلىسام دادامنىڭ ۋاپاتى

دىن كېيىن ئائىلە، تۇرمۇش ۋە خىزمەت جىددىيلىكىدە ئۇنداق ھۇزۇرلىنىش ماڭا نېسىپ بولۇپ باقماپتىكەن. پەقەت سىزنى كۆر-گەندىن كېيىنلا ئۆز تۇرمۇشۇمدا باشقىچە بىر خىل شادلىقنى سېزىدىغان بولدۇم، — بەختىيار ئۆزىنىڭ بىتەلەيلىكىدىن ئۆ-كۈنگەندەك چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىلەر ئالىي مەكتەپكە كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈمنى جەمئىيەتتىن ئايرىل-غاندەك ھېس قىلىپ ھەممىنى ئۇنتۇش قارارىغا كەلگەنتىم. تەقدىرنىڭ قىسمىتى ماڭا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى دەڭە.

— سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزغا ھەممىمىز ئېچىنغان، — دېدى غۇنچەم ئېغىر خورسىنىپ.

— ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغدا شۇنچە جىمغۇر، ھېچ كىشى-گە ئارىلاشمايتتىڭىز - ھە؟!

— مەكتەپتىكى چاغدا سىز دېگەن چوڭ ئەرباب — ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، سىنىپتىكى بىردىنبىر ئەلاچى تۇرسىڭىز، نەزەر كۆزىڭىز بىزگە چۈشەمتى؟! ئۇ چاغدا غايىڭىز ئۇلۇغ، ئوقۇرىڭىز ئېگىزتى - دە...

غۇنچەم گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمەستىن بەختىيارغا مەنىلىك قاراشتا بىر تەبەسسۇم ئىنئام قىلىپ، مۇرىسىنى بەختىيارغا يېنىككىنە، بىلىنەر - بىلىنمەس تەگكۈزۈپ قويدى.

— ئالىي مەكتەپ ھاياتى سىزنى باشقىچىلا تېتىكلەشتۈرۈۋې-تىپتۇ. دەسلەپتە سىزنى كۆرگەندە ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي «بۇ سىنىپىمىزدىكى ئاشۇ جىمغۇر، ياۋايى غۇنچەممىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالغانتىم. تۇرمۇش ھەممىنى ئۆزگەرتىدىكەن، سىز زا-ۋۇتقا كەلگەندىن بۇيان قەلبىمىزدىكى ساۋاقداشلىق مېھىر - مۇھەببىتى بىزنى يېقىنلاشتۇرۇپ تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، — بەختىيار قەلبىدىكى قانداقتۇر بىر سۆزىنى دېيەلمەيۋاتقاندەك سەل ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قال-دى ۋە بۇ خىل ھالىتىنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە يانچۇقىدىن تاماكا

ئېلىپ تۇتاشتۇرغاچ، — كېلىڭ، بىردەم ئارام ئالايلى، — دېدى غۇنچەمنى يول ياقىسىدىكى سېمونت ئورۇندۇققا باشلاپ ۋە يېنىدىن بىر تاختا گېزىت چىقىرىپ، غۇنچەمنىڭ ئولتۇرۇشىغا سېلىپ بەردى.

بەختىيارنىڭ بۇ خىل ئەپچىللىكىدىن سۆيۈنگەن غۇنچەم، ئۇنىڭغا يۆلەنگىنىچە قەلبىدىكى قايناق ھېسسىياتىنىڭ دۇردانىلىرىنى تۆكۈشكە باشلىدى:

— بەختىيار، مەن بەش يىل ئالىي مەكتەپ قوينىدا يۈرگەن بولساممۇ، لېكىن سىزنىڭ ئاپىڭىز ۋە سىڭىللىرىڭىز ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ ئارزۇيىڭىزدىن ۋاز كېچىپ، جاپالىق تۇرمۇش قوينىدا پىشىپ يېتىلگەن ئوبرازىڭىز كۆز ئالدىمدىن پەقەتلا كەتكىنى يوق. ھەر تەتىلدە كەلگەندە سىزنىڭ يېڭى - يېڭى نەتىجىلىرىڭىزنى، ئوڭۇشسىزلىقلارغا تىز پۈكمەي، خۇددى ئوتتۇرا مەكتەپتىكىدەك ھەممىنىڭ ئالدىدا بۆسۈپ مېڭىۋاتقىنىڭىزدىن تەسىرلەنگەن ھەمدە سىزگە ھەقىقىي بىر دوست، خىزمەتتە ياردەمچى بولۇپ قېلىشنى قەلبىمگە پۈككەنتىم، تەلىيىمگە زاۋۇتىڭىزغا، يەنە كېلىپ سېخىڭىزغا تەقسىم قىلىندىم. بىرقانچە ئايدىن بۇيان ھەقىقىي ياردىمىڭىزنى ئايىماي، نادىر ئىككىمىزنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جىددىي سىناقلىرىدا يېتىلدۈردىڭىز، خىزمەتداشلارنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزنى يورۇق قىلدىڭىز، ھەقىقىي ساۋاقداشلىق قولىڭىزنى سۇندىڭىز، — قىز ھاياجاندىن تىترەشكە باشلىدى. غۇنچەمنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان چىن يۈرەك سۆزلىرى بەختىيارنىڭ پارتلاش ئالدىدا تۇرغان قىزغىن ھېسسىياتىنىڭ پىلىكىگە ئوت ياقتى. مۇستەقىل ھايات قوينىغا قەدەم قويغاندىن تارتىپ تۇرمۇشنىڭ جاپا - مۇشەققىتى ئىچىدە سۆيگۈ- مۇھەببەت ھەققىدە ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلمىغان بۇ يىگىرمە تۆت ياشلىق يىگىتنىڭ قەلبىدىكى، غۇنچەم زاۋۇتقا كەلگەندىن تارتىپ بىخ سۈرۈپ يېتىلگەن مۇھەببەت ۋولقىنى بىراقلا پارتلىدى. ئۇ،

قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۈنچەنى ئۆزىگە تارتتى. قىز ھېچبىر قارشىلىق قىلماي ئۆزىنى بەختىيارنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ئوتلۇق لەۋلەرنىڭ ئۇچرىشىشى پاك سۆيگۈنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ھەر ئىككى قەلب تۆرىگە مەڭگۈلۈك ئۆچمەس نەقىش ئويدى. ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ بۇ ھالىتىنى ھايا پەردىسى ئىچىگە ئېلىش ئۈچۈنمىكىن، كۆكتىكى تولۇن ئاي قاچانلاردۇر پەيدا بولغان بىر پارچە بۇلۇت كەينىگە مۆككەندى ...

ئوغلىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلىشىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئويلاپ كېلىۋاتقان گۈلسۈمخان ئانا، بەختىيارنىڭ غۇنچەم بىلەن پۈتۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى - دە، توي تەييارلىقىغا جىددىي تۇتۇش قىلىشقا كىرىشتى. توي كۈنىنى مەمۇرچىلىق بولىدىغان سىنتەبىر ئايلىرىغا توغرىلىتىپ، مەرىكە زالىمۇ تىزىملىتىپ قويۇلدى. بەختىيار بىلەن غۇنچەمۇ تەشكىلىي رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولۇشتى.

ئالدىنقى سەپكە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان دېتاللارنى ئىشلەش ئۈچۈن بىرقانچە كۈن ئۇدا ئىسمېنا ئۇلاپ ئىشلىگەن بەختىيار ئۆز كەيپىياتىنىڭ بارغانسېرى نورمالسىزلىشىۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ قاراڭغۇلىشىپ، بېشىنىڭ پات - پات قېيىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بۇنى ھارغىنلىق دەپ ھېس قىلدى - دە، سەل - پەل سەگىدىۋېلىش ئۈچۈن ئىستانوكنى توختىتىپ سىرتقا چىقتى. سىرتقا چىقتىيۇ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، پۇتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ ئىختىيارسىز گۈللۈك يېنىغا يىقىلدى. ئۇ گۇدۇڭ - گۇدۇڭ پىچىرلىشىشلار، ئېسەدەپ يىغلاشلار قۇلىقىغا كىرىپ ئاستا - ئاستا كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىنىڭ بالنىست بۆلۈمىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ ئاران تەسلىكتە ئۆزىنىڭ ھاۋا يېيىش ئۈچۈن سىرتقا

چىققانلىقىنى ئەسلىيەلىدى.

— ھوشىغا كەلدى، كۆزىنى ئاچتى، — ئەتراپتىكىلەرنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كېسەل كارىۋىتىدا ياتقانلىقىدەك رېئاللىقنى تونۇتتى.

— بالام بەختىيار، — تاغدەك يۆلەك ئوغلىنىڭ ھالىدىن ساراسىمىگە چۈشكەن مېھرىبان ئانا ئوغلىنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىدىن كۆڭلى ئەمىن تاپقان بولسىمۇ، باشقا سۆز دېيەلمەي تەمترەپلا قالدى.

— بەختىيار، — غۇنچەم لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتكەچ ئاستا چاقىردى. ئۇنىڭ يىغىدىن قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرى تېخىمۇ خۇمارلاشقان بولۇپ، بەختىيارغا ئىلتىجا بىلەن تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

— ئاپا، غۇنچەم، مەن نېمە بوپتىمەن؟ بۇ قانداق ئىش؟ بايىلا ساپساق ئىدىمغۇ؟

— بەك چارچاپ كېتىپسىز، قېنىڭىز ئازكەن، شۇڭا ھارغۇق يېتىپ، ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قاپسىز، — تەسەللى تەرىقىسىدە چۈشەنچە بەردى غۇنچەم.

— شۇنچىلىك ئىشقىمۇ مېنى دوختۇرغا ئەكېلىپ ياتقۇزۇپ قويدۇڭلارمۇ؟ — دېدى بەختىيار رەنجىش ئارىلاش ئۆز بېشىدا تۇرغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قىيۇم ئاكىغا قاراپ.

— تەشكىلگە رەھمەت بالام، ھېلىمۇ ۋاقتىدا دوختۇرغا ئەكەپتۇ. كېسەل دېگەنگە سەل قارىغىلى بولامدۇ؟ ئەنسىزچىلىكتە ھەممىمىزلا پاتىپاراق بولۇپ كەتتۇق. يولداشلارغا رەھمەت دېمەكتە يوق رەنجىگىنىڭ نېمىسى؟! — گۈلسۈمخان ئانا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتكەچ بەختىيارنى ئەيىبلەشكە باشلىدى، — ھېلىمۇ قىيىمكاڭ باش بولۇپ ماشىنا چىقىرىپ، چوڭ دوختۇرلارنى تېپىپ كېسىلىڭنى تەكشۈرتۈپتۇ. بولمىسا نېمە ئىشلار يۈز بېرەتتىكىن، خۇدايىم.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا گۈلسۈمخان ئاچا، بۇ يىل قى-
لىشقا تېگىشلىك ئىشلار. ئۇكام، بىرقانچە كۈن ئوبدانراق دەم
ئال، ئىش دېگەن تۈگەپ كەتمەيدۇ، تويغىچە تايدەك قىيغىتىلىدى-
غان بولۇپ كەتسەڭ تويلىرىڭدىن چاڭ چىقىرىۋېتىمىز.

قېيىم ئاكىسىنىڭ بۇ چاقچىقىدىن بالىنىست بۆلۈمىدىكى كەيپىيات بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ئورۇنسىز ئاچچىقلانغانلىقىدىن خىجىللىق ھېس قىلغان بەختىيار ئۆزگە تەلمۈرۈپ ھەم ئەنسىرەش، ھەم ئىزا ئىچىدە تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەن غۇنچەمگە زەن سېلىپ قاراشقا باشلىدى. بىرقانچە قېتىملىق دىئاگنوزنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، بەختىيارنىڭ كېسىلى يامان كېسەل، ئاخىرقى باسقۇچ، توي قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس!

— ياق، ياق! مۇمكىن ئەمەس، مەن ئىشەنمەيمەن! — زاۋۇت ئىشخانىسىغا چاقىرتىلىپ زاۋۇت باشلىقلىرىنىڭ ئاغزىدىن بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان غۇنچەم گويا ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چاققاندەك قاتتىق ئەندىكىپ، ھوشىدىن كېتىشكە تاسلا قالدى، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش بىردەمدىلا قولياغلىقىنى ھۆلدەپ بولدى.

— سىڭلىم غۇنچەم، — زاۋۇت پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ساتتار ئاكا غۇنچەمگە تەسەللىي بېرىشكە باشلىدى، — بۇ خەۋەرگە بىزمۇ ئىشىنىشنى خالىمايمىز. پۈتۈن زاۋۇتنىڭ ئىپتىخارى، كۆز ئالدىمىزدا چوڭ بولغان بۇ بالىنىڭ مۇشۇنداق كېسەلگە دۇچار بولۇشىغا مەنمۇ ئىشەنمەيمەن. بىراق، دوختۇرلارنىڭ دىئاگنوزى بۇ بىر رېئاللىق. ھازىر بەختىيارنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەيدىغان بولدۇق. پۈتۈن رەسمىيەتلەر بېجىرىلىپ بولدى، ئەمدى ئىككى ئائىلىدىكى چوڭلارنى ئەنسىرەشتىن خالىي قىلىش سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز. تەلىيىمىزگە، بەختىڭىزگە بۇ يەردىكى دىئاگنوز خاتا چىقىپ قالار. روھلۇق بولۇڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ھازىرچە بۇ ئەھۋالنى چوڭلارمۇ، بەختىيارمۇ بىلمەي تۇرسۇن.

— ئاھ، بۇ نېمە قىسمەت، تەقدىر بىر ئادەم بىلەن شۇنچە-لىكمۇ ئوينىشارمۇ؟ ياق، ياق، مەن ئىشەنمەيمەن، بىرقانچە كۈندىن بۇيان دوختۇرلارنىڭ پاتىپاراقچىلىقىدىن كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سەزگەنتى، ئاپىرايلى، تېزرەك ئاپىرايلى، بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگە بولسىمۇ ئاپىرايلى، چوقۇم ئامال قىلىپ بەختىيار-نى قۇتقۇزۇپ قالايلى. جېنىم چاڭجاڭ، شۇجى، ساتتاركا، تەش-كىلىنىڭ قىلغان غەمخورلۇقىنى بەختىيار ساقايسىلا بىز بىر ئۆمۈر ئىشلەپ قايتۇرىمىز، ئامال قىلىڭلار …

* * *

بەختىيار ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، راك كېسەللىكى بويىچە خېلىلا تەجرىبىلىك ھېسابلانغان ھەربىي رايون دوختۇرخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. زاۋۇتتىن غۇنچەم، قېيۇم ئاكىلار كۈتۈشكە ئاجرىتىلدى.

دوختۇرخانا بالنىست بۆلۈمىنىڭ ئۈچىنچى قەۋەت شەرقىي بۇرجىكىدىكى يالغۇز كىشىلىك «314 - ياتاق» دوختۇر، سېست-رالارغا بەلگىلىك ئەزرائىلنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇپ ئال-غان كېسەللەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، شۇ ۋەجىدىنمىد-كىن، بۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىمارلارغا دوختۇر، سېسترا-لار ئالاھىدە كۆيۈنۈش، خەيرخاھلىق قىلىش تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشاتتى. گەپ - سۆزلەردىمۇ ئىنتايىن ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇشاتتى. بەختىيار مانا شۇ ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇل-دى.

كىشىگە ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلايدىغان ئۈرۈمچىنىڭ سېنتەب-بىر كېچىسى، بالنىست بۆلۈمىنىڭ يالغۇز كىشىلىك ئاشۇ ياتىقى-دا ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزمەي، ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. تۇنجى قېتىملىق ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ناركوز-

نىڭ كۆچى تۈگەپ پۈتۈن بەدەنلىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشىنى سەزگەن، لېكىن ئىگىرىغۇدەك ماجالى قالمىغان بەختىيار پىراق- تىن ئاغلانغان پويىز گۈدۈكى ئاۋازى بىلەن كۆزىنى ئاچتى. ئۆزىگە ھاياتلىق ئاتا قىلىۋاتقان كىسلورود، ئاسما ئوكۇللار قاناتلى- رىدا بىر جۈپ ياشلار ئوقچۇپ چىقىۋاتقان قاپقارا «مۆلدۈر» بۇلاقنى كۆرۈپ ھاياتقا، ياشاشقا بولغان ئىشەنچى ھەسسىلەپ ئاشتى. قانلىرى ئۇرغۇپ، روھى تېتىكلەشتى.

— غۇنچەم، يەنە يىغلاپسىزغۇ؟

— يىغلىمىدىم، ياق يىغلىمىدىم.

— بۈگۈن سېنتەبىرگە قانچە بىلەمسىز؟

— بىلىمەن، بۈگۈن 18 - سېنتەبىر.

— توغرا، بۈگۈن 18 - سېنتەبىر، ئەگەر كېسەل بولۇپ قالمىغان بولسام تويىمىز بولغىلى بىر ھەپتە بولغان بولاتتى - ھە؟!

— بولدۇ بەختىيار، چوقۇم بولىدۇ. سىز ساقىيىڭ، سىزنىڭ ساقىيىشىڭىز ھەممىمىز ئۈچۈنلا توي. ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا تېخى، بىز مەڭگۈ بىللە بولىمىز.

— غۇنچەم، دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە بىز توي قىلساق بول- مايدىكەن، مېنىڭ سالامەتلىكىم بۇنىڭغا يار بەرمەيدىكەن، بۇنى بەلكىم سىزمۇ ئۇققانسىز؟ مۇشۇ بىر - ئىككى ئاي ئىچىدە كۆپ جاپا چەكتىڭىز، كېچە - كۈندۈز يېنىمدىن ئايرىلماي ماڭا ھەم- راھ بولدىڭىز، مەن كۆپ ئويلاندىم. غۇنچەم، ھاياتتىن ئۆز نېسىۋەمنى ئېلىش، بۇ مېنىڭ ھوقۇقۇم، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن شەخسىيەتچىل بولسام بۇنىڭغا ۋىجدانىم ئازابلىنىدىكەن، بىز مەڭگۈلۈك ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالايلى، توي قىلمايلى.

بەختىيارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان غۇنچەم: «بەختىيار ئۆز كېسىلىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىپ قاپتۇ» دېگەن ئويدا تې- گىرقاپ تۇرۇپلا قالدى - دە:

— نىملەرنى دەۋاتىسىز، بەختىيار، بالىنىستتىن چىقىسى-
ڭىزلا ئاستا - ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىسىز ئەمەسمۇ؟! مەن
سىزگە ئۆمۈرۋايەت ھەمراھ بولىمەن، — دېدى ھاياجان ئىچىدە.

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، غۇنچەم، سىز ماڭا مۇھەببەت
ئاتا قىلدىڭىز، ھاياتىمغا يېڭى مەنە قوشتىڭىز، تۇرمۇشنىڭ نى-
نى لەززەتلىرىنى سۈرۈش ئىستەكلىرىم سىز ئارقىلىق ئويغاندى،
لېكىن بۇ مەرەز كېسەل مېنى ھەر خىل تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشقا
مەجبۇرلاۋاتىدۇ، — بەختىيارنىڭ ئاجىز بەدىنى ئۇنىڭ قەلب
قېتىدىن چىقىۋاتقان ھاياتلىق نىداسىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىمۇ
قانداق، پېشانىسىدە مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرى پەيدا بو-
لۇپ، سۆزلەشتىن توختاپ قالدى. غۇنچەم دەرھاللا لۆڭگە بىلەن
بەختىيارنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتتى ۋە ئىچ - ئىچىدىن
چىقىۋاتقان يىغىنى زورغا بېسىپ، مېھرىبان ئانىلاردەك بەختى-
يارنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيدى - دە:

— ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئىچەي، سىز بەرگەن قايناق سۇ ماڭا ھازىر ئابىزەمزەم-
دەك شىپا بولىدۇ دەڭە، — دېدى بەختىيار چاقچاق قىلىپ.

— ئۇنداقتا مۇشۇنداق ئابىزەمزەملەرنىڭ سىزنى ساقايتالى-
شىغا نېمىشقا ئىشەنمەيسىز؟ جېنىم بەختىيار، يوق خىياللارنى
قىلماڭ، بىز چوقۇم مۇراد - مەقسىتىمىزگە يېتىمىز.

— رەھمەت غۇنچەم. ھېلىمۇ سىز قېشىمدا بولغاچقا ئۆزۈم-
نى پەقەتلا كېسەلدەك سەزمەيۋاتىمەن. لېكىن رېئاللىققا ھۆرمەت
قىلمىساق بولامدۇ؟

— بولدى، بۇ ھەقتە سۆزلەشمەيلى، چارچاپمۇ كەتتىڭىز،
كېلىڭ، دۈمبىلىرىڭىزنى سىلاپ قوياي، بولمىسا ئوڭدا يېتىۋې-
رىپ كارىۋات يارىسى بولۇپ قالماڭ، — دېدى غۇنچەم سۆز
تېمىسىنى يۆتكىمىسە ئۆزىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ھەقىقىي ئەھۋال-
نى بەختىيارغا ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ.

«سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەندەك، دوخ-
تۇر- سېستىرالارنىڭ ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ داۋالىشى، ئوۋچەم-
نىڭ ئۈچ ئاي جەريانىدا بەختىيارنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي ئۇنىڭغا
مەنىۋى جەھەتتىن كۈچ ئاتا قىلىپ، روھىي جەھەتتىن داۋالىشى
نەتىجىسىدە، قان ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىن بەخ-
تىيارنىڭ كېسىلى دەسلەپكى قەدەمدە تىزگىنلىنىپ ئاياققا تۇر-
دى. ياشلىق، پاك سۆيگۈ، ھاياتقا بولغان چىن ئەقىدە دوختۇرخانا
تارىخىدا مۆجىزە يارىتىپ، «314 ـ ياتاق» قا نوسۇلكا بىلەن
ئېلىپ كىرىلگەن بەختىيار ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان
بولۇپ قالغان بولسىمۇ غۇنچەمنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن مېڭىپ
چىقىپ كەتتى. بەختىيارنىڭ ساقىيىپ قايتىپ كېلىشى بەختى-
يار، غۇنچەملەر ئائىلىسىنى شادلىققا چۆمۈلدۈرۈپلا قالماي، زا-
ۋۇت ئىچىنىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ كېسىلىدىن ئەنسىرە-
گەن، ئۇرۇمچىگە يوقلاپ بارالمىغان دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ،
خىزمەتداشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، گۈلسۈمخان ئانا ھال سو-
راپ يوقلاپ كېلىپ ـ كېتىۋاتقانلارنى ئۈزىتىپ ھالىدىن كېتەيلا
دەپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئائىلىنىڭ ئىرىكى، كۆز نۇرى
بولغان ئوغلىنى مۆشۈنداق بىجىرىم ھالدا ئۆز ئالدىدا كۆرۈۋاتقاچ-
قا خۇشاللىقتىن قىلىدىغان قىلىق تاپالمايتتى. يوقلاپ كەلگەن
زاۋۇت رەھبەرلىرىگە ئوغلىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى
ئۈچۈن ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ كۆز يېشىمۇ قىلىۋال-
دى. دېمىسىمۇ ئىش ئورنى يوق بىر تۇل ئايالنىڭ تەشكىلنىڭ
غەمخورلۇقى، ياردىمىسىز سەكسەن ئالتە مىڭ يۈەن چىقىم قىلا-
لىشى مۇمكىنمىدى؟!

ئىللىق ئائىلىنىڭ شاد ـ خۇراملىقى، ئەلنىڭ ياخشى تىلى-
كى ئاستىدا بەختىيارنىڭ سالامەتلىكى تېزلا ئەسلىگە كېلىشكە
باشلىدى. بۇ ھال گۈلسۈمخان ئانىنىڭ ئوغلىنىڭ كېسەللىكى
تۈپەيلى توختىتىپ قويۇلغان ئۆمۈرلۈك ئىشىنى بىر تەرەپ قى-

لىپ، ئۆزىنىڭ ئانىلىق قەرزىنى ئادا قىلىش ئارزۇسىنى قايتا قوزغىدى.

— بالام، سەن ئۆيىمىزدە ھەم دادا، ھەم ئاكا يوللۇق بولۇپ كېلىۋاتىسەن، ئۇكا - سىڭىللىرىڭمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. سەن ئۈرۈمچىدە داۋالىنىۋاتقىنىڭدا سىڭلىڭ زۆھرەگە چاي ئىچۈرۈپ قويغانتۇق. لېكىن ئۇ: «ئاكامدىن بۇرۇن توي قىلمايمەن» دەپ تۇرۇۋاتىدۇ. كەلگىنىڭگىمۇ ئىككى - ئۈچ ئاي بولدى. ھازىر خېلىلا ماغدۇرغا كىرىپ قالدىڭ. ئۆيىمىزدە ھەممە تەييارلىق تولۇق، غۇنچەم بىلەن ۋاقتىنى پۈتۈشسەڭلار تويۇڭلارنى قىلىۋەت-سەك، سىڭلىڭغىمۇ يول ئېچىلسا، — دېدى ئانا بىر كۈنى بەختىيارنى ئالدىغا چاقىرىپ.

— ئانا، دوختۇرلار بالنىستىتىن چىقىدىغان چاغدا ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. ھازىرچە توي قىلسام سالامەتلىكىم بەرداشلىق بې-رەلمەيدىكەن. شۇڭا بىرەر يىل ياخشى دەم ئېلىشنى بۇيرۇغان، زۆھرە قىز بالا بولغاندىكىن مەيلى توينى قىلىۋېرەيلى، — دېدى بەختىيار.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن خەق نېمە دەيدۇ، بالام. بىلگەن-لەرغۇ بىر نېمە دەر، بىلمىگەنلەر ۋاي گۈلسۈمخان ئوغۇل ئۆيلەش-كە قۇربى يەتمەي قىزىنى چىقىرىپتۇ، دېيىشمەمدۇ، داداڭ رەھ-مىتىنىڭ روھىنى قورۇندۇرمايلى بالام، ئوبدانراق ئويلاپ باق، — ئانا ئىلتىجا بىلەن ئوغلىغا تەلمۈردى.

ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن بەختىيار ئۇنى رەنجىتمەس-لىك ئۈچۈن ئاستا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

نېفىت شەھىرىنىڭ مارت، ئاپرېلدىكى بورانلىق كۈنلىرى تۈگەپ، پۈتۈن كائىناتنى يېشىللىق پەردىسى چۈمكىگەن، جىگدى-لەرنىڭ خۇش پۇرىقى زېمىنغا تارالغان ماي ئېيىنىڭ ئايدىڭ كېچىسى ئىدى. تونۇش كوچا، تونۇش يول بويلاپ بىزگە تونۇش-لۇق ئىككى گەۋدە بىر - بىرىنى قولتۇقلىشىپ كېتىپ باراتتى.

ئۇلار يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان نېفىت شەھىرىنىڭ قايناق كېچە-لىك بازىرىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ۋە «كالائوكى» ناخشا سادالى-رىغا قۇلاق سېلىشقان ھالدا چوڭقۇر خىياللار ئىلكىدە بىر-بىردىن گەپ كۈتۈۋاتقاندەك ئۈن - تىنسىز ئىدى.

— غۇنچەم، — دېدى بەختىيار جىملىقنى بۇزۇپ، — كېسىلىمنىڭ ئەھۋالى ئۆزۈمگە ئايان، سىزنى نابۇت قىلىشنى خالىمايمەن، مەن بىلەن توي قىلسىڭىز بەختلىك بولالمايسىز.

— جېنىم بەختىيار، بىر قىزنىڭ ئۆزى چىن قەلبىدىن سۆيگەن كىشى بىلەن بىرگە بولۇشتىنمۇ ئارتۇق بەختى بولامدۇ؟! سىز ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلىش بىلسىڭىز مەن ئۈچۈن ئەڭ زور بەخت. گەرچە بىز توي قىلمىغان بولساقمۇ قانۇنىي جەھەتتىن ئەر - خوتۇنغۇ!؟ نېمىشقا مېنىڭ ئاياللىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىشىمغا يول قويمايسىز؟!

غۇنچەمنىڭ تىترەك ئارىلاش چىققان بۇ سۆزلىرى بەختىيار-نى بىرئاز تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ، بىئىختىيار ھالدا غۇنچەمگە بولغان قايىللىقىنى، ئۇنىڭدەك ۋاپادارنىڭ بولغانلىقىدىن سۆيۈن-گەنلىكىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنى ئۆزىگە قاراتتى - دە، باغرىغا چىڭ باستى. بەختىيارنىڭ قۇچاقلىشىدىن غۇنچەمنىڭ قوۋۇرغىلىرى قاراسلاپ كەتتى. ئىككى تەن بىر گەۋدىگە ئايلانغا-نىدى…

— غۇنچەم، ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، ئالىمادىس ماڭا بىر ئىش بولۇپ … تۇل قالسىڭىز …، — غۇنچەم ئۇنى سۆزلەتكۈزمىدى. ئۆزىنىڭ ئالۇچىدەك لەۋلىرىنى بەختىيارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بەختىدە-گە ھۆكۈم ئېلان قىلىۋاتقان ئېغىزىغا يېقىپ، رېئاللىققا ئۇيغۇن، ئەمما ئۆز ئارزۇلىرىغا زىت سۆزلەرنىڭ يەنە قۇلاق تۈۋىدە ياڭرى-شىغا يول قويمىدى.

— بىلىمەن بەختىيار، ھەممىنى بىلىمەن. لېكىن پۇشايمان قىلمايمەن. سىز بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇش مەن ئۈچۈن

ئەڭ چوڭ بەخت! — غۇنچەم ھازىر بەختىيارنى ئۆزىنىڭ ساقىيە-شىغا ئىشەندۇرۇشنىلا ئويلايتتى. ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئىنتىلى-شىنى، ئۆمرىنى پەقەت ئۆزىنى بېغىشلاش يولى بىلەنلا كۆچەيتە-لەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى «بەختىيار ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ، ساناقلىقلا كۈنلە-رى قاپتۇ» دېگەندەك گەپ - سۆزلەرگە ئاساسەن يەكۈن چىقىرىپ بۇ تويدىن يالتىيىپ، ئۆزىگە ھازىر قاتتىق بېسىم ئىشلىتىۋاتقان-لىقىنى ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى. ھەقىقەتەنمۇ ساناقلىقلا كۈنلىرى قالغان، يىگىرمە بەش يىللىق كىشىلىك تۇرمۇش مۇساپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا تۇرغان بەختىيارغا ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ئېرىشىشكە تېگىشلىك بارلىق تۇرمۇش لەززىتىنى تېتىپ، ھايات-تىن ئېلىشقا تېگىشلىك نېسىۋىسىنى تەقدىم قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى بىر خۇدادىن باشقا ئۆزىلا بىلەتتى.

— غۇنچەم، سىزگە قانچىلىك رەھمەت ئېيتساممۇ قەلبىمدى-كى مىننەتدارلىقىمنى ئىزھار قىلىپ بولالمايمەن. ماڭا سىز قايتا ھايات ئاتا قىلدىڭىز، مۇھەببەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ بۇنچىلىك خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىنى مانا مەن ئۆز ئەمەلىيىتىمدە كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. سىز بولغاچقىلا، سىزنىڭ ئىشەنچكە تولغان ئۈمىدلىك قاراشلىرىڭىز ماڭا ھەرقاچان ھەمراھ بولغاچقىلا، كې-سەل ئۈستىدىن غالىب كەلدىم دېيەلەيمەن، — بەختىيار ئۆزىنى تۇتالمىدى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ياشلار باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرغان غۇنچەمنىڭ چاچلىرىنى ھۆللىمەكتە ئىدى. مۇھەببەت ۋىسالىغا ئېرىشكەن بۇ بىر جۈپ ياش بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلىغان ھالدا چىن بەختنىڭ قاينىمىغا چۆمۈل-مەكتە ئىدى...

كىشىلىك ھايات، ئۇ بىزنىڭ مېھرىبان ئانىمىز ئەمەس، بەلكى قاتتىق قوللۇق خوجايىنىمىزدۇر. ئۇنىڭ قەھرى بىلەن مېھ-رى، شادلىقى بىلەن قايغۇسى، ۋىسال بىلەن ھىجرانى گويا بىر

ئۆچكىدىكى قوشماق مېغىزدەك بىر - بىرىدىن مەڭگۈ ئايرىلماس-
تۇر.

فېۋرالنىڭ قۇرغاق شامىلى ئانچە كۆپ قار ياغمايدىغان بۇ شەھەردە كىشىلەرنى تولىمۇ بىزار قىلاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۈتۈن شەھەرگە بۇنىڭدىن يەتتە - سەككىز ئاي بۇرۇن مۆجىزە سۈپىتىدە كېسەللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ۋىسال شادلىقىغا چۆمۈلگەن بەختىيارنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى تارقالدى.

— ئاھ مېنىڭ كۆز نۇرۇم، قانىتىم بالام، ئۇن گۈلۈڭنىڭ بىرسى ئېچىلمىغانتىغۇ تېخى بالام، يېتىملىكنىڭ دەردىنى ئاز تارتتىڭمۇ بالام، بۇ ئازابقا قانداق چىدايمىز بالام...

— بەختىمىز ئەجەب قىسقا بولدىغۇ بەختىيار، بىللە ياشاپ، بىللە كېتىمىز دېمەيمىدۇق بەختىيار، ھىجراندا قالدىمغۇ بەختىيار، ھەسرەتتە قويدۇڭغۇ بەختىيار، ئارماندا كەتتىڭغۇ بەختىيار، كەلمەسكە كەتتىڭغۇ بەختىيار...، — قانىتى سۇنغان بىچارە گۈلسۇمخان ئانىنىڭ يىغا - زارى، جۈپتىدىن ئايرىلغان بۇلبۇلدەك ئاھ ئۇرۇپ نالە قىلىۋاتقان ۋاپادار مەشۇق — غۇنچەمنىڭ يىغانلىق نىداسى، ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىشكەن بارلىق ئەل - جامائەتنى ئېسەدەتمەي قالمىدى. ئېچىنىش، ئەپسۇسلىنىش، ھەسرەتتە قېلىش كەيپىياتى ئىچىدە ھەر-كىم ئۆزى بىلگەنچە مۇلاھىزە قىلىشاتتى:

— تويى قىلىنمىغان بولسا تۈگەپ كەتمەسكەن، دوختۇرلار شۇنداق دەپتىكەن.

— جانغا تاقىلىدىغان كېسەل بۇ، نەدە بۇ كېسەلدىن ساقايغانلار بار؟

— ئايالى ئوبدان كۈتكەچكىلا مۇشۇنچىلىك ياشاپتۇ، بولمىسا بۇلتۇرلا تۈگەپ كېتەتتىكەن.

— ئايالى بىلىدىكەنتۇق، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئەجەب تويى

قىپتۇ؟
— قالتىس قىزكەن جۇمۇ، تۇل قىلىشنى بىلىپ تۇرۇپ توي قىلغاندىكىن.
— ئايالىغا بەك ئۇۋال بوپتۇ - دە، توي قىلماي تۇرسىچۇ، بىچارە.
— دېمىسىمۇ ئەجەب ياشلا تۇل قاپتۇ، ئېغىر ئاياغكەن. بۇ بالىمۇ يېتىملىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقانتى، ئەمدىزە بالىسى تۇغۇلۇپلا يېتىملىك زاكىسىغا يۈگىلىدىغان بوپتۇ - دە، ئاھ تەقدىر، نېمىدېگەن شور پېشانىلىك بۇ؟!
— چىن مۇھەببەت شۇدە، مانا پۇشتىدىن بالىسى قالىدىكەن.
— خوتۇن ئالساڭ مۇشۇنداق ۋاپادارنى تاللىيالىساڭ بەختىڭ دېگىنە...
مېيىت ئېلىپ چىقىلدى. گۈلسۇمخان ئانا باشلىق بەختىيارنىڭ قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ پىغانلىق ئاھۇزارى، بىچارە غۇنچەمنىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ «بەختىيار، بەختىيار» دەپ قىلغان نىداسى ئۇزۇنغىچە جىنازىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقان كىشىلەرگە ئەكس سادادەك ئاڭلىنىپ تۇردى.

* * *

قاتتىق تولغاق ئازابىدىن ئېسىگە كەلگەن غۇنچەم گويا چۈشتىن ئويغانغاندەك «بەختىيار، بەختىيار» دەپ قاتتىق ئىڭرىدى-دە، چىرايلىرى سارغايغىنىچە ھوشىدىن كەتتى. بۆلۈم ئىچىنى غۇنچەمنىڭ ئانىسى، گۈلسۇمخان ئانا ۋە ئاچىسىنىڭ «بالام»، «قىزىم»، «غۇنچەم» دەپ تۈۋلاشلىرى بىر ئالدى. دوختۇرلار جىددىيلەشتى. يۇقىرى تېخنىكا، ئىلغار ئۈسكۈنىلەر، بارلىق ئامال - چارىلەر، ئانا - بالىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا

خىزمەت قىلماقتا ئىدى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس! ياشلىق گۈلى ئەمدىلا غۇنچىلىغان بۇ ناتىۋان، سۆيگۈ بابىدىكى ۋاپادار جانان، دۇنياغا يېڭىدىن ئاپىرىدە بولغان، چىن دىلىدىن سۆيگىنى بەختىيارنىڭ پۇشتى — قوشكېزەك ئوغلىنىڭ ھاياتلىق نىداسى يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچتى ـ دە، سېسترالارنىڭ قولىدا تېپىرلاۋاتقان نارەسىدىلەرگە ئۆزىنىڭ تۇنجى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى ئانىلىق تەبەسسۇمىنى ئىنئام قىلدى، بۇ مەھەل ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدە بەختىيارنىڭ سەكراتتىكى مىنۇتلاردا قىلغان «غۇنچەم، غۇنچەم» دېگەن ئىلتىجاسى ياڭرىغاندەك بولدى ...

www.uyghurkitap.com

## ئادىل غوجالىم

# چارە

ئەكرەم قوشنا ـ قولۇملار، ئىدارىدىكى خىزمەتداشلىرى، ئەل ـ ئاغىنە، دوستلىرى شەخسىي ماشىنىلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىدىن ھەيدەپ ئۆتسە ئۆزىنى ئۇلاردىن تۆۋەن ھېس قىلىپ قالاتتى. مانا ئەمدى شەخسىي ماشىنىسى بارلار سېپىگە قوشۇلدى.

ئايالىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىغا چۈشكەن پۇلغا بانكىدىن قەرز ئېلىپ يۈز نەچچە مىڭ يۈەنگە ئوتقاشتەك قىپقىزىل رەڭلىك ماشىنا سېتىۋالدى. دېمىسىمۇ ئەر- خوتۇن ئىدارە ـ ئورگاندا خىزمەت قىلىدۇ. مائاشى، مۇكاپاتى باشقىلارغا قارىغاندا مۇقىم ھەم يۇقىرى تۇرسا، ئۆزلىرىدىن تۆۋەن كىرىملىكلەرمۇ ماشىنا ئېلىۋاتقان يەردە، ئۇلار ئالسا ئەلۋەتتە يارىشىدۇ ـ دە، شەخسىي ماشىنا دېگەن ھاللىق تۇرمۇشنىڭ بەلگىسى تۇرسا.

ئەكرەم ماشىنا سېتىۋالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى شەخسىي ماشىنىسىنى ئىدارىگە ھەيدەپ كەلدى. ئۇ ئەمدى ئىشقا بېرىپ ـ كېلىشتە ئاپتوبۇسقا پومداقلىشىپ، قىستىلىشىپ چىقىشتەك قىيىنچىلىققا خاتىمە بەرگەنىدى. ئۆتكەن يىلى ئىدارە ئالدىدىكى مەيدانلار تۈزلىنىپ ئەپچىللا قىلىپ ياسالغان ماشىنا توختىتىش مەيدانى ھۆكۈمەت ماشىنىسى ۋە شەخسىي ماشىنىلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. بالدۇر كەلگەنلەر ماشىنىسىنى يازدا يامغۇر، قىشتا قارا بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ياسالغان لاپاسنىڭ ئىچىگە توختاتقانىدى، ئۇ ئامالسىز ماشىنىسىنى ئەڭ چەتكە توختىتىپ

قويدى، ئىشىكلەرنى تاقاپ ئوتقاشتەك قىپقىزىل ماشىنىسىغا قا-
راپ قويۇپ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئىدارە ئىشخانىسىدا
كاتىپلىق قىلاتتى. قولى بوش بولسىلا سىرتقا چىقىپ ماشىنىسى-
غا قاراپ قوياتتى، يۈز نەچچە مىڭ يۈەنگە ئالغان كاتتا ماشىنا
بولغاندىكىن قارايدىغان، ئەنسىرەيدىغان گەپ - دە، ماشىنا توخ-
تىتىش مەيدانى يول ئۈستىدە تۇرسا ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنىسى
ئەڭ چەت، ئادەم زەن سېلىپ كەتمەيدىغان يەردە تۇرسا، كۆرەل-
مەيدىغان يامان نىيەتلىك بىرسى پارقىراق سىرلىرىنى بىرەر
نەرسە بىلەن جىجىۋەتسە ياكى ئوغرىلاپ كەتسە نېمە دېگۈلۈك.
ئۇ چاغدا ھەسرەت چەككەن بىلەن بىكار - دە.

ھەپتە ئون كۈن بولماي ئۇ خاتىرجەم بولالمايۋاتقان ئىش
ئاخىر يۈز بەردى. ئىشتىن چۈشۈپ ماشىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچاي
دەپ ئاچقۇچنى ئاپىرىشىغا يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى، ئە-
شىك تۇتقۇچىنىڭ سەل تۆۋەنرەكىدە پارچە ئەينەكمۇ ياكى مىخ
بىلەن سىزىلغان بىر غىرىچ كەلگۈدەك ئاپئاق ئەگرى - بۈگرى
سىزىق مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچى مۇجۇلۇپ،
بىر يەرلىرى ئاغرىپ كەتكەندەك بولدى.

ئەكرەم شۇ ئىش بولۇپ ئەتىسىدىن باشلاپ باشقىلار-
دىن 20 — 30 مىنۇت بالدۇر كېلىپ ماشىنىسىنى ئەڭ بىخەتەر،
كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان لاپاسنىڭ ئاستىغا توختىتىدىغان بول-
دى، ئەمما ماشىنا بىخەتەر جايغا توختىتىلغىنى بىلەن چۈشتە،
كەچتە ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا ئارقىغا، يانغا توختىتىپ قو-
يۇلغان ماشىنىلارنىڭ ئىگىسى ئىشتىن چۈشمەي قالسا، شۇلارنى
ساقلىماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ماشىنا بىخەتەر تۇرغاچقا
بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدى.

مانا بۈگۈنمۇ ئۇ ئىشتىن ئۆز ۋاقتىدا چۈشەلمەي قالدى.
ئەتراپقا قارىدى، ئارقىغا توختىتىلغان ماشىنىنىڭ ئىگىسى كۆ-
رۈنمەيتتى. ماشىنىنى قوزغىتىشقا ئامال بولمىدى، شۇنىڭ بى-

لەن ئىشخانىغا قايتا كىرىپ كومپيۇتېردا قارتا ئويۇنى ئويناشقا باشلىدى، بىر چاغدا ئىشىك يەڭگىل چېكىلدى، ئاندىن ئىدارە باشلىقىنىڭ بېشى كۆرۈندى.

— ئەكرەم ئۇكا، تېخى ئىشتىن چۈشمىگەن ئوخشىمامسىز، — دېدى ئىدارە باشلىقى بىر قولىدا ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

ئەكرەم دەرھال قولىدىكى مائۇسنى بىرلا بېسىپ كومپيۇتېر سۈرىتىنى ئالماشتۇردى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىدارە باشلىقىغا جىددىي، ئەمما سەل تەمتىرەپ تۇرۇپ:

— غاپپاركا ياخشىمۇسىز، ئەتە ئەتىگەندە يۇقىرىغا يوللايدىغان ماتېرىيال بار ئىدى. شۇنى قايتا پىششىقلاپ ئۆزگەرتىۋاتقان، كەچتە يەنە ئىشلىمىسەم پۈتمىگىدەك، — دېدى.

— يېقىندىن بېرى ئىشخانىڭىزنىڭ چىرىغى يورۇقلا تۇرىدىغان بولدى، كۆندە دېگۈدەك كەچ قايتىۋاتامسىز نېمە ئۇكا؟ — دېدى ئىدارە باشلىقى.

— كەچلىرى ئىنگلىز تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنى بىرلەشتۈرۈپ پىششىقلاپ ئۆگىنىۋاتىمەن. غاپپاركا، ئۆيدە باللار ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلغاچقا ئەپسىز كەن، ئىشخانا بەك تىنچ، — ئۇ سۆزلەپ بولغۇچە يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

ئىدارە باشلىقى ئەكرەمگە بىر خىل مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ قويدى.

بىر كۈنى چىڭقى چۈش، ھاۋا ئوت كەتكەندەك ئىسسىق ئىدى. ئىشتىن چۈشۈپ، قورساقلىرى تارتىشىپ كەتكەن ئەكرەم ماشىنىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈردى، قېرىشقاندەك كەينىدە بىر ماشىنا، ياندا بىر ماشىنا قىمىر قىلماي تۇراتتى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ تىت ـ تىت بولدى. قورساق ئۆزىنىڭ تىت ـ تىت بولۇشى بىلەن پەرۋايى پەلەك ۋىژىلداپ ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئاخىر ئامال يوق ئىدارە بىناسىنىڭ ئارقىسىدىكى ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېيىشكە

كىتاب تورى ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

مەجبۇر بولدى. ئۇ تاماقنى يەپ بولۇشىغا ئىدارە باشلىقى بىرقانچە ناتونۇش كىشىلەرنى ئاشخانىغا باشلاپ كىردى.

— ئەكرەم چۈشتە قايتماپسىز - دە، — دېدى ئىدارە باشلىقى ئەكرەم بىلەن كۆرۈشۈپ.

— غاپپاركا، بۈگۈن چۈشتە قايتالمىدىم قاراڭ، ئەتە چوڭ يىغىندا بېرىدىغان دوكلاتىڭىزنى، سىز كۆرسىتىپ بەرگەندەك يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ چۈشتىن كېيىن قېشىڭىزغا ئاچىقمىسام ئۈلگۈرمىگىدەك، شۇڭا چۈشلۈك تاماقنى ئاشخانىدا يەپلا ئىشخانىغا كىرىپ كېتەي دېگەنىدىم. چۈشتىن كېيىن ئىشقا چىقىش بىلەن دوكلاتىڭىزنى ئىشخانىڭىزغا ئېلىپ چىقىمەن، — ئۇ شۇ گەپلەرنى دەپ بولغۇچە يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

ئىدارە باشلىقى مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئەكرەم بۇرۇنقىدەك ماشىنىسىنى ئەڭ بۇرۇن ئىدارىگە ھەيدەپ بىخەتەر جايغا توختىتىپ قويۇپ، ھەممىدىن كېيىن قايتىدىغانىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، ئىشخانىدا ئىش ئالدىراش بولسۇن - بولمىسۇن كېيىنچە بۇ ئىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە يىل ئاخىرى بولۇپ قالدى، ئىدارە ئورگىنىغا باش شىركەت بويىچە ئىلغار شەخس باھالاش ئۈچۈن بىر سان بېرىلدى، ئۇنى - بۇنى كۆرسىتىشتى، كۆپچىلىك بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغاندا ئىدارە باشلىقى سۆز باشلىدى:

— يولداشلارغا مەلۇم، ھەممىمىز ئىدارىنىڭ تەرەققىياتى، روناق تېپىشى ئۈچۈن بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشۇۋاتىمىز، بولسىغۇ ھەممىمىز بولساق بولاتتى، ئەمما سان بىر، شۇڭا مەن كۆزقارىشىمنى سۆزلەپ باقسام. مېنىڭ بايقىشىمچە، ئەكرەمنىڭ ئىپادىسى ئۆزگىچە بولۇۋاتىدۇ، مەيلى خىزمەتتە، مەيلى ئۆگىنىشتە بولسۇن ئىلگىرىلەش زور، ئۆيىدە كىچىك باللىرى تۇرۇپ ئەتىگەن كېلىپ، كەچ قايتىۋاتى-

دۇ، مەن پات ـ پات ئىش قوشۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى، يەنە خەنزۇ تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمەن، تېخى بىر كۈنى چۈشتە ئۆيگە قايتماي ئىدار- مىز ئورگىنى قېشىدىكى ئاشخانىدا تاماق يەپ ئىش قوشۇپ ئىش- لىگىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۆزىنىڭ ماشىنىسى بول- غاندىكىن دىككىدە ھەيدەپ ئۆيگە بېرىپ بالىلىرى بىلەن تاماق يېسىمۇ بولاتتى. ئەمما مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن ئۆيگە بارماي ئىش قوشۇپ ئىشلەپ يىغىن ھۆججەتلىرىنى دەل ۋاقتىدا يەتكۈز- دى. بۇغۇ كىچىك ئىشلار، باشقىلار بولسىمۇ شۇنداق قىلغان بولاتتى. تامچە سۇدىمۇ قۇياش نۇرى يالتىرايدۇ، دېگەندەك ئاشۇن- داق كىچىك ئىشلارنى پىششىق قىلىشىدىن باشقا نەتىجىلىرى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، مەن ئەكرەمنى كۆرسەتسەم، كۆپچە- لىكنىڭ باشقىچە پىكرى بارمىكىن.

كۆپچىلىك گەپ قىلماي ئولتۇرۇشتى، كىممۇ خاقانىنىڭ سۆزىگە ئەكسىچە گەپ قىلسۇن، كىممۇ ئىلغار شەخس بولۇشتەك كىچىك مەنپەئەتنى تالىشىپ خاقانىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنسۇن!

ھەممە بىر ئاۋازدىن قوشۇلدى، شۇنداقتىمۇ بەزىلەر يوشۇ- رۇنچە مىيىغىدا كۈلۈشۈپ قويدى.

ئەكرەم ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشخانا كاتىبات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. ئارىدىن بىر يېرىم يىلچە ئۆتۈپ ئىشخا- نىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ شەخسىي ماشىنى- سىنى ئەتىگەن ھەيدەپ كەچ قايتىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى. چۈنكى ئىدارە مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن يۇقىرى كادىرلارغا ماشىنا سەپلەپ بەرگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

تۇرسۇن تۇردى

# گۇگۇمدىكى ئۇچرىشىش

كەچكى شەپەق ئاسماندىكى غايەت زور غەلىتە مەخلۇق شەكلىگە كىرىپ قالغان بۇلۇتلارغا رەڭ بېرىپ ئۇلارنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتكەن، يەردە بولسا باغچىلاشتۇرۇلغان ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىنىڭ خىلۋەت بوستانلىرى ئەمدىلا گۇگۇم قوينىغا چۆكۈشكە باشلىغان چاغ ئىدى. بىر - بىرىگە سوغدىشىپ ئاستا كېتىۋاتقان قىز بىلەن يىگىت دەرەخ كۆتىكى شەكلىدە ياسالغان سېمونت ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئالدىدىكى كۆتەك شەكىللىك سېمونت ئۈستەلگە بىلىكىنى ئالماپ قويۇپ، بىلىكىنىڭ ئۈستىگە ئېڭىكىنى تىرەپ خىلىغىچە بىر - بىرىگە ئۈنسىز قاراپ تۇرۇشتى. سۆيگۈ پىراقىدا پىلدىرلاپ قالغان يىگىتنىڭ كۆزى قىزغا ئاشىقانە باققان بولسا، ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە كەسكىنلىكى ۋە چىچەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان قىزنىڭ شاش كۆزلىرى يىگىتنىڭ بېقىشىغا بوي بەرمەيۋاتاتتى.

— سىزنى سۆيىمەن، جېنىم ... — ، دېدى يىگىت بىر چاغدا خۇددى يىغلىۋېتىدىغاندەك بوش ئىڭراپ.

— بۇنى بىلىمەن، — دېدى قىز يىگىتكە دوق قىلغاندەك.

— سىز مەن ئۈچۈن ھاۋادىنمۇ مۇھىم!

— بۇنىمۇ بىلىمەن، مەن بولمىسام سىز نەپەستىن قالدىسىز.

— يا ... ياق، سىزلا ئەمەس، يەنە سىزنىڭ ماڭا بولغان

مۇھەببىتىڭىز بولمىسا ...
— ھوي، — دېدى قىز بىلىكىگە تىرەپ تۇرغان ئېگىكىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ، — ئۇنداق بولسا، مانا بىر ئوبدان نەپەسلە-نىپ تۇرۇپسىزغۇ؟
— چۈنكى، سىزنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىز بار - دە! — دېدى يىگىتمۇ ئېگىكىنى بىلىكىدىن ئاستا كۆتۈرۈپ.
— كىم شۇنداق دەيدۇ؟
— بۇ ... بۇ ...
— ھەيران قالماڭ، — دېدى قىز يىگىتنىڭ كۆزىگە تىكى-لىپ تۇرۇپ، — مەندە سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا كاپالەتلىك قىلغۇ-دەك ھېچ نەرسە يوق.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟ ...
— ھاياتىڭىزنى مەن بىلەنلا چېتىۋالماڭ دېمەكچىمەن.
— ھاياتىمنى سىزگە چاتمىدىم، جېنىمنى مۇھەببىتىڭىزگە ئاتىدىم!
— ئۇنداقتا تېخىمۇ بولمايدۇ.
— نېمىشقا؟
— بىر ئوغۇل بالىنىڭ ھاياتى پەقەت بىر قىز ئۈچۈنلا سەرپ بولۇپ كەتسە، باشقا ئىشلارنى كىم قىلىدۇ؟
— ئەجەبا، بىر يىگىتنىڭ بىر قىزغا ئۆزىنى بېغىشلىشى يامان ئىشمۇ؟
— سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى ماڭا بېغىشلىشىڭىزدا باشقا مەقسەت يوقمىدۇر ھېلى؟
— بىرەر مەقسەت بار دېيىلسە، ئۇ پەقەتلا سىزنى بەختلىك قىلىش ئىستىكىدۇر!
— سىز ئۆزىڭىزنى ماڭا بېغىشلىسىڭىزلا مېنى بەختلىك بولىدۇ، دەپ قارامسىز؟
— مېنى بەكلا گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتىسىز، جېنىم ... مەن

www.uyghurkitap.com

سىز ئۈچۈن جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ ئوت دېسىڭىز ئوتقا، سۇ دېسىڭىز سۇغا سەكرەشكە ھەر ۋاقىت تەييارمەن.

— بۇ پەقەت سىزنىڭ ھازىرقى — سىزگە «ئىسسىق ئۆتى-كەن» چاغدىكى ھېسسىياتىڭىز، لېكىن ۋاقتى ۋاق كەلگەندە «يەنە بىر - ئىككى كۈن قاراپ باقمىزمۇ - يە» دېگەندەك ئىش ھامان يۈز بېرىدۇ.

— مۇمكىن ئەمەس، ماڭا ئىشىنىڭ! ...

— ياق، مەن ۋاقىتقىلا ئىشىنىمەن.

— مېنى قىينىماڭ ... بولمىسا مەن مۇشۇ يەردىلا يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ قولىڭىزغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن!

— ۋاي ياق، قان تېمىپ تۇرغان يۈرىكىڭىزنى نېمە قىلاتتىم مەن؟

— ئەمىسە مەن قانداق قىلىمەن؟ ...

— ئاتا - ئانىڭىزغا تايىنىۋالماي ئۆزىڭىز بىرەر ئىش تېپىڭ!

— بۇنىڭغا ئالدىرىماڭ، دادام يولىنى مېڭىۋاتىدۇ، تاپقاندىكىن ئوبدانراق ئىش تاپقىنىم ياخشىدۇر؟

— نېمىشقا ئۆزىڭىز ماڭمايسىز ئۇ يولنى؟

— ماڭا قارىغاندا دادامنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ تۇرسا ...

— ئالىي مەكتەپنى دادىڭىز ئوقۇدىمۇ ياكى سىزمۇ؟

— بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟

— قانداق گەپ؟ بەش يىل ئالىي مەكتەپنى ئوقۇپ كەلگەن بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئۆزى خىزمەت تاپماي دادىسىنى يول مېڭىشقا سالغىنى بۇ قانداق گەپ؟!

— ھازىر بالىسىنىڭ خىزمەت تېپىشىغا قايسىبىر ئاتا - ئانا يول ماڭمايۋاتىدۇ؟

— مېنى خوش قىلغۇڭىز بولسا، خىزمەتنى ئۆزىڭىز تې-

پىلىك، ھېچ ئامال بولمىسا ئۆز ئالدىڭىزغا بىر ئىش قىلىڭ. قىلغاندىمۇ ئەلنىڭ ئاغزىدا قالغۇدەك...

— تېخى ئەلنىڭ ئاغزىدا قالغۇدەك دەڭ...

— شۇنداق، قىزلارنىڭ مۇھەببىتى ئوغۇللارنىڭ ئەل ئىچىدىكى قەدرى ـ قىممىتىگە قاراپ قوزغىلىدۇ، قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق كەچكىچە تورغىيىڭ بولاي، پاختىكىڭ بولاي، ئۆلدۇم، كۆيدۇم، كاۋاپ بولدۇم... دېگەندەك سۆزىڭىزگە يوق گەپلەرگە قىزلارنىڭ پەرۋايى پەلەك، ھازىر دېگەن قايسى زامان؟...

— مېنى ئەجەب بىر ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدىڭىزا؟...

— ياق، ئەكسىچە مەن سىزنى ئوسال ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇراي دەۋاتىمەن!

يىگىت تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ تەنھا خىيالغا پاتقان چاغدا، گۇگۇممۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ قوينىغا غايىب بولغانغا ھېچقانچە ۋاقىت بولمىغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا تولۇن ئاي كۆتۈرۈلۈپ «بەش يۇلتۇزلۇق» مېھمانساراي بىناسىنىڭ ئۈستىگە قونۇش ئالدىدا تۇراتتى. شۇ تاپتا يىگىتنىڭ خىياللىرى ئۇنى يېڭى بىر ھايات قاينىمىغا باشلاپ كىرگەن بولۇپ، ۋۇجۇدى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل كۈچنىڭ سىلكىشىدە لەرزىگە كېلىۋاتاتتى...

تولۇن ئاي مېھمانساراي بىناسىدىن كۆتۈرۈلدى، يىگىتمۇ ئورنىدىن دەس تۇردى.

www.uyghurkitap.com

# ئەھدىنىڭ ئاقىۋىتى

— ئاھ خۇدا، — دېدى «باھار تاللا بازىرى»نىڭ خوجايىنى ئەينەكتىكى ئەكسىگە قارىغىنىچە ئۇھسىنىپ، — مانا، ئون سەككىز يىللىق ئەجرىمنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن، بىراق تارتقان جاپالىرىمنىڭ ھالاۋىتىنى ئەمدى بىر سۈرەي دېگەندە چاچ - ساقاللىرىمنى ئاق ئارىلاپ، قېرىلىق كوچىسىغا كىرىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمەن ...

— ھە، نېمە دېمەكچىسەن؟

— ساڭىمۇ مەلۇم، — دېدى خوجايىن مۈرىسىنى قورۇپ قويۇپ، — مەن بۇ دۇنيالىقتا سېنىڭدىن تا ھازىرغىچە بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىپ باقمىغان، ئەمما بۇ قېتىم بىر تەلىپىمنى دېسەم، شۇنى بىر ئىجابەت قىلىپ بېرەرسەنمۇ؟

— قېنى ئېيتە، ئاڭلاپ بېقىپ بىر نېمە دەي.

— بىراق شۇ ... تەلىپىم بىمەنىرەك ...

— جانىنى ئالغۇدەك بولسىمۇ ئېيتىۋەر!

— ماقۇل، ماقۇل، — دېدى خوجايىن ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە تولغىنىشىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، — مەن بۇ يىل قىرىق ياشقا كىردىم. بۇ جەرياندا ئىشلىرىم ئوڭغا تارتىپ خېلىلا بېيىپ قالدىم، ئەمما چاچ - ساقاللىرىمدىكى ئاققا قارىسامىلا شادلىقىمنى ئازاب يالماپ كېتىدۇ - دە، بۇنىڭ بىلەن بەكمۇ غېرىبسىنىپ قالىمەن. شۇڭا مۇمكىن بولسا يېشىمنى قىرىق ياشتىلا توختىتىپ قويغان بولساڭ.

— بۇنىڭغۇ مۇمكىن. بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ئىشلىرىڭ بىلەن كارىم بولمىسا بولىدۇ - دە.

— مەيلى باشقا ئىشلىرىمغا ئۆزۈم ئىگە، سەن پەقەت يېشىمىنى ماڭدۇرمىساڭلا بولدى.

— بولىدۇ، مەن هازىردىن باشلاپ يېشىڭنىڭ تورمۇزىنى تارتتىم. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن يېشىڭغا بىر دەقىقىمۇ قوشۇلمايدۇ، مەڭگۈ قىرىق ياشتا تۇرىسەن!

ئېيتقۇسىز هاياجان ۋە قىن - قىنىغا پاتمىغان شادلىق تۈيغۇسى خوجايىنىنىڭ چېھرىدە هەسەن - هۈسەنلەرنى جىلۋىلەندۈرۈۋەتتى. ئۇ شۇئان بۇ خۇشاللىقىنى ئالەمگە جاكارلىماقچى بولدىيۇ، ئەمما خىلىغىچە تىلىنى مىدىرلىتالمىدى. بىر هازادىن كېيىن تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغان تىلىنى مىڭ بىر تەستە ئۆمىلەپ ئاران هەرىكەتلەندۈردى ۋە: «ئەمدى مەن قېرىمايمەن، مەڭگۈ ياش تۇرىمەن!» دېگىنىچە ئويغىنىپ كەتتى.

ئاشۇ چۈشىدىن كېيىن تاللا بازىرىنىڭ خوجايىنى سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن بەش يىلنى بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى، هەتتا خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭ چىرايى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك ياشىرىپ، چاچ - ساقاللىرىدىكى ئاقلار ئازلاپ يېشى ئارقىغا يېنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى «بەك ياش تۇرۇپسىز» دېگۈچىلەرگە پەخىرلەنگەن هالدا: «ماڭا خۇدانىڭ نەزىرى چۈشكەن، مېنىڭ خۇدا بىلەن قېرىماسلىق هەققىدە تۈزۈشكەن ئەهدەم بار» دەيتتى.

خوجايىنىنىڭ ئىش - ئوقىتى تازا چاك بېسىپ يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كېلىشمەسلىكلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كەلگىلى تۇردى، — چاغانىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى قايسىبىر بالىنىڭ ئاتقان پوجىڭى ئۇنىڭ تاللا بازىرىغا چۈشۈپ كېتىپ ئوت كەتتى. ئۇ تېخى يېقىندىلا بىر يۈز ئەللىك مىڭ سوم خەجلەپ تاللا بازىرىنى بېزەتكەن بولغاچقا، يېنىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان بېزەك ماتېرىياللىرىغا تۇتاشقان ئوت هەش - پەش دېگۈچە تاللا بازىرىنى يالماپ كەتتى. «119» ناهايىتى

تېز يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئوت ئۆچۈرۈلگىنىدە تاللا بازىرىدا كۆزگە چېلىققۇدەك بىرنەرسە قالمىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئوت ئاپىتى ئېلىپ كەلگەن ئېغىر چىقىم ئالدىدا خوجايىن ئانچە ئۆز-نى يوقىتىپ قويمىدى. شۇ تاپتا ئۇ خىيالىدا سۇغۇرتا شىركىتى-دىن ئالىدىغان تۆلەم پۇلىغا يەنە بىرئاز پۇل قوشۇپ تاللا بازىرىنى رېمونت قىلىش ۋە مال جازىسىنى ئورنىتىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋا-تاتتى. بىراق سۇغۇرتا شىركىتىدىن تۆلەم ئېلىشمۇ ئاسانغا چۈش-مىدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن نەق ئىككى ھەپتە قاترىدى، بۇ ئىككى ھەپتىلىك قاتراشقا ئوت ئاپىتىنىڭ دەردى قوشۇلۇپ خېلى ھار-دۇق يەتكەن بىر كۈنى خوجايىن ئاغىنىلىرى بىلەن كەچ بازاردا چىلاشقۇدەك ئىچىشىپ قالدى. بىراق ئۇ ئۆيگە قايتار چاغدا ماشىنىسىنى يولنىڭ چېتىدە توختىتىپ قويۇلغان بىر يۈك ماشى-نىسىغا سوقۇۋېلىپ ماشىنىسىنىڭ قاڭشىرىنى ئېزىپ، ئۆزىنىڭ ئېڭىكىنى چېقىۋالدى، ئۇ ئېڭىكىنى نەچچە رەت ئەسلىگە كەلتۈ-رۈش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان بولسىمۇ، ئېڭىكى يەنىلا كې-لەڭسىز ھالەتتە بىر چەتكە قىيسىيىپ قالدى. چىرايىدىكى بەتبە-شىرىلىككە قاراپ خوجايىنىنىڭ ئىچى سىيرىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستى-گە نەچچە قېتىملىق چىراي تۈزەش ئوپېراتسىيىسى ئۇنىڭ يانچۇ-قىنى ئۆرۈپ قويغانىدى.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ خوجايىنىنىڭ بېشى ئوغرى-نىڭكىدەك قاتتى. ئاقسۆڭەك خېنىملىرىدەك تۇرمۇش كەچۈرۈپ كۆنۈپ قالغان خوجايىنىنىڭ خوتۇنىغا كۆز ئالدىدىكى غورىگىل تۇرمۇش بەكمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى. خوتۇنىنىڭ ھەر قېتىملىق ئېغىر ئۇھسىنىشلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە زىختەك سانجىلسا، يەتتە ياشلىق ئوغلىنىڭ «ئۇنى يەيمەن، بۇنى ئېلىپ بەر» دېگەندەك ئەلۋەسى مېڭىسىنى قوچۇپ ئارام بەرمەيتتى. بىر كۈنى ئۇ «ئۆي-نى سېتىپ دەسمايە قىلسام» دېگەن خىيالدا بىنادىن چۈشۈۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن پەلەمپەينىڭ گىرۋىكىگە دەسسەپ سالدى –

ده، خۇددى «خۇدا ئۇرغاننى خۇدابەردىمۇ قوشۇپ ئۇرۇپتۇ» دېگەندەك يىقىلىپ چۈشۈپ پۈتىنى سۇندۇرۇۋالدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىشقا پۇلى بولمىغاچقا، پۈتىنى تېڭىقچىغا تاڭدۇرۇپ ئۆيدە ياتتى. ئەمما ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان بۇ ھادىسىلەر ئۇنى يەنىلا باش ئەگدۈرەلمىدى. ئۇ شۇ يېتىشىدا «ئورنۇمدىن تۇرۇۋېلا كېتەلىسەم، مېيىپلىق كىنىشكىسىدىن بىرنى بېجىرىپ تۇرلۈك ماللار دۇكىنى ئاچىمەن» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى. بىراق ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ئايالى بالىسىنى ئېلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىگە كېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئايالىدىن كەلگەن بۇ زەربە ئۇنىڭ پىلانلىرى، شۇنداقلا ئىرادىسىنىمۇ بىراقلا بەربات قىلىۋەتتى...

تاڭ نۇرى شەرق ئۇپۇقىنى توغاچنىڭ بۇرنىدەك قىزارتقان ھەم تاڭ ساباسىمۇ بالكوننىڭ دېرىزىسىدىن غۇرۇلداپ كىرىشكە باشلىغان ئاشۇ سەھەر مەھەلدە خوجايىن ئۇيقۇسىزلىق، غېرىبلىق، ئامالسىزلىق، دەرد ـ ئەلەم ۋە خورلۇقلىرىنى ھاپاشلاپ ئاستا تەمتىلەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بالكونغا چىقىپ بىنادىن باشچىلاپ پەسكە شۇڭغۇدى ھەمدە يەرگە چۈشۈپلا ئۆزىنى خۇدانىڭ دەرگاھىدا كۆردى.

— ئەي ئادەملەرنىڭ يارانقۇچىسى، — دېدى خوجايىن مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ ئاھ ئۇرۇپ دادلاپ، — مەن بۇ يەرگە رىزقىم تۈگەپ ئەمەس، بەلكى بېشىمغا كەلگەن ھادىسە ۋە خورلۇقلارنىڭ ئەلىمىگە چىدىماي كېلىپ قالدىم...

— ھە، سەنمىدىڭ، — دېدى خۇدا ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلماي، — سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن بالا ـ قازالاردىن مېنىڭ قىلچە خەۋىرىم يوق.

— خەۋىرىم يوق؟ سەن ھەممىنى بىلگۈچى ھەم ھەممىگە قادىر بولغۇچى ئەمەسمىدىڭ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق مەن سېنىڭ يېشىڭنى قىرىقتىن

ئاشۇرماي مەڭگۈ ياش ھالىتىڭنى ساقلاپ قىلىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ بىخەتەرلىكىڭگە قارىيالماي قالدىم ...

خوجايىن شۇندىلا ئۆزىنىڭ خۇدا بىلەن چۈشىدە تۈزۈشكەن ئەھدىسىنى ئېسىگە ئېلىپ ھاڭقايغان ھالدا ئاغزىنى كامارىدەك ئاچقىنىچە شۈكلەپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

تۇرسۇن تۆمۈر

# ۋىشكا مېھرى

چەت - خىلۋەتكە جايلاشقان بۇ كەنت ناھىيە بازىرىغىلا ئەمەس، يېزا بازىرىغىمۇ خېلىلا يىراق، يوللىرى ئوڭغۇل - دوڭغۇل، ئېگىز - پەس، يېزا بازىرىغا بېرىش ئۈچۈنمۇ ئېگىز بىر دۆڭ باغرىنى بويلاپ ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى كەپە شەكلىدە ئاددىي قىلىپ سېلىنغان، ھويلا - ئاراملىرى پاكار سوقما تام بىلەن قورشالغان، ئۆي ئەتراپلىرىغا يۇلغۇن - يانتاق، قورايلار ئۆسۈپ كەتكەن يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق كەنتى ئىدى. بۇ تېخىچە توك تارتىلمىغان كەنت بولۇپ، كۈننىڭ ئولتۇرۇشى بىلەنلا مەھەللىدە قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرەتتى. ھەربىر ئائىلىنىڭ دېرىزىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان سۇس گۈڭگا يورۇقلۇق بۇ مەھەللىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى بولۇپ، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى قاراڭغۇ تۈن پەردىسىنى يىرتىپ يىراق - يىراقلارغا كېتەتتى.

سىيتاخۇن ئاكا مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ مەھەللىدە چوڭ بولغان. مەھەللە مەكتىپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى يىللىقى باشلانغۇچ بەشىنچى سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ، يېزا بازىرىغا بېرىپ داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، سايدا كالا - قوي بېقىپ ئاتىسىنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ يۈردى. كېيىن ھەربىيلىككە تىزىملىنىپ بەش يىل ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ كەلگەندىن كېيىن، مۇشۇ كەنتتىكى قىز ھۆرنگۈل

بىلەن توي قىلىپ، دېھقان يىگىتلىرىدىن بولۇپ كەتكەنىدى.

«كۆپنى كۆرگەن كۆپنى بىلەر» دېگەندەك، سىيتاخۇن ئاكا بەش يىللىق ھەربىيلىك ھاياتىدا كەنتتىكى ياشلارغا ئوخشاشمايدىغان بىر خىل ئادەتنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، بەكمۇ تىرىشچان ئىدى. كەنتتىكى باشقا ياشلار جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا تاڭ ئاتقۇچە قارتا ئوينىشسا، ئۇ ئۆزى مۇشتەرى بولغان گېزىت - ژۇرناللارنى ئوقۇيتتى. مۇشتەرى بولغان گېزىت - ژۇرناللىرى ۋاقتىدا كەلمەي كۆپىنچە يېزىغا ئۆزى بېرىپ ئەكېلەتتى. ئۇ بىكار تۇرماي مىدىرلاپلا تۇراتتى. ۋاقتىنى زادىلا بوش ئۆتكۈزمەيتتى. قارتا ئويناش ياكى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا تولا چاقىرىپ زېرىككەن تەڭتۇش بىكارچى ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىغا ئىچى پۇشۇپ، «سىيتاخۇن ئاۋارە» دېگەن لەقەمنىمۇ قويۇپ قويۇشقانىدى.

سىيتاخۇن ئاكىنىڭ تۇنجى بالىسى «ئىڭگە» دەپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقىنىدا، ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى يۇمۇلمايلا قالدى. كەنتنىڭ موللىسى ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە بالىنىڭ ئىسمىنى «يالقۇن» دەپ قويۇپ بەردى. بالا شۇنداق چىرايلىق بولۇپ، سىيتاخۇن ئاكا بالىسىغا تويماي قارايتتى. «جېنىم بالام، تېنىم جېنىمدىلا بولىدىكەن سېنى ياخشى تەربىيىلەپ، ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈرىمەن» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ. بالىنىڭ قىرىقى توشقان كۈنى كەنتتىكى ئۇششاق باللار سىيتاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، بالىنىڭ قىرىق سۇيىنى قۇيۇشتى.

— ئون خوتۇن ئېلىڭ، يىگىرمە خوتۇن ئېلىڭ! — دەپ قويۇۋىدى بىرىنچى بالا، نېرىراقتا باللارنىڭ قىرىق سۇيىنى قۇيۇشىغا قاراپ تۇرغان سىيتاخۇن ئاكا سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى:

— ھە ... ي! كادىر بولۇڭ، دوختۇر بولۇڭ، ئالىم بولۇڭ دەپ قويمامسەن؟! نېمە ئۇ ئون خوتۇن ئېلىڭ، يىگىرمە خوتۇن ئېلىڭ دېگەن؟ بالامنى خوتۇنپۇرۇش بولسۇن دەمدۇ نېمە بولار؟ — دېدى، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈـ



www.uyghurkitap.com

شۇپ كېتىشتى.

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەت-تى. ئېگىز پېشايۋانلىق ئۆي سېلىپ ھەر خىل سورتلۇق مېۋىلىك دەرەخلەرنى تۇتقۇزۇپ ھويلا بىلەن باغنى سوقما تام بىلەن ئايرىشنىڭ ئورنىغا قىزىل سىرلانغان رېشاتكا بىلەن ئايرىپ، كەنت بويىچىلا ئەمەس، يېزا بويىچە ھەممە كىشى ھەۋەس قىلىدىغان ئەڭ كۆركەم ئولتۇراق جايغا ئايلاندۇردى.

سىيتاخۇن ئاكا دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىن بىكار بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدا يېزا بازىرى، ناھىيە بازارلىرىغا بېرىپ ئىش تېپىپ ئىشلەيتتى. ئەڭ بولمىغاندا ئۇنى - بۇنى ئېلىپ - سېتىپ بولسىمۇ پۇل تاپاتتى. «جاپانىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئائىلىسى كەنت بويىچە ئەڭ ھاللىق ئائىلە بولۇپ قالدى. يېزىدىكى ياشلار ئۇنىڭ تۇرتكىسى، يول كۆرسىتىشى بىلەن يېزىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بولغان سۈت - قېتىق، توخۇ - ئۆردەك، كەپتەرلىرنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىشتى. تۇخۇم، كۆكۋاش-لارنى، توخۇ - كەپتەرلەرنى پىشۇرۇپ بازارغا ئېلىپ چىقىپ سېتىش، پۇتۇن ناھىيە بويىچە مۇشۇ كەنتتىن باشلانغاندى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كەنتتە سىيتاخۇن ئاكىنىڭكىدەك كۆر-كەم ئۆيلەر خېلى كۆپىيىپ قالدى.

سىيتاخۇن ئاكا بالىسى يالقۇن مەكتەپ يېشىغا توشقۇچە ساۋاتىنى چىقىرىپ بولغانىدى. بالا مەكتەپ يېشىغا توشقاندا ئۇ-نىڭغا چىرايلىق بوغچا، دەپتەر - قېرىنداشلارنى ئېلىپ بېرىپ، مەكتەپنىڭ بىرىنچى سىنىپىغا كىرگۈزۈپ قويىدى. سىنىپتا بارى يوق بەش - ئالتىلا بالا بار ئىدى. مەكتەپنىڭ شارائىتى ناچار، كېسەكتە ئېتىلگەن پارتا - ئورۇندۇقلار بولسىمۇ، لېكىن بالىلار دەرسنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، تەنەپپۇستا چۇرقىرىشىپ يۈرۈپ كۆڭۈللۈك ئوينايتتى، يالقۇن ھەرپلەرنى سۇدەك ئوقۇپ بەرگەچكە، ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنىڭغا بەكلا ئامراق بولۇپ كەتكەنىدى.

شۇڭا ئۇنى سىنىپ باشلىقى قىلىپ قويۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلدۇراتتى.

يالقۇن دەرستە ئەلا، چېچەن بالا بولغىنى بىلەن، ئەمما بەك كەپسىز ئىدى. بىر كۈنى ئاپىسى ئېلىپ بەرگەن چىرايلىق ياغ-لىققا قاتتىق چىقارغان تەرىتىنى چاقماق قەنتنى ئورىغاندەك ئو-راپ، تەنەپپۇس ۋاقتىدا مۇئەللىم دەرس سۆزلەيدىغان مۇنبەرگە ئاستىلا قويۇپ قويدى. مۇئەللىم تازا قىزىق دەرس سۆزلەۋېتىپ ئالدىدىكى چىرايلىق ئورالغان ياغلىقنى كۆردى ـ دە، قىزىقسى-نىپ قولىغا ئېلىۋىدى، قولىغا ئىسسىق ئۇرۇلدى. ئېچىپ قارى-ۋىدى، ئۇ بىر پارچە نىجاسەت بولۇپ چىقتى.

— بۇ كىمنىڭ قىلىقى؟

دەرغەزەپكە كەلگەن مۇئەللىم شۇنداق دېيىشىگىلا يالقۇن قېچىشقا تەمشىلىۋىدى، مۇئەللىم ئۇنى قولىقىدىن تۇتقان پېتى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، بولغان ئىشلارنى سىيتاخۇن ئاكىغا ئېيتتى. سىيتاخۇن ئاكا بالىسىنى تازا ئەدەپلەپ، مۇئەللىمدىن ئەپۇ سوراپ يەنە مەكتەپكە ئاپىرىپ قويدى.

بالىلار كەچقۇرۇنلىرى خېلى بىر ۋاقىتقىچە مۆكمۆكىلەڭ ئوينايتتى. بىر كۈنى يالقۇن قارشى تەرەپ مۆكۈۋالغان يەرنى زادىلا تاپالمىدى. ئۇ كەنتنى يەنە بىر ئايلىنىپ چىقىپ، مەھەللى-دىكى قاۋۇل ئاكا چامغۇر كۆمىدىغان ئورىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. ئورا ئىچىدىن بالىلارنىڭ گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ قىلىشقان پىچىرلاشلىرى ئاڭلاندى. «ھە... بۇ ئورىغا مۆكۈپتىكەن ـ دە بۇلار» دېدى ئۇ ئىچىدە.

— چىقىشە! سىلەرنى تېپىۋالدىم، — دېدى ئۇ ئورا ئىچىگە قاراپ. تۇن قاراڭغۇسىدا ئورىنىڭ تېگىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇ بىر نەچچە قېتىم چاقىردى. لېكىن، ئورىدىكىلەر جىممىدە تۇرۇۋالدى، ئۇ ئىشتىنىنى سىيرىدى ـ دە، زوڭزىيىپ ئولتۇ-رۇپ ئورىغا قارىتىپ نودەك قۇيۇۋەتتى، شۇ ھامان ئورا ئىچىدىن

تىللىغان، يىغلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. يالقۇن بولسا ئىشتىننى كۆتۈرگەن پېتى بەدەر قاچتى.

يالقۇن ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئىشلارنى ئويلاپ تاپاتتى. مەھەللىدە ھېيتاخۇن ئاكىنىڭ بېغىدا ئالما - ئۆرۈكلەر تازا پىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىتى بەك يامان بولغاچقا، بالىلار ئۇ كىشىنىڭ بېغىغا يېقىن يولىيالمايتتى. يالقۇن بۇنىڭغىمۇ بىر ئامال تاپتى. ئۇ ئۆيىدە ئاپىسىغا كۆرسەتمەي مۇشتۇمدەك خېمىر يۇغۇردى، ماخوغا بېرىپ ئاتنىڭ يالىسىدىن ئازراق كېسىۋېلىپ خېمىرغا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. ئات قىلى ئارىلاشقان خېمىر قاتتىق بىر نەرسىگە ئايلاندى.

— ھېيتاخۇن ئاكىنىڭ ئۆرۈكلىرى تازا مەي بولۇپ پىشىپ كېتىپتۇ، ئوغرىلاپ چىقمامدۇق، — دېدى بىر كۈنى ئۇ بالىلارنى قىزىقتۇرۇپ، بالىلار ھېيتاخۇن ئاكىنىڭ ئىتىنىڭ يامانلىقىنى ئېيتىشىپ ھېچكىم كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

— مەن بىرلا تاش ئاتىمەن، — دېدى ئۇ بالىلارنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇش ئۈچۈن، — ھەرقانداق يامان ئىتمۇ غىڭشىپ قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋېتىدۇ، بالىلار بۇنىڭغا زادىلا ئىشەنمىدى.

— يۈرۈڭلار، — دېدى ئۇ بالىلارنى باشلاپ. ھېيتاخۇن ئاكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېقىن قالغاندا بالىلار ماڭغىلى ئۇنىمىدى. يالقۇن ئۆزى يالغۇز ئىككى - ئۈچ قەدەم مېڭىپ «ئۆھۆ ... ئۆھۆ» دەپ يالغان يۆتىلىۋىدى، ئىت قاۋاپ كوچىغا چىقتى. يالقۇن يانچۇقىدىكى خېمىرنى ئىتقا قارىتىپ ئاتتى. ئىت خېمىرنى قوغلاپ بېرىپ بىر چىشلەپلا، چىشىنى ئاجرىتالماي غىڭشىپ قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتتى.

— يۈرۈڭلار ... ! — دېدى يالقۇن بالىلارغا قول ئىشارىتى قىلىپ، ئۆزى باش بولۇپ ھويلىغا سەكرەپ چۈشۈپ ئۆرۈكلەرنى قويۇن، يانچۇق، دوپپىلىرىغا لىق تولدۇرۇپ يېنىپ چىقىشتى.

يالقۇن كەنت مەكتىپىنىڭ باشلانغۇچ بەشىنچى يىللىقىنى ئەنە شۇنداق كەپسىزلىك بىلەن بىرگە ياخشى ئوقۇپ پۈتتۈردى. تولۇقسىزنى يېزا مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇيتتى. كەنتتىكى كۆپىنچە دېھقانلار: «جىگدە ياغىچى بادرا بولماس، دېھقان بالىسى كادىر بولماس» دەپتىكەن دېيىشىپ، بەزىسى بالىلىرىنى ھۈنەرگە بەرسە، بەزىسى ئۆيىنىڭ قاتتىق ـ قۇرۇق ئىشلىرىغا سالدى.

سىيتاخۇن ئاكا بالىنى چوقۇم ئوقۇتىمەن دەيدىغان نىيىتى بولغاچقا، يېزىدىكى بىر شىرەم تۇغقىنى بىلەن سۆزلىشىپ، يالقۇننى شۇلارنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغۇزدى. «سەھرادا ھاڭرىغان ئېشەك شەھەردە ھاڭرىيالماپتۇ» دېگەندەك، بۇ مەكتەپتە كەنت مەكتىپىدەك ئويناپ يۈرۈپ ئوقۇغىلى بولمايتتى. كەنت مەكتىپىدىكىدەك بىر سىنىپتا بەش-ئالتىلا بالا ئەمەس، ئوتتۇز ـ قىرىقچە بالا بىلەن بىرگە ئوقۇيتتى. يەنە كېلىپ بۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرى كەنت مەكتىپىدىكى مۇئەللىملەردەك يۇمشاق قول ئەمەس ئىدى، سەللا بىخەستەلىك قىلسا دەرستە كەينىدە قېلىپ مۇئەللىمدىن دەشنەم يەيتتى.

بىر كۈنى يالقۇن تاپشۇرۇقنى ئىشلىمەي كەلگەنىدى، مۇئەللىم ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قويۇپ قاتتىق خاپا بولۇپ كەتتى. ئادەتتە بۇ مۇئەللىم يالقۇنغا بەك كۆيۈنەتتى.

— سەن يېزىمىزنىڭ ئەڭ يىراق كەنتىدىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى. سېنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن داداڭ قانچىلىك جاپا چېكىۋاتىدۇ، بۇنى بىلەمسەن؟ ھەپتىدە نەچچە قېتىم كېلىدۇ. سەن داداڭنى قىلىدىغانغا ئىشى يوق زېرىكىپ كېتىپ بازار چۆرگىلىگىلى كېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ داداڭ ئۆزىنىڭ ئىشقا ئاشۇرالمىغان ئارزۇسىنى سەن ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، بالام. ياخشىراق ئوقۇش نىيىتىڭ بولمىسا داداڭنى ئاۋارە قىلماي ئۆيۈڭگە كېتىپ داداڭغا ياردەملەشكىنىڭ ياخشى، — دېدى زەردىسى بىلەن.

بۇ گەپلەر يالقۇنغا بەك تەسىر قىلدى. «راست، دېمىسىمۇ دادام ھەپتىدە نەچچە قېتىم كېلىدۇ. ھەر كەلگىنىدە مەن تۇرۇۋاتقان ئۆيگە قۇرۇق قول كەلمەيدۇ. ئۇن - ماي، سەي - كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز، بۇ ئۆيدە ئىچىلىۋاتقان سۈت، قېتىق، قايماقلارنىمۇ ئانام - داداملار ئۆزى ئىچىشكە كۆزى قىيماي، ھەتتا ئۇكامنىڭ ئىچىۋېلىشىدىنىمۇ ئەنسىرەپ ئېگىز ئېلىپ قويۇپ، ئاز- ئازدىن يىغقان ئەمەسمۇ، تېخى مەن مەكتەپكە چىقىپ كەتكىنىمدە نېمىلەرنى ئەكېلىۋەتتى بىچارە دادام» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى - دە، كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلار ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە تىرىشتىكى، ئازلا ۋاقىت ئىچىدە سىنىپنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. ئۇنىڭ يازغان خەتلىرى مارجاندەك ھەم رەتلىك، ھەم چىرايلىق بولغاچقا، ھەرقايسى يىللىقلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنىڭ دەپتىرىنى سىنىپمۇ سىنىپ ئەكىرىپ كۆرگەزمە قىلىپ تۇراتتى. ھەر يىلى «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»، «مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالىنىپ، گۇۋاھنامىلىرىنى ئۆيگە ئېلىپ بارغىنىدا سىيتاخۇن ئاكىنىڭ خۇشاللىقىدىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولۇپ، بارلىق ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ كېتەتتى.

يىللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈۋەردى. سىيتاخۇن ئاكا قىش - ياز دېمەي ھەپتىدە نەچچە قېتىمدىن كېلىپ يالقۇننى ھەم ئۇ تۇرۇۋاتقان ئائىلىنى يوقلاپ تۇردى. يالقۇنمۇ چاققان، ھوشيار، تېتىك بالا بولغاچقا، ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، شۇ ئۆيدىكى بالىغا دەرس ئۆگەتكەچ، ئۆزىمۇ دەرسىنى تەكرار قىلىپ شۇ ئائىلىنىڭ ئۆز بالىسىدەك بولۇپ كەتكەنىدى.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە يالقۇن تولۇقسىزنى پۈتتۈردى. يېزىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغاچقا ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئوقۇشقا توغرا كېلەتتى. ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنى «داۋاملىق ئوقۇ، داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتەلىشىڭدە گەپ يوق، مەكتىپىمىز-

گە شەرەپ كەلتۈرەلەيدىغان ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرسىنى» دې-
يىشىپ، ئۇنىڭ داۋاملىق ئوقۇشىنى تەلەپ قىلىشتى. داۋىسى-
نىڭمۇ داۋاملىق ئوقۇتۇش ئويى بار ئىدى. ئۇنىڭ سىنىپىدىكى
ساۋاقداشلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئىمتىھان
بېرىپ تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بولۇشتى. بۇنىڭغا يالقۇنمۇ
قىزىقىپ قالغانىدى. شۇنداق بىر قىزىقىش بىلەن تىرىشىپ
ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىغا قاتناشتى. ئۇنىڭ نەتىجىسى ناھىيە
بويىچە ئۈچىنچى قاتارغا ئۆتۈپ شىنجاڭ نېفىت تېخنىكومىنىڭ
مېخانىزم كەسپىدىن چاقىرىق كەلدى. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى
«ھەي ئىسىت! ... ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بالا ئىدى بۇ»
دېيىشىسە، كەنتتىكىلەر سىيتاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىگە توپ - توپى
بىلەن كىرىپ ئۇنى مۇبارەكلەشتى. چۈنكى، ھازىرغىچە بۇ كەنت-
تىن بىرەرسىمۇ سىرتقا ئىش ئىزدەپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن
ئوقۇشقا چىقىپ باقمىغانىدى. يېزىدىكى ھەممە كىشى باللىرىنى
ئەسلى - ۋەسلى كەتسىمۇ چوقۇم ئوقۇتۇش نىيىتىگە كېلىشتى.
باللىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ ھۈنەرگە بەرگەنلەرمۇ باشقى-
دىن باللىرىنى مەكتەپكە بېرىشكە باشلىدى. ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭمۇ ئۆگىنىش ئىرادىسى كۈچىيىپ كەتكەنىدى.
سىيتاخۇن ئاكا بالىنىڭ ئوقۇش نىيىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى
كۆرۈپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇتۇش نىيىتىدىن ۋاز كې-
چىپ، ئۇنىڭ يول تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى. ئۇرۇق -
تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارمۇ ئۇزۇلدۇرمەي كىرىپ يوللۇق
تۇتۇپ تۇرۇشتى. يالقۇن يولغا چىققانغا قەدەر بۇ ئائىلە بايرام
شادلىقىغا چۆمۈلۈپ تۇردى.
سىيتاخۇن ئاكا يالقۇننىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېشەك
ھارۋىسىغا بېسىپ يولغا چىققاندا پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر دېگۈدەك
ئىشىك ئالدىغا يىغىلىشقانىدى، ئېشەك ھارۋا خېلى بىر يەرگە
بارغۇچە «خەير خوش! ياخشى ئوقۇ، مەھەللىمىزنى ئۇنتۇپ قال-

ما! ...» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇردى. يالقۇن مەھەللىسىگە تويماي قارايتتى. ھەر تەتىللەردە دوستلىرى بىلەن قوي ـ كالا باققان سايلىقلار، ئوت ـ چۆپ ئورۇغان ئېتىزلار، سۇ كېچىپ، سۇ چېچىشىپ ئوينايدىغان كىچىك ئېرىقلار، غورا بولغۇچە قىـ. قىپ يەپ قورساقلىرىنى ئاغرىتىۋالغان ئالما، ئۆرۈكزارلار بىر ـ بىرلەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتاتتى. «خەير خوش، دوستلىـ. رىم، خەير خوش، ئاق كۆڭۈل يۇرتداشلىرىم، مەن نەگىلا بارماي مۇشۇ سەھرانىڭ ئوغلىمەن» دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

ناھىيە بازىرىغا بارغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغانىدى. ئۇلار دېھقانلار چۈشىدىغان بىر دەڭنى تېپىپ چۈشتى. بۇ دەڭدە ئۈچ ـ تۆتچە ئېشەك هارۋىسى تۇراتتى. ئۇلار ياتاققا ئورۇنلىشىپ، ياتاقـ. تىكىلەر بىلەن سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن، پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ بالىسىمۇ يالقۇن قوبۇل قىلىنغان مەكتەپكە ئۆتكەن بولۇپ دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىـ. راش ۋاقتى بولغاچقا، ئۆزى ئاپىرىپ قويالماي ئۆزىنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇپ كەلگەنىكەن. بۇ ئىككى ئاتا بالىلىـ. رىنىڭ سەپەرداش ـ ھەمراھلاردىن بولۇپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ خېلى خاتىرجەم بولۇپ قېلىشتى.

ئەتىسى بالىلار يولغا چىقىشتى. بالىلىرىنى يولغا سالغىلى كەلگەنلەر بالىمىزغا قاراپ قويارسىلەر، دەپ ماشىنىدىكى چوڭلارغا، شوپۇرلارغا تاپىلايتتى، يىغلىشاتتى.

— بالام، — دېدى سىيتاخۇن ئاكا ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ كۆزىدىكى لىغىرلاپ تۇرغان ياشنى يوشۇرالـ. ماي، — كىشىنىڭ يۇرتىغا كېتىۋاتىسەن، ئۇ يەر يېزا مەكتىـ. پىڭگە ئوخشىمايدۇ. ئەمدى سېنىڭ يېنىڭدا ئاتا ـ ئاناڭ يوق، ھەممە ئىشلىرىڭنى ئۆزۈڭ قىلىسەن. مۇئەللىملەرنىڭ گېپىنى ئوبدان ئاڭلاپ ياخشى ئوقۇ. يامان بالىلارغا ئارىلىشىپ قالما، سېنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇم، — دېدى. يالقۇنىڭمۇ كۆز چاناقلىـ.

رى ياشقا تولدى. ماشىنا غۇيۇلداپ قوزغىلىپ كەتتى، باللىرىنى، تۇغقانلىرىنى يولغا سالغىلى كەلگەنلەر ماشىنىنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇرۇشتى.

سىيتاخۇن ئاكا دەڭگە قايتىپ ئىشەك ھارۋىسىنى قېتىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ: «ئۆزۈم ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ كەلسەممۇ بوپتىكەن، ناھىيە بازىرىنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ باقمىغان بالا نەلەردىمۇ تەمتىرەپ يۈرەر ...» دېگەنلەرنى خىيال قىلدى - دە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا كىچىك بالىدەك ھۆڭگىرەك ئىيتىپ يىغلاپ تاشلىدى.

يالقۇن سەپەر داۋامىدا ئۆزىگە ئوخشاش يېڭىدىن ئوقۇشقا ماڭغان، ھەرقايسى بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇۋاتقىنىغا بىرنەچچە يىل بولغان باللار بىلەن تونۇشۇپ، پاراڭ بىلەن زېرىكمەيلا ئۈرۈمچىگە چىقىپ قالدى. ئۈرۈمچىدىكى ئېگىز بىنالار، ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان ماشىنىلار، يەر ئاستى، ئاسما كۆۋرۈكلەردىن ئالدىراش ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەر توپى ئۇنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

ئۇ سەپەرداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ياتاققا ئورۇنلىشىۋالدى - دە، دەرھال مايتاغقا بارىدىغان ماشىنا بېلىتىنى ئېلىۋېلىپ، خاتىرجەم بولۇپ، سەپەرداشلىرى بىلەن بىردەم - يېرىمدەم بازار چۆرگىلىدى. ئاسمىنى كەڭرى يەردە چوڭ بولغان بۇ بالا، مىڭ - مىڭ ئادەملەر توپى ئارىسىدا دېمى سىقىلغاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. سەپەرداشلىرىدىن ئېزىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىدىن چىقمايتتى. ئەتىسى سەپەرداشلار خوشلىشىپ ھەرقايسىسى ھەر تەرەپكە مېڭىشتى. يالقۇن ھېلىقى ھەمراھى بىلەن مايتاغقا يېتىپ كېلىپ ماشىنىدىن چۈشكەندە، قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەيلا تۇرۇپ قېلىشتى. بىر - بىرىدىن ئېگىز تۇرخۇنلار، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن تۆمۈر مۇنارلار، پارقىراق باكلار ئۇلارغا رىۋايەتلەردىكى چۆچەكلەردەك بىلىنىپ كەتكەنىدى.

— ھەي ... بالىلار! — دېدى بىر كىشى ئۇلارغا، — سىلەر يېڭىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئوخشىمامسىلەر؟ — ئۇ كىشى ۋېلىسىپىت يېتىلەپ ئۇلاردىن سەل نېرىراقتا ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى.

— ھە، — دېدى يالقۇن ئۇ كىشىگە قاراپ، ئۇ كىشى ئاددىي كىيىنگەن سالاپەتلىك ئىدى، كىشىگە بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى.

— ھەي ... جۇرئەت، قاسىم، بۇياققا كېلىڭلار! — دېدى ئۇ كىشى نېرىراقتا كېتىۋاتقان بىر توپ بالىلارغا قول ئىشارىسى قىلىپ. بالىلارمۇ «بارات مۇئەللىم چاقىرىۋېتىپتۇ» دېيىشىپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كېلىشتى.

— بۇ بالىلار يېڭىدىن قوبۇل قىلىنىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىكەن. نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىڭلار، ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇۋېتەيلى، — دېدى ئۇ كىشى. بالىلار كۆپ بولغاچقا تالىشىپ كۆتۈرۈشۈپ مەكتەپكە بىردەمدىلا يېتىپ كېلىشتى. يالقۇن مەكتەپ دەرۋازىسىغا تارتىلغان «يېڭى ساۋاقداشلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز» دېگەن لوزۇنكىنى كۆرۈپ، خۇددى ھېرىپ- ئېچىپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

ئۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساۋاقداشلىرى بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتى. يورۇق ھەم ئازادە سىنىپ ئۇنىڭ كەيپىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ دەرسلەردە تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، مۇئەللىملىرىنىڭ ياخشى باھالىرىغا ئېرىشىپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆندىلىك مەشغۇلاتى دەرسخانا، ئاشخانا، كەچلىك تەكرار بىلەنلا چەكلىنەتتى. يەكشەنبە كۈنلىرى مەكتەپتە ئىككى ۋاخلا تاماق بېرىلەتتى. ساۋاقداشلار ياتاقتا دادۇر - پۇرچاق بىلەن ئانچە- مۇنچە ئولتۇرۇش قىلىشىپ تۇرۇشسا، ئۇ ئۆيىدىن خالتا قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىدىغان ئاق قوناقنىڭ تالقىنىنى قايناق سۇغا

چىلىپ ئىچىۋېلىپ، مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا كىتاب كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئولتۇرۇش قىلىشىپ يۈرگەن شۇ ساۋاقداشـ لىرىغا قاراپ: «كۆپىنچىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دېھقان ئىكەن، شۇ پۇلىغا ھاراق ئىچكۈچە قورسىقىغا بىرەر ۋاخ بولسىمۇ ئوبدانراق يېسە ياكى بىرەر پارچە كىتاب ئېلىپ ئوقۇسا بولمامدىغاندۇ» دەپ ئويلاپ كېتەتتى. ئۇ سۆز ـ ھەرىكىتى، مېڭىش- تۇرۇشىغىمۇ ناھايىتى دىققەت قىلىدىغان بولغاچقا، ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگىمۇ ئىگە بولدى. ئۇ، بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان بەش يىل جەريانىدا سىنىپ باشلىقى، كافېدرا ئوقۇغۇچىلار ئۇ- يۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىدى. پراكتىكى- نى شەھەرلىك چوڭ رېمونت زاۋۇتىدا قىلىپ، ئىشچى ئۇستام- لارنىڭ «نېمىدېگەن ئەقىللىق، چېچەن بالا بۇ» دېگەن تەرىپلەش- لىرىگىمۇ ئېرىشتى.

بەش يىللىق ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشىمۇ ئاخىرلاشتى. يالقۇن مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچى بولۇش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، نېفىتلىكنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىگە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ بۇرغىلاش ئەترىتىنى بىر ئاي ئىشلەپ، ئون كۈن دەم ئالدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدى. تەشكىلات بۆلۈمى ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنى بۇرغىلاش ئەترىتىگە تەقسىم قىلىپ قويدى. «ئۈيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەپتۇ» دېگەندەك، گۇلدۈرلەپ مېڭىۋاتقان سىلى- ياركا ماتورى بىلەن سېغىزلىق ئېرىتمە ناسوسى، ماي، پاتقاق بولۇپ كەتكەن كىيىملەرنى كىيىشىپ ئالدىراش ئىشلىشىۋاتقان بۇرغىلاش ئىشچىلىرىغا قاراپ، بۇرغىلاش ئەترىتىنى تاللىغىنىغا پۇشايمانمۇ قىلىپ، بىرنەچچە كۈن غەشلىك ئىچىدە يۈردى.

ئەترەت باشلىقى ئۇنى پېشقەدەم ماتروس تۇرداخۇن ئاكىغا شاگىرتلىققا بەردى. تۇرداخۇن ئاكا بۇرغىلاش ئەترىتىدە ئوتتۇز نەچچە يىل ئىشلىگەن بولۇپ، ئۆز كەسپىگە ناھايىتى پۇختا، كىچىك پېئىل، چىقىشقاق ئادەم ئىدى. ئۇ يالقۇننىڭ روھى

كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىر قاراپلا بىلىۋالدى.

— قارىغاندا، بۇرغىلاش ئەترىتىگە تەقسىم قىلىنىپ كەلگىنىڭىزگە ئانچە رازى ئەمەستەك قىلىسىز، — دېدى ئۇ كىشى كۆيۈمچانلىق بىلەن يالقۇننىڭ مۈرىسىنى شاپىلاقلاپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز تولىمۇ ئۇلۇغ خاسىيەتلىك ئىش. دېھقانلار ئىشلىتىۋاتقان تراكتور، كومبايىنلاردىن تارتىپ ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان سالىيوتلارغىچە ھەممىسى بىز ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان نېفىت بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرغىلاش ئەترىتىمۇ سىلەردەك يېڭى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەر ئۈچۈن بىر مەكتەپ. مەكتەپتە ئۆگىنەلمەيدىغان بىلىملەرنى بۇ يەردە ئۆگىنىۋالالايسىلەر. بۇرغىلاش ئىشچىلىرىغا بېرىلىدىغان تەمىناتمۇ ياخشى، ئائىلىڭىزگە ياردەممۇ قىلالايسىز، — دېدى. بۇ ئاددىي ھەم سالمىقى بار گەپلەر ئۇنى خېلى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ دادىسىنىڭ: «بالام، بۇرۇن ئائىلە ئەھۋالىمىز ناچار ھەم ئوقۇش شارائىتى بولمىغاچقا، مەن باشلانغۇچقىچىلىكلا ئوقۇيالىغان. ھەربىيلىككە بېرىپ ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ كەلمىگەن بولسام، جاھان مۇشۇ يېزىمىزچىلىك بولسا كېرەك، دەپلا يۈرەر ئىكەنمەن. ئادەمدە بىلىم بولمىسا بولمايدىكەن، شۇڭا كونىلار ئادەمگە يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەرمۇ ئازلىق قىلىدۇ، دېگەنىكەن ئەمەسمۇ» دېگەنلىرى ئېسىگە كەلدى. ئۇ تۈنجى قېتىم ئىش كىيىمىنى كىيگەندە، يانچۇقىغا قەلەم بىلەن خاتىرە سېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۇ بىلمىگەنلىرىنى ئۇستىسىدىن زېرىكمەي سورايتتى. ئۇستىسىمۇ تېرىكمەي جاۋاب بېرەتتى، ئۇستىسىنىڭ كاشىلىلارنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىنى قالدۇرماي خاتىرىلەپ ماڭاتتى، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئەترەتتىكى ھەممەيلەننى قايىل قىلدى ھەم تېزلا مېخانىك بولۇپ قالدى.

تۇرداخۇن ئۇستام دەم ئېلىشقا چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا، قورسىقىدىكى ھۈنىرىنىڭ بىرىنى قويماي ھەممىسىنى يالقۇنغا

ئۆگىتىپ بولغانىدى.

— پىچاقنى بىلىگەنسېرى ئىتتىكلەيدۇ، — دېدى بىر كۈنى تۇرداخۇن ئۇستام ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن يالقۇن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، — بىز ياش ۋاقتىلىرىمىزدا بۇنداق ئۆگىنىشنىڭ پۇرسىتى يوق ئىدى. ئۈچ ماتورنىڭ تېخنىكى بولدۇم دەپلا قانائەت ھاسىل قىلىپ قالسىڭىز بولمايدۇ.

— ياق ئۇستام، ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى يالقۇنمۇ ئۇستىسىنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — مېنىڭ دىپلومىم ئوتتۇرا تېخنىكومنىڭ دىپلومى، داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ بۇرغىلاش ئەترەتلىرىدە ئىشلەۋاتقان بالىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن، مەن تولۇق كۇرسنىڭ دىپلومىنى ئېلىش ئۈچۈن ئارىلىقتىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇيمىكىن دەۋاتىمەن.

— يارايسىز، باركاللا، ياشلىقتا ئۆگەنگەن بىلىم مەڭگۈ ئېسىڭىزدىن چىقمايدۇ، قېرىغاندا ئۆگەنگەن بىلىم ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، دەيدىغان گەپ بار، ئىشقىلىپ ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزمەڭ، — دېدى تۇرداخۇن ئۇستام شاگىرتىنىڭ قىزغىنلىقىغا تېخىمۇ مەدەت بېرىپ.

ئۇ دەم ئېلىشىدا شىركەت مائارىپ مەركىزىگە كېلىپ «مېخانىزم» كەسپىنىڭ تولۇق كۇرسىغا تىزىملىنىپ ئۆگىنىشنى باشلىۋەتتى. ئۇ ئۆيىگە خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ تولۇق كۇرس دىپلومى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ھازىرچە يۇرتقا قايتالمايدىغانلىقىنى يازغانىدى، دادىسىدىنمۇ «بالام، ئوقۇش پۇرسىتى بولسىلا ئوقۇۋەر، پۇلدىن غەم قىلما، ھازىر تۇرمۇشىمىز بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتى. قوي ـ كالىلارنى سېتىپ پۇل قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىمەن» دەپ جاۋاب خەت كەلدى. يالقۇن بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، تولۇق كۇرس دىپلومىنىمۇ ئالدى. ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا يارىشا، ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى بىلىملەردىن خېلى پۇختا ئاساس يارىتىۋالغانىدى.

ئۇ هازىر بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرا تېخنىكوم ھەم تولۇق كۇرس دىپلومى بار بىردىنبىر خادىمى بولۇپ قالدى. «بۇرغىلاش ئەترىتىدە شۇ ئۇچلا ماتور بار، سۇيى، مېيىنى كەم قىلمىسا، ياخشى ئاسراپ پەرۋىش قىلسا، تاڭمىلداپ مېڭىۋېرىدۇ. بىراق، بۇرغىلاش خىزمىتىدىچۇ؟ قۇدۇق فونتانلاش، قۇدۇق ئېقىش، قۇدۇق قىسىۋېلىش، دولتا چۇشۇپ قېلىش، بۇرغا ئۇزۇلۇپ كېتىش دېگەندەك ئاۋارىيىلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ كەسىپتىن خەۋەرسىز كىشى ئون دىپلومى بولسىمۇ قاراپ تۇرۇشتىن باشقىنى قىلالمايدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى-دە، يەنە باشقىدىن «بۇرغىلاش» كەسپى بويىچە تولۇق كۇرس ئوقۇش نىيىتىگە كەلدى.

— بىز بىر دىپلومىمۇ ئالالماي يۈرسەك، ماۋۇ يالقۇن دېگەن ئاداش ئۇچىنچى دىپلومنى ئېلىش ئۇچۇن ئوقۇماقچى بولۇۋېتىپتۇ، ئەجەبمۇ ئوقۇشتىن زېرىكمەيدىكىنە، — دېيىشتى بەزىلەر ھەيران قېلىپ.

— مانا بۇ يالقۇننىڭ ئالاھىدىلىكى، — دېدى ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭ يەنە ئوقۇماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇۋاتقان شۇ بىرنەچچە ياشقا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، — نەچچە قېتىملىق ئارقا سەپكە، ئورگانغا يۆتكىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ ئەترىتىمىزدە قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز كەسپىنى، بۇرغىلاش ئەترىتىنى سۆيگەنلىكىدىن بولغان. ئۇ يەنە هازىر «بۇرغىلاش» كەسپىنىڭ تولۇق كۇرس دىپلومىنى ئېلىش ئۇچۇن ئوقۇماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كەسپىتىمۇ نەتىجە قازىنالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. سىلەرمۇ بوش ۋاقىتىڭلارنى ئويۇن - تاماشا بىلەن ئۆتكۈزمەي ئازراق بىرنەرسە ئۆگىنىپ قويۇڭلار، ئۇسكۇنىلەر بارغانسېرى ئىلغارلىشىپ، سىپىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، قارا كۇچكە تايىنىپ ئىشلەيدىغان زامان تۈگىدى، مۇشۇنداق ئويۇن - تاماشا بىلەن كېتىۋەرسەڭلار ئاخىر بىر كۇنى شاللىنىپ كېتىسىلەر جۇمۇ؟! — دېدى.

يالقۇن «بۇرغىلاش» كەسپىدىنمۇ تولۇق كۇرس دىپلومىنى ئالدى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا نەچچە قېتىملىق ئويۇشتۇرۇلغان ئاۋارىيىلەرنى ئالدىن مۆلچەرلەپ ئالدىنى ئالدى ھەم بىر تەرەپ قىلدى. بەزى ئىش تۈرلىرىگە تېخنىكىلىق تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئەترەتمۇ كۆپ قېتىم «ئالتۇن ئوردېنلىق ئەترەت»، «ئۆلچەمگە يەتكەن ئەترەت»، «قىزىل بايراقدار ئەترەت» دېگەندەك شەرەپلەرگە، «ئۆزىمۇ ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى»، «تېخنىكا ماھىرى» دېگەن ناملارغا ئېرىشىپ ياشلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلاندى.

ئۇ ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈچ دىپلومى بىلەن شەرەپ گۇۋاھنامىلىرىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى تاپشۇرغانىدى. بۇ خىزمەتكە مەسئۇل خادىم بىر ئەترەتتىن ئۈچ كىشى تىزىملاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدى ھەم ئىسىملارنى رەتكە تۇرغۇزۇۋېتىپ بۇ ئۈچ دىپلومنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ئوقۇش تارىخى بىلەن نەتىجىلىرىگە قايىل بولماي تۇرالمىدى ھەم قائىدىنى بۇزۇپ، «مېخانىزم كەسپىدىن ئالامسىز ياكى بۇرغىلاش كەسپىدىنمۇ؟» دەپ سوراشتى. يالقۇنمۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن «بۇرغىلاش كەسپىدىن» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئارىسىدىن يالقۇن ئەڭ يۇقىرى نومۇر بىلەن ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. پۈتۈن ئەترەتتىكىلەر ئۇنىڭ ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكىنىنى تەبرىكلەشتى. ئەترەت باشلىقىمۇ ئەترەتتىكىلەرنى تىرىشىپ بىلىم، تېخنىكا ئىگىلەشكە سەپەرۋەر قىلىپ:

— ھەسەل ھەرىسى گۈل - چېچەكلىرىدىن شىرنە يىغىشنى توختاتمىغىنىدەك، يالقۇنمۇ خىزمەتكە قاتنىشىپ تا ھازىرغىچە ئۆگىنىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويماي «قېرىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ

بەردى، — دېدى.

ئاربدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شىركەت رەھبەرلىرى، ئۇنى بىر ئەترەتكە ئەترەت باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ يېڭى ئىش ئورنىدىغا چىققاندىن كېيىن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلىشىگە بەكرەك ئەھمىيەت بەردى. ئۇ ئالىي ئىنژېنېر ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىگە نۇرغۇن پىلانلارنى تۈزۈپ ئۆگىنىشنى يەنە باشلىۋەتتى ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئارزۇگۈل ئابدۇرېھىم

## ئىگىسىنى تاپقان سوۋغات

بۈگۈن مەن ئىنتايىن خۇشال، چۈنكى بۈگۈن مەن ئۈچ ئايدىن بۇيان توردا پاراڭلىشىپ كېلىۋاتقان «ئاق ئەتىرگۈل» بىلەن كۆرۈشمەكچى. شۇڭلاشقىمۇ بۆلۈم باشلىقىدىن رۇخسەت سوراپ ئۆيگە بۇرۇنراق قايتتىم ـ دە، تەييارلىق خىزمىتىمنى باشلىۋەتتىم.

ئاۋۋال تازا راھەتلىنىپ يۇيۇنۇۋالغاندىن كېيىن، پەقەت بىرلا قېتىم ئۇچامغا كىيگەن كۆل رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكامنى كىيدىم. چاچلىرىمنى تەكشى تاراپ، ئايالىمنىڭ چاچ قاتۇرۇش سۇيۇقلۇقىدىن چاچتىم. ھەتتا ئۆتكەن ھەپتە ئالىي مەكتەپتىن تەتىلگە كەلگەن ئوغلۇم ئايالىمغا ئالغاچ كەلگەن فىرانسىيىنىڭ ئەتىرىنى چېچىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئەمدى ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئايالىم كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدىنلا ھەيران بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدىم ـ دە، دەرھال ئىدارىدە يېڭى يىلنى ئالدىن كۈتۈۋېلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپلا، ئىشىكتىن قۇيۇندەك چىقىپ كەتتىم.

مەن تاكسىغا ئولتۇرۇپ، ئۇدۇل «ئاق ئەتىرگۈل» بىلەن ئۇچرىشىشقا پۈتۈشكەن شەھەرنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان «دىل سىرى قەھۋەخانىسى»غا قاراپ يول ئالدىم. كېتىۋاتىمەن، قەلبىمنى بىر خىل تەقەززالىق بىلەن بىتاقەتلىك ئارىلىشىپ كەتكەن ئەبجەش تۇيغۇ چۇلغىۋالدى. توۋا دەيمەن، ھازىرقى زامانىنىڭ

قىزلىرىنى ئالداش ئەجەب ئاسانكەن دېسە؟! ئايالىمدىن ئاجرى-
شىپ كەتكەن دېسەم ئىشىنىپلا قالدى. مانا بۈگۈن ئۈچرىشىش-
نىڭ گېپىنى قىلىۋىدىم، ئازراق نېزىقاپلا ماقۇل بولدى. بۈرۈن-
قى قىزلىرىمىزچۇ، شۇنداق تەلەپ قويۇپ سالىدىغان بولساق،
ئويلىشىپ باقايىيەي، هازىر ۋاقتى ئەمەسىيەي، باشقىلار بىلسە
سەت تۇرىدۇيەي ... دېگەندەك پەلىپەتىش نېزىقاشلار بىلەن ئادەم-
نىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋېتەتتى. هە ... ي، يەنىلا هازىرقى زامان-
نىڭ قىزلىرى بولىدىكەن. كۆڭلىدە نېمە گەپ بولسا دەيدۇ،
هەرگىز كۆڭلۈمدىكىنى تاپ دېمەيدۇ. بىراقزە جىقراق «دان»
چاچمىساڭ قونداققا قونمايدىغان يېرى بارده شۇ.

«ئاق ئەتىرگۈل» بەك چىقىشقاق قىز ئىكەن. مانا هازىر
ئىككىمىز بىر- بىرىمىزنى كومپيۇتېرنىڭ ئەينىكىدە كۆرۈشكى-
نىمىزنى هېسابلىمىغاندا، تېخى يۈز تۇرانە تۇرۇپ كۆرۈشۈپ
باقمىدۇق. شۇنداق تۇرۇپمۇ، خۇددى ئۇزۇن يىللىق دوستلار-
دەكلا بولۇپ كەتتۇق. ئۇنىڭ تېلېفوندىكى تاتلىق گەپلىرىچۇ
تېخى... مەن شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزگىنىمدە، «ئاق ئەتىر-
گۈل»نىڭ گۈزەل جامالىغا بولغان قىزىقىش ئىچىمدىكى تەلۋە
ئىنتىلىشىم، ئۇنىڭغا بولغان تەشنالىقىمنى هەسسىلەپ ئاشۇرۇ-
ۋەتتى.

مانا ئاخىر قەهۋەخانىغىمۇ يېتىپ كەلدىم. مەن قەهۋەخانى-
نىڭ بۇلۇڭىغا جايلاشقان ئىككى كىشىلىك ئايرىم بۆلۈمچىگە
جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، يان تېلېفونۇمنى ئالدىم ـ دە، تەقەز-
زالىق ئىچىدە «ئاق ئەتىرگۈل»گە تېلېفون قىلىپ، ئۇنى ساقلا-
ۋاتقانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

هايال بولماي، مەن ئولتۇرغان بۆلۈمچىنىڭ گۈللۈك مە-
لەڭزىسى قايرىلىپ بىر نازىنىن كىرىپ كەلدى. ئۇ كومپيۇتېر
ئېكرانىدىكى كىچىككىنە كۆزنەكتە كۆرۈنگەن گۈزەلدىنمۇ نەچچە
هەسسە چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى جىگەررەڭ قاما
ياقىلىق دراپ پەلتوسى ئۇنىڭ زىلۋا قامىتىگە ئاجايىپ ياراشقان

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، بۇدۇر چاچلىرىنىڭ ئۇستىدىن باستۇرۇپ كېتىۋالغان قاما تۇمىقى ئۇنى تېخىمۇ جەزبىدار قىلىپ كۆرسىتەتتى. كۈلۈپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرىگە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سۈرۈلگەن سۇرمىسى، ياراشتۇرۇپ قىلىۋالغان گىرىملىرىچۇ تېخى (تۇيۇق-سىز كۆز ئالدىمغا ئۆيدىكى ياسىنىشنى بىلمەيدىغان ئايالىم كېلىپ قالدى). مەن ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى، ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان گۈزەل چىرايى، ئىنسان ئەقلىنى لال قىلىدىغان كۆزلىرىدىن كۆزلىرىمنى ئۈزەلمىگىنىمچە تۇرۇپ كېتىپتىمەن.

— سىز؟ ...

— ئاق ئەتىرگۈل، — دېدى قىز قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقىدەك ئىنچىكە قىلىپ تېرىۋالغان قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، — قانداق ئوخشىمايۋاتامدىم؟ ھا - ھا ...

ئۇنىڭ ۋىللىقلاپ كۈلۈشلىرى ماڭا ئالتۇن قوڭغۇراقتەك ئاڭ-لىنىپ كەتتى. «كاساپەت، جاننى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان تومۇچۇقكەنغۇ؟» دېدىم مەن ئىچىمدە. شۇنداق قىلىپ بىز بىر-دەمدىلا چىقىشىپ كەتتۇق.

— ھەقىقىي ئىسمىڭىزنى سورىسام بولامدۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا تويماي قارىغىنىمچە.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئىسمىم شەھىدە.

— چىرايلىق ئىسىمكەن. سىز ئاق ئەتىرگۈلنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز - دە؟ — دېدىم سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇش مەق-سىتىدە.

— شۇنداق، ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ئاق ئەتىرگۈل پاك-لىقنىڭ سىمۋولى دەڭە؟

ئۇ قولىدىكى قوشۇقتا ئىستاكاندىكى قەھۋەنى ئارىلاشتۇرۇ-ۋەتكەندىن كېيىن:

— سىز بەك قاملاشقانكەنسىز جۇمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدىم مەن ئۆيدە ئايالىمدىن ئاڭلىمىغىلى

خېلى يىللار بولغان بۇ ماختاشلاردىن مەست بولۇپ.

— شۇنداق بولمايچۇ؟ قارىماققا تونى قىلمىغان يىگىتكىلا ئوخشايدىكەنسىز تېخى؟

— نەدىكىنى، قېرىپ كەتتۇق.

— ئۇنداق مەيۇسلەنمەڭ، بۇ دېگەن سىزنىڭ تازا قىران ۋاقتىڭىز جۇمۇ؟

— كۆرگەننى يۇلۇپ ئالىدىغان قىران بۇركۇتتەكمۇ؟

— ها ـ ها ... ئەمدى توغرا گەپ قىلدىڭىز.

بىز ئەنە شۇنداق خۇشاللىقلار ئىچىدە، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قاپتۇق. سائەت بىر بولغاندا خۇدا ئۆزۈن يىللىق ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك بىر ـ بىرىمىزگە قىيالمىغان هالدا خوشلاشتۇق. مەن ئاق ئەتىرگۇلنى ئېلىپ كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ كەينىدىن قارىغىنىمچە تاتلىق هېسلارغا چۆمۈپ تۇرۇپ قالدىم. «تۇۋا، باشقا چاغدا ئىتتىك ئۆتمەيدىغان ۋاقىت، بۇنداق گۈزەللەر بىلەن بىرگە ئۆتكەندە چاپىدىكىنە؟»

مەن ئەنە شۇنداق خىياللارغا چۆمۈلۈپ ئۆيگە كەلگىنىمدە، ئايالىم يوتقاننى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە يېنىك خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ. تۇرۇپلا ئايالىمنىڭ خورىكىنىڭ شېرىن خىيالىمنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدىم ـ دە، ياستۇقۇمنى كۆتۈرگىنىمچە مېهمانخانىدىكى ساپاغا چىقىپ ياتتىم. شۇ كۈنى كېچىچە كەڭ كەتكەن چىمەنزارلىقتا «ئاق ئەتىرگۈل» بىلەن قوغلىشىپ چۇ-شەپ چىقىپتىمەن.

ئەتىسى چۈشتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلسەم، ئايالىم ناهايىتى پەرىشان هالدا:

— ئاپام تېلېفون قىپتىكەن، مىجەزى يوق ئوخشايدۇ، ئاۋا-زى بەكلا گاراڭ ـ گۇرۇڭ، شۇڭا ئىدارىدىن ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ، دوختۇرغا ئاپىرىپ چوڭ تەكشۈرۈش قىلدۇ-رۇپ باقايلىمىكىن، — دېدى.

— نېمە بولغاندۇ ئاپامغا؟ — دېدىم ئەنسىرىگەن قىياپەتتە. ئېچىمدە بولسا: «قېيىنانامنىڭ قىزىنى كۆرگۈسى كەپتۇ - دە، بۇمۇ بولىدىغان ئىشتەك قىلامدۇ، نېمە؟ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ‹ئاق ئەتىرگۈل› بىلەن كۆرۈشۈۋالامدىم» دېگەننىمۇ ئويلاپ ئۈلگۈردۇم.

— ۋايتاڭ، ئاۋازىدىن خېلى مىجەزى يوقتەك قىلىدۇ، سىزمۇ رۇخسەت سورامسىز - يە؟

ئايالىمنىڭ بۇ سوئالى خىيال يىپلىرىمنى ئۈزدى. مەن دەرھال:

— مەنغۇ شۇنداق قىلسام بولاتتى. بىراق، ئىدارىدە ئىش كۆپ، ئادەم ئاز. ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىزنىڭ ئىشخانىدىلا ئىككى ئادەم ئۆگىنىشكە كەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا رۇخسەت سورىسام بولماسمىكىن. يادىكارنى ئېلىپ بارامسەن - يا؟ — دېدىم مەن ئوغلۇمنى سايە قىلىپ.

— مەيلى، ئەمسە شۇنداق قىلايلى.

شۇنداق قىلىپ، ئايالىم بىلەن ئوغلۇم شەھەر سىرتىدىكى قېيناپامنىڭكىگە كەتتى.

ئەتىسى ئىدارىگە بېرىپلا، «ئاق ئەتىرگۈل» گە تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپىنى قويدۇم. ئۇ دەرھال قوشۇلدى ۋە:

— ئەتە يېڭى يىل. يېڭى يىلنى سوۋغىسىز كۈتۈۋېلىشنى خالىمايمەن جۇمۇ؟ — دېدى كۈلگىنىچە. بۇنداق تۇمۇچۇقنى قولغا كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنچىلىك سوۋغات دېگەن نېمىتى. مەن دەرھال قوشۇلدۇم. شۇنداق قىلىپ، كەچ سائەت سەككىزدە كۆرۈشىدىغان بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردىم ۋە چوقۇم كېلىشىنى قايتا - قايتا تاپىلىغاندىن كېيىنلا تېلېفوننى قويدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن بىردىنلا ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، ۋاقىتنى يەتكۈزەلمەسلىكىمدىن ئەنسىرەپ چۈشتىن كېيىن،

«ئاپام ئاغرىپ قاپتۇ» دەپ رۇخسەت سورىدىم - دە، چۈشلۈك تاماقنى بازاردىن يەپلا ئۇدۇل تۈرلۈك ماللار سودا سارىيىغا چاپ-تىم. ئىككى سائەتتىن ئارتۇق تاللاش، شاللاشلاردىن كېيىنلا كۆزنى قاماشتۇرغىدەك قول سائەتتىن بىرنى سېتىۋالدىم. ھەتتا ئۇنى يۈرەك شەكىللىك زىننەت قۇتىسىغا سالدۇرۇپ قىزىل لېن-تىدا گۈل چىقىرىپ ئوراتقۇزدۇم. يولدا ماڭغۇچە ئۈچ يۈز ئەل-لىك سومغا ئىچىم سەل ئېچىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئاق ئەتىر-گۈلنىڭ گۈزەل سىيماسى كۆز ئالدىمغا كېلىشى بىلەنلا بۇ پۇلنى ئورۇنلۇق خەجلىگەنلىكىمدىن سۆيۈنۈپ يېنىكلەپ قالدىم. ھەتتا مال ساتقۇچى قىزنىڭ: «ئايالىڭىز چوقۇم خۇش بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئويلاپ نېمىشقىدۇر كۈلۈپمۇ سالدىم. بۇ كۈلكەم-گە ئايالىمغا بولغان ساداقەتسىزلىك يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، ھا-زىرقى تەلۋە ھاياجىنىم ئۇنى سېزىشكە قادىر ئەمەس ئىدى.

تۇيۇقسىز ئالدىمدىكى گۈل دۇكىنى خىيالىمنى بۆلدى، «توختا تۇرسۇن، — دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە، — چىدىغانغا چىقار-غان، گۈل دۇكىنىدىن بىر دەستە ئاق ئەتىرگۈل سېتىۋالاي، گۈلنى ھۇجرا ئۆيگە قويۇپ قويسام گۈلنىڭ خۇش ھىدى ئۆيىنى بىر ئالسا بۇنداق رومانتىكىلىق ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تىترەتمەمدۇ؟!»

مەن دەرھال گۈل دۇكىنىغا كىرىپ خوجايىنىدىن ئاق ئەتىر-گۈل بار - يوقلۇقىنى سورىدىم. ئەپسۇس، بۇ دۇكاندا ئاق ئەتىرگۈل يوق بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن تۆت دۇكانغا قاتى-راپ، ئاران دېگەندە قىرىق سومغا بىر دەستە ئاق ئەتىرگۈل سېتىۋالدىم. مەن ئۆيگە كېلىپلا ئالدى بىلەن ئايالىم دېرىزە تەكچىسىگە تىزىپ قويغان گۈلداندىكى سۇنئىي گۈلنى ئېلىۋې-تىپ، گۈلدانغا بىرئاز سۇ قۇيۇپ ئاق ئەتىرگۈلنى چىلىدىم - دە، ئۇنى ئويلىغىنىمدەك ياتاق ئۆيدىكى كارىۋات بېشىغا قويۇلغان تومپۇچكا ئۈستىگە قويدۇم. ئاندىن ھېلىقى سوۋغاتنى گۈلداننىڭ

www.uyghurkitap.com

يېنىغا قويۇپ قويدۇم. باشقا تەييارلىقلىرىم پۈتكەندىن كېيىن سائەتنىڭ تېزرەك سەككىز بولۇشىنى كۈتۈشكە باشلىدىم. ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى. مانا ئاخىر سەككىزگىمۇ ئون بەش مىنۇت قالدى. دەل شۇ چاغدا زالدا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مەن دەرھال قولۇمدىكى تىزگىنەكنى ساپاغا تاشلىدىم ـ دە، ئىككى تاقلاپلا ئىشىك تۈۋىگە كەلدىم. ئىشىك يېنىك چېكىلدى. «ئاق ئەتىرگۈل» ئاخىر كەلدى. مەن تۇيۇقسىز ئۇنى ئىشىكتىن كىرد-شىگىلا بىر خۇش قىلىۋېتەي دەپ ئويلىدىم ـ دە، «قەدەمـ-لىرىگە مۇبارەك!» دېگىنىمچە ئىشىكنى چاقماق تېزلىكىدە ئاچ-تىم. ئاھ خۇدا، بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ ئالدىمدا «ئاق ئەتىرگۈل» ئەمەس، ئايالىم بىلەن ئوغلۇم تۇراتتى. بېشىمدىن بىر قاپاق مۇزدەك سۇنى قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم.

— ۋاي خۇدايىم، بىز بۇ ئۆيگە تۇنجى كەلگەن كىشىدەك دەپ كەتكىنىڭىزنى قاراڭ، — دېدى ئايالىم ھەيران بولغان ھالدا.

— دادام كىرىيىنىڭ كىنولىرىنى دوراۋاتقان ئوخشاي-دۇ ئاپا، — دېدى ئوغلۇم كۈلگىنىچە.

مەن ھاڭۋاقىنىمچە ئىشىك تۈۋىدە قانچىلىك تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن، پەقەت ئايالىمنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، «بۇگۈن قانداق كۈن؟» دېگەن سوئالىدىن ئۆزۈمگە كەلدىم.

— بۈگۈن ... بۈگۈنما؟

— بۈگۈن دېگەن يېڭى يىلنىڭ ھارپىسى، — دەپ تولۇقلىدى ئىچكىرىكى ئۆيدىكى ئوغلۇم.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدىم ئارانلا.

«ئۇھ» دەپ تورۇشۇمغا ھۇجرا ئۆيدىن ئايالىمنىڭ «پاھ! نېمىدېگەن چىرايلىق گۈل بۇ؟!» دېگەن ئاۋازى كەلدى. «ئالە شەرىڭنى» دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە. شۇنداقتىمۇ ھۇجرا ئۆيگە كىرمەي بولمىدى، ئايالىم زىننەت قۇتىسىنى تۇتقىنىچە تۇراتتى.

— تۇرسۇن، بۇ سوۋغاتلارنى كىم ئۇچۇن تەييارلىدىڭىز؟
— سىز ... سىز ... ، — تۇيۇقسىز بېسىلغان ئىشىك قوڭغۇرىقىدىن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرالماي قالدىم. پېشانەمدىن مۇزدەك تەر چىقىشقا باشلىدى. پۇتلىرىم يەرگە چاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، پەقەتلا يۆتكىيەلمەۋاتاتتىم. مەن ئۆزۈمنى ئوڭشاپ بولغۇچە، ئوغلۇم ئىشىككە قاراپ ماڭدى.
— بۇ تۇرسۇننىڭ ئۆيىمۇ؟ — قۇلىقىمغا «ئاق ئەتىرگۈل» نىڭ ئاۋازى كىردى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئوغلۇمنىڭ:
— سىز خاتا كېلىپ قاپسىز، بۇ ئۆي سىز ئىزدىگەن تۇرسۇننىڭ ئۆيى ئەمەس! — دېگەن ئاۋاز كەلدى ۋە ئىشىك جاڭگىدە يېپىلدى.
— كىمكەن بالام؟ — دەپ سورىدى ئايالىم.
— نىشاندىن ئاداشقان بىرەيلەن ئىكەن، — دېدى ئوغلۇم ماڭا لاپپىدە قارىۋەتكەندىن كېيىن. بىر خىل ئاچچىق سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا يامراپ بىئارام بولۇشقا باشلىدىم.
— دادا، سەن بەك رومانتىك جۇمۇ؟ — تۇيۇقسىز يېنىمدا ئوغلۇم پەيدا بولدى، — ئاپا، قۇتىنى مىجىقلاپ ئولتۇرماي ئېچىپ باقە، قانداق سوۋغىكىن كۆرەيلى. يۇر دادا، — ئۇ شۇنداق دەپ قولۇمدىن سۆرىگىنىچە مېنى ئايالىمنىڭ قېشىدا ئولتۇرغۇزدى. ئايالىم قۇتىنى ئېچىپلا ۋارقىراپ تاشلىدى.
— نېمانداق چىرايلىق سائەت بۇ؟
مېنىڭ ھالىم ئىنتايىن ناچار ئىدى. كۈلەي دېسەم تېخى، كۈلمەي دېسەم تېخى. يۈز تېرەم خۇددى توخۇم ئېقىنى سۇرۇۋالغان كىشىنىڭ يۈزىدەك تارتىشىپ كەتتى.
— دادا، سەن ئاخىر بۇ سائەتنى سېتىۋاپسەن جۇمۇ؟ سەن ھەقىقەتەنمۇ گېپىڭدە تۇرىدىكەنسەن.
«نېمە دەيدىغاندۇ بۇ بالا؟» ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قاردىم.

— دادا، سەن مېنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دېسە جۇمۇ؟ شۇن-
داق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۆتكەندە بۇ سائەتنى چوقۇم ئاپاڭغا ئېلىپ
بېرىمەن دېمىگەنمىدىڭ؟

— ھە، شۇنداق دېگەنمىدىم؟ بەلكىم دېگەندىمەن، — ئۇ
گەپلەرنى دەۋاتقاندا نېمىشقىدۇر ئوغلۇمنىڭ يۈزىگە قاراشقا پېتى-
نالماي يەرگە قارىۋالدىم.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ئايالىم سائەتنى سىلىغىنىچە.
ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مىننەتدارلىق نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— دادا، ئىككى كۈندىن بېرى ئاپام ھۆرخان چوڭ ئاپامغا
قارايمەن دەپ بەك چارچىدى، شۇڭا سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن بىر
چاي دەملەپ بېرىۋەتمەمسەن؟

— نېمە دېدىڭ؟ ئاپام ئاغرىپ قالغانمىتى؟

— شۇنداق، ئاخشام كېچىچە ئاپام چوڭ ئاپامدىن خاتىرجەم
بولالماي بېشىدا كىرپىك قاقماي چىقتى. بۈگۈن ئادىل تاغام
ئۆزى قارايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىزنى قايتۇرۇۋەتتى.

مەن ئاغرىغان كىشىنىڭ قېينانام ئەمەس، ئاپام ئىكەنلىكى-
نى ئۇققاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم قاتتىق ئازابلاندىم. ئايا-
لىم مەن ئۈچۈن بالىلىقنى يەتكۈزۈۋاتسا، مەن نەدىكى «ئاق
ئەتىرگۈل» نىڭ كويىدا يۈرۈپتىمەن ئەمەسمۇ؟ بۇلارنى خىيال
قىلىۋاتقىنىمدا خۇددى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندىم.

مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، چاي قاينىتىش
ئۈچۈن ئاشخانىغا كىردىم. چاينى دەملەپ ھۇجرا ئۆيگە كىرگى-
نىمدە بولسا ئايالىم سائەتنى تۇتۇپ، ياستۇققا قىيسايغىنىچە،
كىيىمىنىمۇ سالماي تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ھىلال
ئايىنى ئەسلىتىدىغان قارا قاشلىرى ئاستىدا تۆكۈلۈپ تۇرغان كىر-
پىكلىرى ماڭا ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز
ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا سەپسىلىپ قاراپ باقمىغىنىمغا ئۆزۈن بولغان-
لىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. مەن ئاستا ئۇنىڭ قولىدىن سائەتنى

ئېلىپ بىلىكىگە ئاۋايلاپقىنە تاقاپ قويدۇم ۋە ئۇنىڭ يېنىغا قىيـ-
سايدىم. ئۇنىڭ يېنىك تارتقان خورىكى قۇلىقىمغا ئاجايىپ يېقىمـ-
لىق سىمفونىيىدەك ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئەلجان ئوبۇل خەنجەر

# مەھبۇس

ئۇنىڭ شەھەرلىك قاتناش بېكىتىدە تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ دادام ئىككىمىز ھەم خۇش بولدۇق، ھەم قايغۇردۇق. مەن ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كەلگىنىمگە، دادام ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ سەنىمگە ئۇسسۇل ئوينىغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدۇق. گەرچە، ئۇ ئوغرىلاپ ماڭغان نەچچە مىڭ يۈەن پۇل، رەھمەتلىك ئاپامدىن قالغان ئالتۇن بىلەزۈك، ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈكلەر قولىمىزغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىمىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ھەم ئاچچىق، ھەم تاتلىق روھىي كۆلەڭگىسى ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالدى. ھەمىشە شۇ ئىشلارنى ئىختىيارسىز تىلغا ئېلىپ قالساق، دادام ئىككىمىز دەسلەپتە قىزىرىپ كېتىمىز، كېيىن پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىمىز، «تووۋا!» دېيىشىپ ياقىمىزنى چىشلىشىمىز...

سېنتەبىرنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى گۈگۈم مەزگىلى ئىدى. بۇ مېنىڭ تولۇقسىزنىڭ بىرىنچى يىللىقىغا تېخى ئەمدىلا كۆچكەن چاغلىرىم بولۇپ، مەكتەپتە تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتاتتىم، ھاۋا تونۇردەك قىزىق بولغاچقىمۇ، بەكلا دىمىق ئىدى. ئەتراپتىن پاقا ـ كۇمۇتىلارنىڭ ۋە ئاندا ـ ساندا قاۋاپ قويۇشىدىغان مەھەللە ئىتلىرىنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. دۇنيانىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ يېزا شۇنداق جىمجىتلىق قوينىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. مەن

يېزىمىزدا ھەمىشە بولۇپ تۇرىدىغان مەشرەپلەردە ئۆگىنىۋالغان ناخشىلارنى ئادىتىم بويىچە ھەدەپ ئېيتىپ كېلىۋاتاتتىم:

ئالمىنىڭ تاياقىمۇ،
بېھىنىڭ تاياقىمۇ.
ياتسام ئۇيقۇم كەلمەيدۇ،
يارنىڭ ئىشتىياقىمۇ.

ئالما بەرسەم ئالمايسىز،
بېھى بەرسەم يېمەيسىز.
قايسى باينىڭ قىزىسىز،
ئەجەب ماقۇل دېمەيسىز.

بۇ ناخشام ئەمدىلا ئاخىرلىشىپ، باشقا بىر ناخشىغا تىۋۋلاي دەپ تۇراتتىم. تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم.

— ئۇكام!

يېنىمدا تۇيۇقسىز بىر گەۋدە پەيدا بولدى. مەن جىنغا پەيدا بولغان بۇ كىشىگە سەپسىلىپ قارىدىم. گۆگۈم قاراڭغۇسىدا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمىسىمۇ، يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان ئۇزۇن چاچلىرىدىن ئۇنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. بىراق، ئۇ يېزىمىزدىكى ئاياللاردەك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن بولماستىن، بەلكى شەھەرلىك ئاياللاردەك ئىشتان ـ چاپان كىيىۋالغانىدى. ئۇ مېنىڭ بەكلا قاراپ كەتكىنىمدىن ئوڭايسىزلىق ھېس قىلغان بولسا كېرەك، ئىنتايىن سەمىمىي قىياپەتتە:

— ئۇكام، نەدىن كېلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەكتەپتىن، — دېدىم ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ.

— مەكتەپتىن؟ شۇنچە كەچتە مەكتەپتە نىمىش قىلىسىز؟

— ئۆيىمىز مەكتەپكە ئانچە يىراق ئەمەس، ئۆيدە بەزىدە توك بار، بەزىدە يوق، شۇڭا تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ قايتقۇچە كەچ بولۇپ كېتىدۇ.

ئۇ ئەتراپقا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئاندىن:

— ئاتا - ئانىڭىز سىزدىن ئەنسىرىمەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— دادام مېنىڭ ھەر كۈنى كەچ قايتىدىغانلىقىمنى بىلىدۇ، بىراق بۈگۈن سەل كەچ قالدىم شۇ.

— ئاپىڭىزچۇ؟

— ئانام بىر يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن.

— ھە، مۇنداق دەڭ.

ئۇ بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، يەنە:

— ئۇنداقتا ئۆگەي ئاپىڭىز باركەن - دە؟ — دەپ سورىدى.

— ياق.

— نىمە؟ دادىڭىز قايتا ئۆيلەنمىدىمۇ؟

— ياق.

ئايالنىڭ قولىدىن تويۇقسىز قاس چىقىپ كەتتى. قارىغاندا، ئۇ مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ چىرايىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس خۇشاللىق ئىپادىلىرىنى بايقىغاندەك بولدۇم.

— دادىڭىز قانچە ياشلاردا بار ئۇكام؟ — سورىدى ئۇ يەنە بىر خىل مېھرىبانلىق بىلەن.

— دادام بۇ يىل ئوتتۇز بەش ياشقا كىردى.

ئايال يەنە ھاياجانلانغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ گۇگۇمدىكى خىرە چىرايىدا روشەن قىزىللىق ئەكس ئەتتى. بارماقلىرىمۇ بىر - بىرىگە مەھكەم كىرىشكەنىدى.

— ئۇكام، مەندىن گەپ سورىمايسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ بىر-



www.uyghurkitap.com

دىنلا.

— سىز شەھەرلىكمۇ؟ — دېدىم بىلىشكە قىزىقىپ.

— قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

— گەپ - سۆزىڭىز ھەم كىيىنىشىڭىزدىن بىلدىم.

— بەك ئەقىللىقكەنسىز، — دېدى ئۇ بېشىمنى سىلاپ، — يېزىغا تۇغقان يوقلاپ چىققان، تۇغقانلارنىڭ ئۆيىنى تاپالماي كەچ قالدىم.

مەن خىرە گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدا ئۇنىڭ قانچە ياشلاردىكى ئايال ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالمىدىم، لېكىن دادام بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كەلدىم. «تۇغقان يوقلاش ئۇچۇن كەلگەن» دېگەن گېپىدىن سەل گۇمان قىلغان بولساممۇ، شەھەرلىكلەر ئاشۇنداق قۇرۇق قول تۇغقان يوقلىسا كېرەك، دەپ ئويلاپ گۇمانىمنى يوققا چىقىرىۋەتتىم.

— ئاچا، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قېلىڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا بىر خىل ھېسداشلىق نەزىرىدە تىكىلىپ، — بۈگۈن بەك كەچ بولۇپ كەتتى، تۇغقانلىرىڭىزنى ئەتە ئىزدەڭ.

— رەھمەت ئۇكام، ئۆيىڭىز يىراقمۇ؟

— ئانچە يىراق ئەمەس.

— ئۇنداقتا ماڭايلى ئۇكام، — دېدى ئۇ ئەتراپقا تېز - تېز كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن.

بىز خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلىشمىدۇق. مەھەللىمىزگە ئاز قالغانسېرى ئۇنىڭ ئالدى - كەينىگە قاراش قېتىم سانى بارغانسېرى كۆپەيگىلى تۇردى. مەن ئۇنى ئىتلاردىن قورقۇۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. چۈنكى مەھەللە ئىتلىرىنىڭ توختىماستىن قاۋاشلىرى جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن گۇگۇم قاراڭغۇسىنىڭ پەردىسىنى يىرتىۋەتكەنىدى.

— ئۇكام، ئۆيىڭىزدە يەنە كىملەر بار؟ — سورىدى ئايال تۇيۇقسىز ئالدىمغا ئۆتۈپ.

www.uyghurkitap.com

— دادام ئىككىمىزلا بار، — دېدىم ئىتتىكلا.

— چوڭلارچۇ؟ دېمەكچى بولغىنىم، سىلەر چوڭلار بىلەن بىللە تۇرمامسىلەر؟

مېنىڭ جىم تۇرۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ ئۇ يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— چوڭ دادىڭىز، چوڭ ئاپىڭىز سىلەر بىلەن بىللە تۇرمامدۇ؟

— ئۇلار بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن.

— ھە، شۇنداقمۇ؟

ئۇنىڭ ئەمدى كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن بولسا كېرەك، بىز يەنە مېڭىشنى داۋاملاشتۇردۇق.

— كەلدۇق، — دېدىم ئۆيگە يېقىنلاشقاندا، — ئالدىمىزدىكى ئاشۇ ئۆي شۇ.

— ئۇكام، دادىڭىزغا مېنى قانداق تونۇشتۇرىسىز؟ — سەل جىددىيلىشىپ سورىدى ئايال.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاچا، — دېدىم مەن ئۇنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىپ، — دادام بەك ئاق كۆڭۈل ئادەم، مەن ئۇنىڭغا، بۇ ئاچام يېزىغا تۇغقان يوقلاپ چىقىپتىكەن، يولدىن ئېزىپ قاپتۇ، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ، ئەتە تۇغقانلىرىنى ئىزدىسۇن، دەيمەن.

— رەھمەت ئۇكام، سىز بەك ياخشىكەنسىز، — دېدى ئۇ يەنە بېشىمنى يېنىككىنە سىلاپ قويۇپ.

ئىشىك ئالدىدا دادام مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن، ئۇ كەچ قالغىنىمغا بەك خاپا بولۇپ كەتتى.

— نېمە بۇنچە كەچ قالىسەن دەيمەن ئادەمنى ئەنسىرىتىپ؟ بۇنىڭدىن كېيىن، مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەن ھامان ئۆيگە قايتىپ كەل، تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن دەپ ئاۋارە بولما! ...

دادام يېنىمدىكى ئايالنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك تۇيۇقسىز سۆزلەشتىن توختىدى. بىر ئايالغا، بىر ماڭا قاراپ چىققاندىن

كېيىن:

— بۇ ... ئايال ... كىم ئۆزى؟ — دېدى كىيكەچلەپ.

— هە، بۇ ئاچام شەھەردىن تۇغقان يوقلاپ چىقىپتىكەن، تۇغقانلىرىنى تېپىپ بولغۇچە كەچ قاپتۇ، يولدىنمۇ ئېزىپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇنى بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ، ئەتە ئىزدەڭ، دەپ باشلاپ كەلدىم.

— بۇ ... سەن؟ ...

دادام كىيكەچلىگىنىچە ئورنىدا تۇرۇپ قالدى، مەن ئايالنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئايال بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ قالدى. ئانامدىن قالغان كىيىملەرنى كىيىپ باشقىچە روھلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈندۈزدىكى چىرايىدىن دادام ئىككىمىز ھاڭ - تاڭ قالدۇق. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ئايال ئىدى. بىر جۈپ كۆزى، بۇرنى، قاڭشىرى، سوزۇنچاق يۈزى بوي - بەستىگە شۇنچىلىك ماسلاشقانىدى. شۇ كۈنلەردە، دادام ئۇنىڭ ئالدىدا قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قىلىۋاتاتتى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆيىمىزدىن كېتىش نىيىتى يوقتەك قىلاتتى. دادام ئىككىمىزگە شۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ بېرەتتى. ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن بۇيان ئاغزىمغا تېتىغۇدەك تاماق يەپ باقمىغانىدىم، مانا ئەمدى بۇ ئايال ئەتكەن ھەرقانداق تاماق شۇنچىلىك تەملىك ھەم لەززەتلىك بىلىنەتتى. ئۇ كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى يۇيۇپ رەتلىك قاتلاپ تىزاتتى. دادامغا تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، تېخى دادامنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنىمۇ پاكىز ياساپ قويااتتى. دادام ئىككىمىز: «تۇۋا! بىز پەرىشتىگە ئۇچرىدۇقمۇ، نېمە؟» دېيىشىپ قالاتتۇق ئىچىمىزدە. دادام گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىشىمۇ خۇشياقمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. دادام، ناۋادا مەن ئېتىزلىققا

چىقىپ كەتكەندە ئۇ قىچىپ كەتسە قانداق قىلارمەن، ئۆيگەن ئۆيدىمۇ بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆيىمىزدە پەيدا بولغاندىن كېيىن، مەن-مۇ مەكتەپكە بارغۇم كەلمەيدىغان، بارغان تەقدىردىمۇ بالدۇرلا قايتىپ كېلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئېتىپ بەرگەن مەززىلىك تاماقلىرىنى، يېقىپ بەرگەن نان - توقاچلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ئانامنى ئەسكە ئالاتتىم، سېغىناتتىم، ئۇنى ئانام بىلەن سېلىشتۇراتتىم. گەرچە ئۇ ئانامدەك بولالمىسىمۇ، شۇ مىنۇتلاردا ئۇنى ئانام بولۇپ قالسىكەن دېگەن ئۈمىدتە يۈرۈۋاتاتتىم. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولۇشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتىم.

— ئۇكام، ئۇچامدىكى كىيىم بەك كىرلىشىپ كېتىپتۇ، خاپا بولماي، ئانىڭىزنىڭ كۆڭلەكلىرىدىن بىرەرنى بېرىپ تۇرالارسىزمۇ؟

ئۇ ئۆيىمىزگە كەلگەن ئاخشىمى ماڭا شۇنداق دېگەندى. مەن دادامنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئانامنىڭ يېپيېڭى ئەتلەس كۆڭلىكىنى ئېلىپ بەردىم. شۇ ئاخشىمى مەن دادام بىلەن بىر ئۆيدە، ئۇ مېھمانخانا ئۆيىمىزدە ئۈن - تىنسىز يېتىپ قېلىشتۇق. دادام شۇ ئاخشىمى ئۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىدى. ئىككىمىز يوتقانغا كىرگەندىن كېيىن دادام:

— ناتونۇش ئادەملەرنى ئۆيگە باشلاپ كەلمىسەك ياخشى بولاتتى، — دېدى.

— قارىسام، بەك بىچارە ئايالكەن، بارىدىغان يېرىنىمۇ تاپالماپتۇ، شۇڭا ...

— ھە، بولدى، ئۇخلا، — دېدى دادام ئارتۇق گەپ قىلماي.

ئەتىسى ئەتىگەندە، مەن ئۇنى ناشتىغا چاقىردىم. دادام ئۆزى ياققان نانلارنى ئۇشتۇپ ناشتىلىق تەييارلاپ تۇراتتى. ئۇ ئانامنىڭ

ئەتلەس كۆڭلىكنى كىيىپ ئالدىمىزدا پەيدا بولغاندا، دادام ئىك-كىمىز كەينىمىزگە ئۆچۈپ كەتكىلى تاس قالدۇق. چۈنكى ئايال ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ئۇچىسىدىكى ئەتلەس كۆڭلەك ئۇنى تېخىمۇ نازاكەتلىك قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇلچىلىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى. دادام ئىككىمىز ئاغزىمىزنى كامار دەك ئاچقىنىمىزچە تۇرۇپ قالغان-دۇق.

ئۇ دادام ياققان قاتتىق نان بىلەن ناشتا قىلدى. دادام خىجىل بولغىنىدىن تۈزۈكرەكمۇ ناشتا قىلالمىدى. مېنىڭمۇ گې-لىمدىن بىر نەرسە ئۆتمىدى.

— مۇنداق بولسۇن، — دېدى ئايال ناشتىدىن كېيىن دادام ئىككىمىزگە قاراپ، — قارىسام ئۆيۈڭلەردە ئايال زاتى كەم ئىكەن، ئاغزىڭلارغا تېتىغۇدەك ئاش - تاماقمۇ يېيەلمەيدىكەن ئوخشايسىلەر، مەن سىلەرگە بىر نەچچە كۈن ئاش - تاماق ئېتىپ بېرەي. بۇ مېنىڭ سىلەرنىڭ ياخشىلىقىڭلارغا قايتۇرغان جاۋابىم بولۇپ قالسۇن، قانداق بولامدۇ؟

— تۇغقىنىڭىزنى ئىزدىمەمسىز؟ — سورىدىم مەن.

— ئۇلارنى كېيىنچە ئىزدىسەممۇ بولىدۇ.

— بەك ياخشى بولدى! — دېدىم مەن خۇشال بولۇپ.

دادامۇ ئاغزىدىن چىقارمىغان بىلەن ئىچىدە ئىنتايىن خۇ-شال بولدى.

— بىراق، — دېدى ئۇ دادام ئىككىمىزنىڭ قوشۇلغانلىقى-دىن سۆيۈنۈپ، — مەن بىر ئايال كىشى، بىرمۇ ئايال زاتى يوق ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن، شۇڭا مېنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ھېچكىم بىلمەسلىكى كېرەك، بىلدىڭلارمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ! — دېدى دادام، — سىزنىڭ بۇ يەردىلىكىڭىزنى ھېچكىمگە چاندۇرمايمىز.

— شۇنداق، سىز ئەنسىرىمەڭ! — دېدىم مەنمۇ.

دادام دېھقانچىلىقتىن سىرت، قوشۇمچە مال ئېلىپ، مال بورداپ سېتىپ خېلى ئوبدان تاپاۋەت قىلىپ تۇراتتى. ھەريەك‍شەنبە كۈنى، دادام ئىككىمىز ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ناھىيە بازىرىغا باراتتۇق ۋە ئالدىنقى ئايدا ئالغان قوي ياكى كالىنى ۋە يەكشەنبە پايدىسىغا سېتىپ، يەنە ئەرزانراق مال ئېلىپ ئۆيگە قايتاتتۇق. شۇڭا دادامنىڭ پۇلدىن ئانچە غېمى يوق ئىدى. مېنى ئوقۇتۇشتىن باشقىسىنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيتتى. قايتا ئۆيلىنىش- نى مېنىڭ ئالدىمدا تىلغا ئالمايتتى، ئۆيىمىز مەھەللىنىڭ چېتى- دە بولغاچقىمۇ، ئۆيىمىزگە كىرىپ - چىقىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. كۆپىنچە، دادامنىڭ يېقىن ئاغىنىسى توختى بىزنى ئۆيگە تاماققا چىللاپ ياكى ئەترەت باشلىقى ئەمەت دادامنى ئىتىز- غا ھەيدەپ كىرىپ قالاتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۆيىمىز ناھايىتى جىمجىت ئىدى. ماينۇر ئاچام (ئۇنىڭ ئىسمى ماينۇر ئىكەن) ئۆيىمىزدە پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۆيىمىزدىكى جىمجىتلىق بۇزۇلۇپ، پات - پات دادامنىڭ شوخ ناخشىلىرى بىلەن ماينۇر ئاچامنىڭ نازاكەتلىك كۈلكىلىرى ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئائىلىمىز بىردىنلا جەننەتكە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. دادام بەزىدە ئۇنىڭ تاماق ئېتىۋاتقان ياكى كىر يۇيۇۋاتقان ھالىتىگە قاراپ قېتىپ قالاتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالسا، دادام قىزىرىپ كېتەتتى. ماينۇر ئاچام بىر خىل ناز بىلەن كۈلۈپ قوياتتى. ئۇ ئۆيىمىزدە پەيدا بولغاندىن كېيىن، دادام گويا مېنى تامامەن ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك، مەن بىلەن ئانچە كارى بولماس بولۇپ قېلىۋاتاتتى. بۇرۇن پات - پات تىلغا ئالىدىغان رەھمەتلىك ئانامنى ئەمدى تامامەن يادىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى. دادامنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالى ماينۇر ئاچامغا مەركەزلەشكەندەك، ماينۇر ئاچاممۇ دادامنى ئۆزىگە مەھكەم قارىتىۋالغاندەك قىلاتتى، مەن دەسلەپتە دادامنى مەندىن ئېلىپ قاچقان بۇ ئايالدىن رەنجىگەن بولسام‍مۇ،

ئۇنىڭ بىزگە قىلىۋاتقان مېھرىبانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا بولغان خاپىلىقلىرىمنى ئاللىقاياقلارغا ھەيدىۋەتتىم. ئەكسىچە، دادام بىلەن توي قىلىشنى، ماڭا ئانا بولۇشنى خۇدادىن تىلىدىم.

شەنبە كۈنى، دادام قاق سەھەردىلا قوناققا سۇ تۇتقىلى چىقىپ كەتتى. مايىنۇر ئاچام ئىككىمىز ئۆيدە قالدۇق. ئۇ دادامنىڭ كېلىشىگە ئۇلگۇرتۇپ لەڭمەن ئەتمەكچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ھويلىدىكى ئوچاققا ئوت قالاپ بېرىدىغان بولدۇم، ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ھەدەپ ئوت قالاۋاتاتتىم، مايىنۇر ئاچام ئۆزى يېتىپ - قوپۇۋاتقان ئۆيدىن بىر يۆگەكنى ئېلىپ چىقىپ ئوچاققا تاشلىدى.

— بۇ نېمە ئاچا؟ — سورىدىم سەل ھەيران بولۇپ.

— مېنىڭ ھېلىقى كونا كىيىمىم، قارىسام تازا كىيگۈچىلىكى قالماپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق كىيىملەرنى سەھرادا كىيىپ يۈرسەم تازا قاملاشمىغۇدەك، شۇڭا كۆيدۈرۈۋېتەي دېدىم.

ھويلىنى كۆيگەن لاتىنىڭ سېسىق پۇرىقى قاپلىدى. ئوچاقتىكى ھېلىقى كىيىم ھەدەپ كۆيمەكتە ئىدى. ئۇ كۆسەي بىلەن مالتىلاپ ھەممىسى كۆيۈپ بولغاندا، ئاندىن بىر خىل خاتىرجەم بولغان ھالدا لەڭمەنگە پىلتە قىلىشقا باشلىدى. «تووۋا، — دېدىم ئىچىمدە، — ئاجايىپ ئايالكىنە بۇ، بىر قارىسام پەرىشتىدەك ئاق كۆڭۈل، ئىشچان؛ بىر قارىسام ئىنتايىن غەلىتە، سىرلىق ...»

شۇ كۈنى كەچتە، دادام ئىككىمىز ئەتە ناھىيە بازىرىغا كىرىپ سودا - سېتىق ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ چىقىدىغان، مايىنۇر ئاچام ئۆيدە تۇرۇپ تۇرىدىغانغا كېلىشىپ، ھەممىمىز ناھايىتى بالدۇرلا يېتىپ قېلىشتۇق. مەن يوتقانغا كىرىپ ياتقان بولساممۇ، لېكىن مايىنۇر ئاچام ئۆيىمىزدە پەيدا بولغاندىن بۇيانقى ئىشلارنى، دادامنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى، ئائىلىمىزدىكى يېڭىلىق-

لارنى ئويلاپ پەقەتلا ئۇخلىيالمىدىم. بىر چاغدا، دادام مېنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلاپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىچ كىيىمى بىلەنلا سىرتقا ماڭدى. مەن ئۇنى تەرەتكە چىقسا كېرەك دەپ ئويلىدىم، لېكىن دادام ھەدەپ مايىنۇر ئاچام ياتقان ئۆينىڭ ئىشى-كىنى چېكىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، دادام ئىچكە كىرىپ كەتتى. مەن دەرھال ئورنىمدىن تۇرۇپ، ئۆزۈممۇ سەز-مىگەن ھالدا، ئۇلار بار ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدىم. ئۆي ئىچىدىن دادامنىڭ ھاسىراپ تۇرۇپ ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مەن پەقەت چىدىمىدىم، جېنىم، ئەمدى مېنى قىيىندى-ماڭ، بىز پاتراق توي قىلايلى.

— يەنە بىر ھەپتە چىداڭ قەدىرلىكىم، مەن ئىدىيە جەھەت-تىن ئازراق تەييارلىق قىلىۋالاي، — دېدى مايىنۇر ئاچام.

— ئەمىسە، بۈگۈن كەچ بىللە بولايلى، جېنىم.

— ئەسكى، — دېدى مايىنۇر ئاچام نازلىنىپ، — بۈگۈنچە بىرنى سۆيۈپ قوياي، كېيىن قانغۇچە بىرگە بولىسىز، مەن بەربىر سىزنىڭ بولىمەن جېنىم...

— ماقۇل ئەمىسە، گېپىڭىزدە تۇرۇڭ جۇمۇ!

— چوقۇم تۇرىمەن! ئەمدى چىقىپ كېتىڭ، ئالىمجان ئويى-غىنىپ قالسا سەت تۇرىدۇ.

مەن پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسىگىنىمچە ئاستا بېرىپ يوتقانغا كىرىۋالدىم. داداممۇ ئاستا كېلىپ ئورنىغا كىرىپ ياتتى. شۇ كېچىسى مەنمۇ ئۇخلىمىدىم، داداممۇ ئۇخلىمىدى، بىلىپ تۇرۇپ-تىمەن، مايىنۇر ئاچاممۇ ئۇخلىمىدى، دادام مايىنۇر ئاچام بىلەن بولىدىغان بەختلىك توينى، تويدىن كېيىنكى شېرىن مىنۇتلارنى ئويلاپ ئۇخلىيالمايدىغانلىقىدا گەپ يوق، مايىنۇر ئاچامنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمىسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ دادامغا دې-گەنلىرىدىن قارىغاندا، ئۇمۇ دادامنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇمۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرى ئۈستىدە باش

قاتۇرۇپ ئۇخلىيالمايدىغانلىقى تەبىئىي. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ شەھەردە خېلى چوڭ بىر باشلىقنىڭ قىزىمىش، دادىسى ھۆكۈمەتتىن پايدىلىنىپ پارا ئالغاچقا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى تەرىپىدىن پاش قىلىنىپ كېسىلىپ كېتىپتۇ. ئاپىسى بۇ زەربىگە چىدىيالماي ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئېرىمۇ ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ، تۆھمەت چاپلاپ ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شۇڭا ئۇ شەھەردە تۇرۇشقا ئامال قىلالماي يېزىدىكى تۇغقانلىرىنى ئىزدەپ چىقىپتۇ. بىراق كىچىك چاغلىرىدا بىر نەچچە قېتىم چىققاچقا، تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيى ئېنىق ئېسىدە قالماپتۇ. ئۇنىڭ دېگەنلىرى تازا چەك باسمىسىمۇ، ئۇنىڭ بىزگە قىلىۋاتقان مېھرىبانلىقى دادام ئىككىمىزنىڭ گۇمانىي قارىشىمىزنى تامامەن يوققا چىقىرىۋەتكەنىدى.

— مەن ئەسلىدە ئوقۇتقۇچى ئىدىم، يولدىشىمنىڭ ئارتۇقچە كۆڭلىشى بىلەن ئىش تارىخىمنى سېتىۋېتىپ، ئۆيدە ئائىلە ئايالى بولۇپ قالغان، بالىمىز بولمىغاچقا، يولدىشىمدىن تولا تاياق يەيتتىم. دادام تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى.

مايىنۇر ئاچام ئۆزى توغرۇلۇق بىزگە شۇنچىلىكلا دەپ بەرگەنىدى.

— بىز توي قىلغاندىن كېيىن شەھەرگە كۆچۈپ كېتەيلى، ئالىمجان شەھەردە ئوقۇسۇن، — دېگەنىدى مايىنۇر ئاچام بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن دادامغا.

— ياق، بىز مۇشۇ جايدا تۇرىمىز، مەن شەھەرگە كۆنەلمەيمەن، — دېگەنىدى دادام، — ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن مۇشۇ يەردە چوڭ بولغان، بۇ يەردىن ئايرىلالمايمەن.

— مەيلى، مۇشۇ يەردە تۇرايلى، مەنمۇ شەھەردىن بەك بىزار بولۇپ كەتتىم. دادام تۈرمىدىن چىقسا، مۇشۇ يەرگە ئەكېلىۋالارمىز.

مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ پەقەت ئۇيقۇم كېلمىدى. تۇرۇپ ماينۇر ئاچامدىن گۇمانلىنىپ قالاتتىم. «ئەجەبا، تۈنۈگۈن يوقلاپ كەلگەن ئادەم نېمىشقا تۇغقانلىرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلمايدۇ؟ نېمىشقا ئېرىدىن ئاجراشماي تۇرۇپ دادام بىلەن توي قىلماقچى بولىدۇ؟ بۇ زادى قانداق ئايالدۇر؟» چىگىش سوئاللار كاللامغا كىرىۋېلىپ مېنى ھەرقانچە قىيىنىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئائىلىمىزدە مەڭگۈ تۇرۇپ قېلىشىنى، دادام بىلەن توي قىلىپ ماڭا ئانا بولۇشىنى، ماڭا ئۇماق ئىنى - سىڭىللارنى تۇغۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، شۇنداق شېرىن بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە، دادام بىلەن ماينۇر ئاچامنىڭ تويى بولۇۋاتقۇدەكمىش، پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر ماينۇر ئاچامنىڭ گۈزەل جامالىدىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، دادامغا ھەسەت كۆزلىرى بىلەن قاراۋاتقۇدەكمىش. مەن ئۇلارغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقۇدەكمىشمەن...

— ئالىمجان! ۋوي ئالىمجان!...

دادامنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا چاقىرىشى بىلەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. دادام بىلەن ماينۇر ئاچام بېشىمدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ھەي، ئاخىرىنى كۆرەلمىدىم - دە! — دېدىم ھەسرەت بىلەن تولغىنىپ.

— نېمىنىڭ ئاخىرىنى؟ — ئىككىسى تەڭلا سوراشتى.

— تويۇڭلارنىڭ ئاخىرىنى بولامدۇ؟ تويۇڭلار تازا قىزىۋاتقاندا ئويغىتىۋەتتىڭلار - دە!

دادام بىلەن ماينۇر ئاچام قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ كۈلكىسى ماڭا خۇشاللىق ۋە بەخت كۈلكىسىدەك بىلىندى.

— پات ئارىدا ھەقىقىي تويىنى قانغۇدەك كۆرۈۋالىسىز، — دېدى ماينۇر ئاچام كىيىملىرىمنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ.

دادام ئۇنىڭغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

بىز ساتماقچى بولغان ئىككى قوچقارنى ئېشەك هارۋىسىغا بېسىپ، ماينۇر ئاچام بىلەن خوشلىشىپ ناهىيە بازىرىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. يولدا دادام ئىككىمىز مۇشۇ يېقىنقى كۈنلەردە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە كۆپ پاراڭلاشتۇق.

— دادا، سىڭىلچە، ماينۇر ئاچامنىڭ دېگەنلىرى راستمىدۇر؟

— راست بولماي، يالغانمىتى ئەمىسە.

— ماينۇر ئاچام ماڭا ھەم يالغانچىدەك، ھەم ئالدامچىدەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— تولا ئاغرىڭنى ئۇششۇتمە! ئۇمۇ ئاناڭدەك ئاق كۆڭۈل ئايالكەن، ئېرى خورلاپ بەختسىز بولۇپ قاپتۇ شۇ.

— ئەمىسە نېمىشقا ئېرى تۇرسا، سەن بىلەن توي قىلايلى دەيدۇ؟

— سەن بىلمەيسەن، ئۇنى ئېرى تالاق قىلىۋېتىپتۇ.

— تالاق قىلىۋېتىش دېگەن نېمە؟

— كىچىك بالا دېگەننىزە، — دېدى دادام ماڭا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، — تالاق قىلىۋېتىش دېگەن ئۆز خوتۇننى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىش، باشقىلارغا بېرىۋېتىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇمۇ خۇددى قوغۇننى ۋاشاڭ قىلغانغا ئوخشايدۇ، كىم ئۈزۈۋالسا شۇنىڭ بولىدۇ، ھازىر ماينۇر ئاچاڭمۇ ۋاشاڭ قىلىنغان قوغۇنغا ئوخشاپ قاپتۇ، ئۇنى مەن ئۈزۈۋالدىم، دېمەك ئۇ مېنىڭ بولدى دېگەن گەپ بىلدىڭمۇ؟

— توۋا، قىزىق ئىشكىنە بۇ! — دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە.

بىز چۈشكە يېقىن ناهىيە بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق. ھارۋىنى ئۇدۇل ئۇلاغ بازىرىغا ھەيدەپ، سودا - سېتىقنى تېزرەك پۈتتۈرۈپ دەرھال ئۆيگە قايتماقچى بولدۇق.

ئىككى قوچقارنى بىر قاسساپقا يەتمىش يۈەن پايدىسىغا ساتتۇق - دە، ئىككى پاقلاننى ئۈچ يۈز ئەللىك يۈەنگە سېتىۋېلىپ

www.uyghurkitap.com

هارۋىغا باستۇق.

— سىۇدىمىزمۇ پىۇتتى، — دېىدى دادام ئېشەكنى قامچى-
لاپ، — ئەمدى قورساققا يېرىمدىن لەڭمەن يەيمىزدە، ئۇدۇل
ئۆيگە قاراپ چاپىمىز.

— مايىنۇر ئاچامغا نېمە ئېلىۋالىمىز؟ — دېدىم مەن.

— ھە راست، ئۇنىڭغا نېمە ئېلىۋالساق بولار؟ توغرا،
سامسا ئېلىۋالايلى.

بىز ھەمىشە تاماق يەپ قايتىدىغان دوقمۇشتىكى بازىرى
ئىتتىك ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. دادام ئېشەكنى ئاشخانىنىڭ
ئۇدۇلدىكى بىر توپ قېرى ئۇجمىگە باغلىدى ـ دە، ئۆيدىن
ئېلىۋالغان بىر باغ بېدىنى ئالدىغا تاشلاپ بەردى. ھارۋىدىكى
ئىككى پاقلاننى ھارۋىغا مەھكەم تېڭىپ، مىدىرلىيالماس قىلىۋەت-
كەندىن كېيىن، ئاشخانا ئالدىغا كەلدۇق. ئاشخانا ئالدىغا نۇرغۇن
كىشىلەر توپلىشىۋالغان بولۇپ، ئۇلار تامغا چاپلانغان بىر پارچە
قەغەزگە قاراپ تۇرۇشاتتى.

دادام ئىككىمىز قىزىقىپ توپ ئارىسىغا كىردۇق. تامدا بىر
ئايالنىڭ رەڭسىز سۈرىتى چاپلاقلىق تۇراتتى. ئۈستىدە «تۇتۇش
بۇيرۇقى» دېگەن خەت يوغان قىلىپ يېزىلغانىدى.

— دادا، بۇ ئايال ئەجەب مايىنۇر ئاچامغا ئوخشايدىكىنە، —
دېدىم ھەيران بولۇپ.

— تولا ئاغزىڭنى ئۈششۈتمە، ئوقۇپ باققىنە، — دېدى دادام
سەل تاتىرىپ.

دادام ساۋاتسىز بولغاچقا، خەت تونۇمايتتى، مەن رەسىم
ئاستىدىكى ئۇششاق خەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

«جىىنايەتچى ئىايگۈزەل مەخمۇت، ئايال، 34 ياش، بويى
1.67 سانتىمېتىر، رەڭگى ئاق، بۇ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى
تۈرمىدىن قاچقان. ئەگەر كۆرگۈچىلەر بولسا، دەرھال ج خ
ئىدارىسىغا مەلۇم قىلىشىنى سورايمىز. يوشۇرغان ياكى ئېيتمى-

غانلار سېزىلىپ قالسا، قانۇنىي مەسئۇلىيىتى جىددىي سۈرۈشتە قىلىنىپ جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. خەۋەر قىلغۇچىلارغا سۆيۈنچە بېرىلىدۇ».

— يۈرە، بىز ئۆيگە قايتايلى! — دېدى دادام بىردىنلا جىددىيلىشىپ.

ئۇ قولۇمدىن تارتىپ توپ ئارىسىدىن سۆرەپ چىقتى.

— نېمە، تاماق يېمەمدۇق؟ — دېدىم ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ.

— ئۆيگە بېرىپ يەيلى، كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سېزىپ تۇرىدۇ.

دادامنىڭ رەڭگى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. بىز ئېشەكنى يېشىپ ئۇدۇل ئۆيگە قاراپ چاپتۇردۇق.

كەچ كىرەي دەپ قالغاندا، بىز ئۆيگە يېتىپ كەلدۇق. دەرۋازا ئوچۇق تۇراتتى. دادام ئېشەكنى قويۇپ يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە ئېتىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي چىرايى تاتىرىپ ئۆڭكىسلى ئۆچ-كەن هالدا قايتىپ چىقتى.

— دادا، نېمە بولدى؟ ماينۇر ئاچام يوققۇ؟

— يامان بولدى، بالام، بىز بۆرىنى ئۆيگە سولاپ بېقىپتۇق.

دادام روهسىزلىنىپ بوسۇغىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى.

— زادى نېمە ئىش بولدى، تېزرەك دېگىنە؟

— ساندۇقتىكى بەش مىڭ يۈەن پۇل، يەنە ئاناڭدىن قالغان ئالتۇن هالقا، ئالتۇن ئۈزۈكلەر ئوغرىلىنىپتۇ.

— نېمە؟ ماينۇر ... ئاچا ... م ...

— ماينۇر دېگەن ئەسلىدە تۈرمىدىن قاچقان جىنايەتچىكەن ئەمەسمۇ؟ بىز ئالدىنىپتۇق، بالام.

دادام هەدەپ هەسرەت چېكىۋاتاتتى.

— يۈر بالام! — دېدى دادام بىردىنلا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىز دەرهال يېزىلىق ساقچىخانىغا ئەهۋالنى مەلۇم

قىلايلى. توختا، سەن ئۆيدە قال! مەن ساقچىخانىغا ئۆزۈم باراي. ئۆيگە كىرمە، نەق مەيدان بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن!

دادام ھارۋىدىكى ئىككى پاقلاننى يېشىپ ئېغىلغا سوقۇلۋەتتى-دە، ئېشەكنى يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەپكە قاراپ چاپتۇردى ...

يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ خەۋەر بېرىشى بىلەن بىز جىنايەتچىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن دادام ئىككىمىز شەھەرگە كىردۇق. ئىككى نەپەر ساقچى بىزنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىمىزنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر پارچە رەسىمنى بىزگە كۆرسەتتى. رەسىمدىكى ئايال دەل ھېلىقى مايناق ئاچام ئىدى. رەسىمدە ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، شۇنداق نازاكەتلىك ئىدى.

— ھېلىمۇ ياخشى سىلەرگە زەخىم يەتكۈزمەپتۇ، — دېدى بىر ساقچى چۈشەندۈرۈپ، — بۇ دېگەن ئېرىنى ئۆلتۈرۈپ مۇدەتسىز كېسىلگەن جىنايەتچى، تۈرمىدىن قاچىدىغان چاغدا، بىر نەپەر تۈرمە ساقچىسىنى ئېغىر يارىلاندۇرغان. ئەگەر ئۆيۈڭلەردە تۇرۇۋەرگەن بولسا، بەلكىم ئۇنى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە تاپالماس ئىكەنمىز.

— بۇلار جىنايەتچىنىڭ يانچۇقىدىن چىققان نەرسىلەر، — دېدى يەنە بىر ساقچى تارتمىسىدىن بىر بولاق نەرسىنى ئۈستەل ئۈستىگە تۆكۈپ، — سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار بىلەن جىنايەتچىنىڭ ئېيتقانلىرى ئاساسەن بىردەك چىقتى. مانا بۇلار سىلەرنىڭ ئوغرىلانغان نەرسەڭلار، تۆت مىڭ بەش يۈز يۈەن نەق پۇل ۋە ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن ھالقا، قىينى ئېلىڭلار. ھە راست، بەش يۈز يۈەن پۇلۇڭلارنى ئۇ خەجلەپ تۈگىتىپتۇ. ئۇ بۇنى ئۆزىمۇ ئىقرار قىلدى.

دادام يىتكەن نەرسىلەرنى قولىغا ئېلىپ كۆزىگە ياش ئالدى. بۇ ئۇنىڭ يىتكەن نەرسىلەرنى تېپىۋالغاندىن كېيىنكى خۇشاللىق

يغىسىمۇ ياكى ماينۇر ئاچامنىڭ بىردىنلا جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىغا، ئۇنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغانلىقىغا بول-غان ئازاب يىغىسىمۇ بۇنى بىلەلمىدىم.

— رەھمەت سىلەرگە! — دېدى دادام كۆز ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — بىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەك بولام-دۇ؟

— كەچۈرۈڭلار، بولمايدۇ، بۇ جىنايەتچىنىڭ تەلىپى. ئۇ سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلغان. ئۇنىڭ سىلەرگە قالدۇر-غان بىر پارچە خېتى بار.

ساقچى خەتنى ماڭا ئۇزاتتى.

— ئەمدى سىلەر قايتساڭلار بولىدۇ، ئىش بولسا يەنە چا-قىرتىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن ناتونۇش ئادەملەرنى ھەرگىز ئۆ-يۈڭلەردە قوندۇرماڭلار.

بىز ساقچى ئىدارىسىدىن چىقىپ ناھىيىگە قاتنايدىغان ئاپتو-بۇس بېكىتىگە كەلگۈچە گەپ قىلماي كەلدۇق. بېلەتنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، دادام تۇيۇقسىز ھېلىقى خەتنى يادىغا ئالدى بولغاي:

— خەتتە نېمىلەرنى يېزىپتۇ بىر ئوقۇغىنە، — دېدى يىغلا-ۋېتىدىغان ئاھاڭدا.

مەن چىرايلىق قاتلانغان خەتنى ئاۋايلاپ ئېچىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدىم:

«مېنى كەچۈرۈڭلار، مەن ئەسكى ئايال، مەن ئادەم ئۆلتۈر-گەن قاتىل. سىلەرنى ئالدىغانلىقىمنى كەچۈرۈڭلار. ئەسلىدە سىلەرگە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتماقچىمۇ بولغان، لېكىن بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ تۇرۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلىمەي ئىلاجىم بولمىدى، سىلەر بەك ياخشى ئادەمكەنسىلەر، سىلەر بىلەن ئۆت-كەن كۈنلەرنى ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ بەختلىك كۈنلەر-مىكىن دەيمەن.

قەدىرلىك توختى، سىز ئاجايىپ ئاق كۆڭۈل ئەر، سىزگە خوتۇن بولالىغان بولسام، ئۆزۈمنى مەڭگۈ بەختلىك مۇساپىلىقتا بولاتتىم. ئەپسۇس، بۇ مۇمكىن ئەمەس ـ دە! مۇمكىن بولمايدىـ غان رېئاللىق ئالدىدا بەندىنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلىدۇ دەيـ سىز؟ سىز چوقۇم ئۆزىڭىزگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل، ئىشچان ئايالغا ئۆيلىنەلەيسىز. مەن سىزگە چىن قەلبىمدىن بەخت تىلەيـ مەن.

ئوماق ئىنىم ئالىمجان، سىز مەن ئۇچراتقان ئەڭ ئەقىلـ لىق، زېرەك يىگىت. سىزگە ئانا بولالىغان بولسام، سىزنىڭ بىر ئېغىز ئانا دېگەن ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىيالىغان بولسام، قانچىـ لىك خۇش بولار ئىدىم ـ ھە! ئەپسۇس، بۇ ئەمدى مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدۇ. سىز ئانا مۇھەببىتىگە موھتاج ئىدىڭىز، بۇ ئوت قەلبىڭىزدە مېنى كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى. سىز مەندىن باشتىن ـ ئاخىر گۇمانلىنىپ كەلدىڭىز، ھەتتا مەن مەھبۇس كىيىمىنى كىيدۈرۈۋەتكەندىمۇ سىز ماڭا گۇمانىي نەزەرـ دە تىكىلگەنىدىڭىز. لېكىن سىز ئانا مۇھەببىتىگە تەشنا بولغاچـ قا، ئاشۇ گۇمانلىرىڭىزنى تېزدىن يوققا چىقىرىۋەتتىڭىز. شۇڭا سىزنى بەك چېچەن، ئەقىللىق دەيمەن ئەمەسمۇ؟ ياخشى ئوقۇڭ، دادىڭىزنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاپ، يېزىڭىز ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلىدىغان قابىلىيەتلىك كادىر بولۇڭ. سىزگە ئالەمچە بەخت تىلەيمەن، سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. چۈنكى سىز مېنى بىرنەچـ چە كۈن بولسىمۇ بەختلىك ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، ماڭا ئۆز ئوغلۇمدەك مۇئامىلە قىلغان. خۇدايىم تىلىكىڭىزگە يەتكۈزەر، ئوغلۇم!...

مەن بىر بۇزۇق ئايال! ئاشنام ئۈچۈن ئېرىمنى ئۆلتۈرگەن. ئاخىرىدا ئاشۇ ئاشنامنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئايالمەن. مەن قانداقتۇر باشلىقنىڭ قىزىمۇ ئەمەس، ئوقۇتقۇچى بولغانمۇ ئەمەس، مەن پەقەت شەھەردىكى مەلۇم بىر يۇڭ توقۇمىچىلىق

فابرىكىسىدا ئىشچى ئىدىم. ئىناق ئائىلەم بولسىمۇ، بالا يۈزى كۆرەلمىگەن، چۈنكى ئېرىم ئېغىر كېسەل ئىدى. مەنمۇ بىر ئىنسان، مەنمۇ سۆيۈشكە، سۆيۈلۈشكە تەشنا ئىدىم. شۇڭا زاۋۇتتىكى بىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈردۈم. كېيىن ئۇ مەن بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى، ئېرىم بىلەن ئاجرىشىشىمنى تەلەپ قىلدى. بىراق مەن ئاجراشسام بولمايتتى، چۈنكى ئۇ مېنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتى. مەنمۇ ئۇنى مۇنداقلا تاشلاپ ۋەيران قىلىشنى قەتئىي خالىمايتتىم. لېكىن ئېرىم ھاجىتىمدىن چىقالمايتتى، مېنى ئۇ سۆيگەندەك سۆيەلمەيتتى. ئۇنىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشى ۋە ئۆزۈمنىڭ روھىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلۇقۇمنى يوقىتىشىم بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارارىغا كەلدىم. شەخسىي دورىپۈرۈشتىن سېتىۋالغان بىر بولاق چاشقان دورىسىنى ئۇنىڭ تامىقىغا قوشۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنى ئۇ دۇنياغا يولدا سالدىم. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالغانلىقىدىن گۇمانلانغان تۇغقانلىرى ساقچىغا ئەرز قىلدى. نەتىجىدە، مېنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىم ئىسپاتلاندى، خەلقئالەم ئالدىدا شەرمەندە بولدۇم. تېخى بۇ يەتمىگەندەك، مېنى ئالىمەن، دەپ مەيدىسىگە ئۇرغان ھېلىقى لۇكچەك بارلىق جىنايەتنى ماڭا يۈكلەپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، مەن مۇددەتسىز كېسىلدىم. ھاياتىمدىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم، شۇنداقتىمۇ ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئاشۇ بەچچىخەردىن ھامان ئۆچۈمنى ئالىمەن دېگەن ئۈمىدتىمۇ بولدۇم. مۇشۇنداق ئوي ـ خىياللار بىلەن تۈرمە ھاياتىمنى باشلاۋاتقان كۈنلەردە، بىر نەپەر تۈرمە ساقچىسى ماڭا ئىش ـ پەش تارتىپ قالدى. ئۇ ھەمىشە كامېر ئالدىدا پەيدا بولىدىغان، ماڭا تاماكا تەڭلەيدىغان (تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن تاماكىغا ئۆگىنىپ قالغانىدىم) كۆزۈمگە تىكىلىپ قارايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى كۆچەيگەنسېرى مەندە تۈرمىدىن قېچىش ئىستىكى تۇغۇلدى. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، ئۇ يەنە يېنىمدا پەيدا بولدى.

— نېمە، ئۇخلىيالمىدىڭىزمۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا گەپ ئېتىپ.

— شۇنداق، سىزنى ئويلاپ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى، — دېدى ئۇ نىيىتىنى بىراقلا ئاشكارىلاپ.

— شۇنداقمۇ، مەنمۇ شۇنداق ئىستەكتە بولۇۋاتىمەن، — دېدىم مەنمۇ ھۇجۇمنى باشلاپ.

— راستمۇ – يا؟

— يالغان بىلەن خۇشۇم يوق.

ئۇ ئالدى – ئارقىسىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن، ماڭا يېقىن كېلىپ:

— بۈگۈن كېچە مەن يالغۇز، ياتىقىمغا بارايلى، بولامدۇ؟ — دېدى.

مەن ئۆزۈم يالغۇز بىر كامېردا ياتاتتىم، چۈنكى بۇ تۈرمىدە مەندىن باشقا مۇددەتسىز كېسىلگەن ئايال جىنايەتچىلەر يوق ئىدى. مەن ياتقان كامېرمۇ تۈرمىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بولغاچقا، بۇ يەر تىنچ ھەم خالىي ئىدى. مەن پۇرسەت يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم، ئۇ كامېرنىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئاچتى – دە، مېنى ئەگەشتۈرۈپ، بىرنەچچە قۇلۇپلارنى ئېچىپ، ئاخىر ياتىقىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ياتاققا كىرىپلا مېنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى.

— توختاڭ، مەن بەك ئۇسساپ كەتتىم، مېۋە – چېۋىلىرىڭىز يوقمۇ؟ — دېدىم ئۇنى ئۆزۈمدىن ئىتتىرىپ.

— بولمامدىغان جېنىم، — دېدى ئۇ ھىجىيىپ.

ئۇ ئىشكاپنى ئېچىپ، يەشىكتىن بىرنەچچە ئالمىنى ئېلىپ شىرەگە قويدى، ئاندىن يېنىدىكى پىچاقنى ئېلىپ بىر تال ئالمىنى ئاقلاشقا باشلىدى. مەن ئالمىنى يەپ بولغۇچە ئۇ تاقەت قىلالماي كىيىملىرىنى يېشىپ يوتقانغا كىرىپ بولدى. مەنمۇ كىيىملىرىمنى سالغاچ، چاندۇرماي قولۇمغا پىچاقنى ئېلىۋال-

دىم. ئۇ تامامەن خۇدىنى يوقاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ
چىڭدالغان زەكىرىنى ئوتتۇرىدىنلا كېسىۋەتتىم. ئۇنىڭ ۋايجان
دېيىشىنى كۇتمەيلا يوتىسىغا يەنە بىر پىچاق ئۇردۇم. ئۇ ئالدىنى
چاڭگاللاپ توپتەك تۇگۇلگىنىچە چىرقىراشقا باشلىدى. مەن دەر-
ھال كىيىمىمنى كىيىپ تۇن قاراڭغۇسىدا يۇندى تۆكمىدىغان ئاز-
گال ئارقىلىق قېچىپ كەتتىم.

مانا بۇ مېنىڭ ھەقىقىي كەچۇرمىشىم. مەن مۇشۇنداق بىر
ئايال. شۇڭا مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار، مېنىڭ سىلەرگە سالغان
دىل ئازارىم ئۇچۇن سىلەردىن يەنە بىر قېتىم كەچۇرۇم سوراي-
مەن، مېنى كەچۇرۇڭلار.

سىلەرگە بەخت تىلەپ: ئايگۇزەل (ماينۇر) »

دادام ئىككىمىز ئاپتوبۇس بېكىتىدە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەت-
تۇق، قانچىلىك يىغلىغىنىمىزنى بىلمىدۇق. شەھەردىن ناھىيە-
گە قايتىپ كەلگۇچە، ناھىيىدىن يېزىغا قايتىپ كەلگۇچىمۇ بىر-
بىرىمىزگە گەپ قىلمىدۇق، بىرنەچچە كۇنگىچە قايغۇرۇپ يۇر-
دۇق.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىز يېزىلىق ساق-
چىخانىدىكىلەردىن ئۇنىڭ ئۆلۇم جازاسىغا ھۆكۇم قىلىنىپ مىل-
تىق بىلەن ئىجرا قىلىنغانلىقىنى، جەسىتىنى تۇغقانلىرى ئېلىپ
كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. گەرچە، بىز ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل
بىرگە ئۆتكەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ سايىسى ھەمىشە كۆز ئالدىمىزغا
كېلىۋېلىپ، بىزنى بىئارام قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆلۇمگە ھۆكۇم
قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان كۇنى دادام ئىككىمىز ئانامنىڭ
قەبرىسى ئالدىدا ئانامغا ۋە ئانامغا ئوخشايدىغان ئايگۇزەل ئاچامغا
ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئا قىلدۇق.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئىبراھىم نىياز

# مەن كىرگەن كوچا

«سەن قارىغۇ، مەن گاس ھەم گاچا، كەل، ئىك-
كىمىز قول ئېلىشىپ چۈشىنىشەيلى!»

— جىبران

گۈلنار، سەن مېنى قانچىلىك چۈشىنىدىغانسەن؟ سېنىڭ بۇ شەھىرىڭدە مۇساپىرلىق دەردىنى ئۇنتۇپ، سەن ئۇچۇن چوغ-دەك ،كۆيۈپ، كېچە - كۈندۈز سېغىنىپ ئۆتۈۋاتقان، قىلدەك تولغىنىپ كۆيۈۋاتقان يۈرىكىمگە ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ بەزىدە. سېنى ئويلايمەن، سېنى سېغىنىمەن، تەقەززالىق ئىچىدە يوللىد-رىڭغا تەلمۈرۈپ، شېرىن ئەسلىمىلەر بىلەن ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ مۇشۇ كوچىگە ئۇلاشتىم. مەن ئۈچۈن كۈنلەر، تۈنلەر شۇقەدەر ئاستا، شۇقەدەر مەنىسىزدەك تۇيۇلىدۇ. كاللام تۈگى-مەس خىياللارغا ئەسىر، گادىرماش خىياللار ئىچىدە ۋىسالىڭغا ئىنتىلىپ، شېرىن ئارزۇلارنى قىلىمەن. سېنى بىردەممۇ ئۇنتۇ-غىنىم يوق، خىيالىمدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيسەن. يۇلتۇزلار-غا قارىغىنىمدا سېنىڭ كۆزلىرىڭ ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇ-لىدۇ. سېنى ھەر ئويلىغىنىمدا ئالەمدىكى ھەممە مەۋجۇدات شۇ-قەدەر سۆيۈملۈك بولۇپ كۆرۈنىدۇ، تولۇن ئاينىڭ سۈتتەك ئاق تال- تال نۇرلىرى مېنى ھەربىر سۆيۈپ ئۆتكىنىدە ساڭا بولغان سېغىنىشىم مېنى تېخىمۇ قىينايدۇ. قانداق قىلىمەن؟ سېنى

شۇقەدەر ياخشى كۆرۈپ قالدىم. تەقدىر ـ قىسمەت دېگەن ئەسلى مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ، گۇلنار! مېنى ئۇتقا تاشلاپ قويغان تەقدىر مېنى يەنە قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار قىلار، دەپ ئويلاپ كېتىمەن، بىلەمسەن! ئاڭلىسام «گۇلنار» دېگەن سۆز «ئوت» بولارمىش. بۇ راستمۇ گۇلنار؟ ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا، مېنى ئوتتۇڭدا قاچانغىچە كۆيدۈرەرسەن ... بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ خاپا بولما گۇلنار، سېنىڭ مېنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلىپ تۇرساممۇ، سېنى ھەتتا قۇياش نۇرىدىنمۇ قىزغانغۇم كې- لىدۇ. سېنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئاشۇ سۆيۈملۈك، تاتلىق، جەلپكار قىياپىتىڭ مەندە توختاۋسىز رەشك تۇيغۇسى پەيدا قىلى- دۇ. بىلەمسەن، سەن كۈلۈمسىرىگەندە شۇقەدەر چىرايلىق بولۇپ كېتىسەن، كۆزلىرىڭ كۈلىدۇ، يۈزلىرىڭدىكى ھەربىر ھۈجەيرى- مۇ كۈلۈمسىرەيدۇ، چېھرىڭدىن نۇر ياغىدۇ، ئاشۇ دەقىقىدە سەندىن شۇنداق ئاجايىپ بىر ئوت مەن تەرەپكە قاراپ لاۋۇلدايدۇ. مەن شۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمنى چەكسىز بەخت قوينىدا سېزىمەن، ئاشۇ تەبەسسۇم، ئاشۇ نۇر پەقەت ماڭىلا تەئەللۇق بولسىكەن، ئۇ پەقەت ماڭىلا كۈلسىكەن دەپ ئويلايمەن. مېنىڭچە بەخت دېگەن بەلكىم شۇ بولسا كېرەك، گۇلنار، سەن بۇنىڭدىن مېنى بەك شەخسىيەتچى ئىكەن دەپ ئويلاپ قالما، بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنى شۇقەدەر ياخشى كۆرگىنىمدىن ئەمەسمۇ؟

بىز تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن كۈن ئېسىڭدىمۇ؟ شۇ كۈنى ئىشخانام تۇنجى قېتىم سېنىڭدىن تارالغان ئەتىر ھىدى بىلەن تولدى، ياق، بۇ ئەتىر ھىدى ئەمەس، بەلكى سېنىڭدىن تارالغان قىزلىق ھىدى ئىدى. سېنىڭ ھىدىڭ بىلەن تۇيغۇلىرىم غىدىقلى- نىپ، كۆزلىرىڭگە تارتىنىش ۋە تەلپۈنۈش ئىچىدە تىكىلدىم. راستىنى ئېيتسام، مەن سېنى توردا سىردىشىش داۋامىدا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، بىز بارا ـ بارا ياخشى كۆرۈشۈپ قالغانى- دۇق، شۇڭلاشقىمىكىن، مەن سېنى كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلى-

غاندا، تەلىپىمنى رەت قىلماستىن قېشىمغا كەلگىنىدىكى، شۇ كۈنى كومپيۇتېرىمدىن يۇلتۇز ئۇسمانوۋانىڭ «ھەسرەت» دېگەن ناخشىسى ئاڭلىنىۋاتاتتى، ناخشىدىكى ھەسرەتلىك مۇڭ، ئاشۇ يۈرەكنىڭ سېغىنىشلىق كۈيى خۇددى مېنىڭ دەردلىك سېغىنىش لىرىمنى ساڭا ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ دەل ئۆكتەبىر بايرىمىدىن كېيىنكى كۈنلەر بولۇپ، مەن ساڭا ئاتاپ يازغان «ئۆكتەبىردىكى سېغىنىش» دېگەن شېئىرىمنى تولىمۇ تارتىنىش ئىلكىدە ئالدىڭغا قويدۇم، مېنىڭچە بولغاندا بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان سوۋغام ئىدى. سەن شېئىر يېزىلغان قەغەزنى ئاستا قولۇڭغا ئالدىڭ، قوللىرىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەۋاتاتتى، سەن شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىغىنىڭدا چىرايىڭدا تاتلىق بىر تەبەسسۇم پەيدا بولدى. بىلەمسەن، شۇ چاغدا يۈرىكىم «پىژژىدە» قىلىپ قالدى، چۈنكى سېنىڭ ئاشۇ چاغدىكى تەبەسسۇمۇڭ، مېنىڭ سېنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى شېئىرىم ئارقىلىق سەزگەندەك بىلىنگەنىدى.

... بۇ دەردىمنى ساڭا ئېيتىمىسام،

... كىمگە ئېيتىمەن ...

يۇلتۇز ئۇسمانوۋانىڭ پىغانلىق ناخشىسى قايتىلىنىۋاتاتتى. مەن كومپيۇتېر ئالدىغا كېلىپ ساڭا ئاتاپ يازغان باشقا شېئىرلىرىمنى ئېكرانغا چىقاردىم.

— بۇ شېئىرلىرىمنى كۆرۈپ باقامسىز؟

ئاۋازىم تىترەپ كەتتى. سەن ئاستا بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدىڭ، ئاندىن كومپيۇتېر ئالدىغا كەلدىڭ. شۇ چاغدا بىلىڭگە چۈشۈپ تۇرىدىغان قاپقارا چاچلىرىڭ لەرزان بىر تۇستە كۆكسۈڭگە كېلىپ توختىدى. شېئىرلىرىمنى ئوقۇۋېتىپ چىرايىڭدا يەنە ھېلىقىدەك تاتلىق بىر تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— يەنە بارمۇ؟

سەن شۇنداق دەپ ماڭا قارىدىڭ، مەن يەنە باشقا شېئىرلى-

رىمنى ساڭا كۆرسەتتىم. مەن تەبەسسۇم قىلغان ھالەتتە شېئىر-
لىرىمغا نەزىرىڭنى ئاغدۇرۇشقا باشلىدىڭ، سېنىڭ چىراي ئىپا-
دەڭگە قاراپ شېئىرلىرىمغا ئامراقلىقىم كېلىپ قالدى. چۈنكى
مەن دېيەلمىگەن يۈرەك سۆزلىرىم مۇشۇ لىرىكىلىرىمغا مۇجەس-
سەملەنگەنىدى.

— شېئىرنى بەك لىرىكىلىق يازىدىكەنسىز، بۇرۇنمۇ يازغان-
لىرىڭىزنى كۆرگەنتىم، سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزنى بەك ياخشى
كۆرىمەن.

— ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت!

يۈرىكىم ھاياجانغا تولدى، نېمىشقا دەمسەن؟ چۈنكى سەن
شېئىرنى چۈشىنىدىغان ئەقىل ئىگىلىرىدىن ئىكەنسەن ئەمەسمۇ
گۈلنار! سېنىڭ شېئىرنى چۈشىنىدىغان ئادەملىكىڭ سېنى ماڭا
تېخىمۇ سۆيۈملۈك قىلىپ كۆرسەتتى. بىلەمسەن، شېئىر دېگەن
ئادەمنى ئادەمىيلىككە ئۈندەيدۇ. شېئىرنىڭ ئىچىدىن كۆيۈۋاتقان
بىر يۈرەكنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەن شېئىر ئوقۇمىغان ئادەمنى
بىچارە ئادەم دەپ قارايمەن. شۇئان كاللامدا «سىزنىمۇ ياخشى
كۆرىمەن» دەۋەتسىچۇ، دېگەن خىيال چاقماق تېزلىكىدە پەيدا
بولدى. راست دەيمەن گۈلنار، شېئىرىڭىزنى ياخشى كۆرىمەن
دېگۈچە، سىزنى ياخشى كۆرىمەن، دەۋەتكەن بولساڭ قانداق كۆ-
رۈنۈش يۈز بېرەتتى - ھە؟! ياق، ئەسلىدە شېئىرلىرىمنى
ياقتۇرغىنىڭ مېنى ياقتۇرغىنىڭ ئىدى. مەن يەنىلا ھاياجانلىنىۋا-
تاتتىم. شۇنداق بىر جاسارەت ئىچىدە قېشىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ،
قوللىرىڭنى سىققۇم، چاچلىرىڭنى پۇرىغۇم، كۆزلىرىڭگە تىكى-
لىپ قارىغۇم كەلدى، ئەمما ئۇنداق جاسارەت مەندە يوق ئىدى.
شۇنداقتىمۇ قېشىڭغا كېلىپ، سېنىڭ شېئىرلىرىمنى ئوقۇشۇڭغا
قاراپ ئولتۇردۇم، ئارىلىقىمىز پەقەتلا بىر غېرىچچە قالغانىدى،
چاچلىرىڭدىن تارالغان خۇش پۇراق مېنىڭ دىماغلىرىمغا ئۇرۇلات-
تى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— يازغانلىرىم بوپتۇمۇ؟

سەن ماڭا قاراپ چىرايلىق تەبەسسۇم بىلەن بېشىڭنى لىڭ-شىتتىڭ. مەن ئىختىيارسىز ھالدا مائۇس تۇتقان قولۇڭدىن تۇتۇپ باشقا ئەسلىمىلىرىمنى كۆرسەتمەكچى بولدۇم، قوللىرى-مىز تېگىشتى، ئىللىق ھارارەت قوللىرىڭدىن تومۇرلىرىمغا تارى-لىشقا باشلىدى. يۈرىكىم تىنىمسىز سوقاتتى، خۇددى سەن ھا-زىرلا ئالدىمدىن ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك، غايىب بولىدىغاندەك ...

— مەن قايتاي، ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، — دېدىڭ سەن بىر چاغدا.

— بىردەم مۇڭداشساق بولمامدۇ؟

— كېيىنچە ھە ... خوش، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىڭ ...

مەن ئارتۇقچە گەپ قىلالمىدىم، چۈنكى سېنى يەنە تۇتۇپ قېلىپ، باشقا ئىشلىرىڭغا دەخلى قىلغۇم يوق ئىدى. راستىمنى دېسەم، مۇشۇنچىلىك ۋاقىت چىقىرىپ قېشىمغا كەلگىنىڭمۇ چوڭ ئىش ئىدى. چۈنكى ۋاقىت ئالتۇندىنمۇ قىممەت ئەمەسمۇ، گۈل-نار!

سېنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئىشخانامغا قايتىپ كىردىم. يەنىلا سېنىڭ ھىدىڭ، خۇددى سەن باردەكلا ـ ھە! چاچلىرىڭنى پۈرد-غان ئىللىق سېزىم، تارتىنىش ھەم ئىنتىلىش ئىچىدىكى تاتلىق بىر سۆيۈش مېنى تېخىچە مەست قىلىپ قويغانىدى. ئۆزۈمچە لەۋلىرىمنى تۇتۇپ باقتىم، شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ يالغۇزلۇقۇمنى ھېس قىلىپ يەتتىم، تەنھالىق نەقەدەر ئازاب ـ ھە! تۇيۇقسىز يانفونۇمغا قىسقا ئۇچۇر سىگنالى كەلدى، ھاياجانغا چۆمدۈم، بۇ سېنىڭ ئىكەن ئەمەسمۇ! «ناخشا ۋە شېئىرلىرىڭىز بىلەن مېنى ئالدىدىڭىز ـ ھە!» دەپ يېزىپسەن. بۇ قۇرلار ماڭا شۇقەدەر جەلپكار تۇيۇلۇپ كەتتى، بۇ قۇرلىرىڭدىن مېنى تېخىمۇ ئۆز كۆرۈۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىپ، سەن خۇددى مېنىڭدەكلا تۇيۇ-

لۇپ كەتتىڭ. راست دەيمەن، سېنىڭ پەقەت مېنىڭلا بولۇشۇڭنى شۇقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم. شۇ كۈنى كېچىچە سېنى چۈشەپ چىقتىم، بىلەمسەن گۈلنار؟ كۆزلىرىمگە سەندىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمىدى، بۇ دۇنيادا سەندىن باشقا ھېچكىم يوقتەكلا – ھە! (گەرچە سېنى بىر قانچە ئايدىن بۇيان سېغىنىپ كېلىۋاتقان بولسامۇ، مانا ئەمدى تېخىمۇ چوڭقۇر ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلماقتا ئىدىم). كۈنلىرىم سېغىنىشقا تولغان ئازاب ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى.

«سىزنى بەك سېغىنىپ كېتىۋاتىمەن، قانداقمۇ قىلارمەن بۇ كۈنلەرنى ...» مەن ساڭا شۇنداق قىسقا ئۇچۇر يوللايتتىم پات-پات.

«مەنمۇ شۇ ... بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر ...»

سەنمۇ شۇنداق جاۋاب قايتۇراتتىڭ. مۇشۇنداق چاغلاردا ساڭا بولغان سېغىنىشىم تېخىمۇ ئۇلغىيىشقا باشلايتتى. تاتلىق ھەم ئازابلىق سېغىنىش يۈرىكىمدە ئۆركەشلەيتتى، بىز بارغانسېرى بىر – بىرىمىزنى شۇقەدەر ياخشى كۆرۈپ قالغانىدۇق. گاھىدا سېنى ئېلىپ ھەممىدىن ۋاز كېچىپ يىراقلارغا كەتكۈم كېلەتتى، شەھەرنىڭ ۋاراڭ – چۇرۇڭىدىن قۇتۇلغۇم، ئەتراپتىكى كۆزلەردىن خالىي خىلۋەت بىر ماكان تېپىپ سەن بىلەن خاتىرجەم ياشىغۇم كېلەتتى. ئەمما بۇ ھەر ئىككىمىزگە مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بىز ئۇنداق ئەخمەقلىق قىلالمايتتۇق، سېنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئائىلىمىز، بالىمىز بار ئىدى. مۇشۇنداق تۇرۇپ بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدۇق، بۇنى گۇناھ دېگىلى بولمايدۇ، بىز مۇھەببەتنىڭ بۇ كوچىسىغا زورلاپ كىرىۋالغىنىمىز يوق، تەقدىر بىزنى شۇنداق كېچىكتۈرۈپ تونۇشتۇرۇپ قويغانىدى، پىكىرلىرىمىزدىكى ئورتاقلىق بىزنى بارا – بارا ئاشىق – مەشۇقلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇمۇ تەقدىر – قىسمەتنىڭ بېشىمىزغا پۈتكىنى ئىدى، بۇنى ھېچكىمدىن كۆرگىلى بولمايت-

www.uyghurkitap.com

تى. ئېسىڭدىمۇ؟ «بىز ئائىلىمىزنى قوغدىمىساق بولمايدۇ» دې-
گەنىدىڭ بىر كۈنى ماڭا. راست، بىز ئائىلىمىزنى قوغدىشىمىز
كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇ يەردە سەبىي يۈرەكلەر بىزگە مۇھتاج
ئىدى، بىز ئۆزىمىزنى دەپ ئۇلارنىڭ بەختىنى نابۇت قىلساق
بولمايتتى. بىر دائىم شۇلارنى ئويلاپ ئازابلىناتتۇق، ئۆزۈمدىن
كۆرە سېنىڭ ئازابلىرىڭنى بەكرەك ھېس قىلاتتىم، ساڭا بەزىدە
ئىچىمىز ئاغرىپ قالاتتى، ساڭا ئاسانمۇ؟ مەنغۇ ئەر كىشى، ئەمما
سەن ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇ بىر مۇشكۈل ئىش ئىدى. ساڭا ئىچىم
ئاغرىغانسىرى سېنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتىم. ئەمما
بىز بىر يەرگە كېلىپ سىرداشقان چېغىمىزدىمۇ ئۆزىمىزنى شۇن-
داق تۇتۇۋالاتتۇقكى، ئارىمىزدا ئەخلاقىمىزغا ۋە ۋىجدانىمىزغا
خىلاپ ئىشلار يۈز بەرمەيتتى. سېغىنىش شۇقەدەر يوشۇرۇن
ئىدى، سېنى سېغىنغان چېغىمدا كومپيۇتېرىمنى ئېچىپ، يول-
تۇزنىڭ ھېلىقى ناخشىسىنى تەكرار ـ تەكرار ئاڭلاشقا باشلايت-
تىم، ئەمما بۇ چاغدا سېغىنىشلىرىم تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاتتى.
يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى كۆيۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى، ئىچىمدە
شۇنداق بىر ئوت — سېنىڭ ئوتۇڭ توختاۋسىز كۆيۈپ باراتتى.
راستىنى ئېيتسام، ساڭا چىدىمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم، يادىم-
دىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتىڭ، ھەتتا تاماق ئالدىمغا كەلگەندە-
مۇ سەن كۆز ئالدىمغا كېلەتتىڭ. سەن بىلەن بىر قاچا تاماقنى
بىللە ئولتۇرۇپ يېگۈم كېلەتتى. تولىمۇ ئېچىنىمەن گۈلنار،
مېنى ساڭا ئاشىق قىلىپ قويغان تەقدىر بۇنداق پۇرسەتنى بىزگە
بەرمىگەنىدى، مېنىڭ مۇشۇ ھالىتىمنى ئويلاپ يېتەمدىغانسەن،
گۈلنار؟ ناۋادا مۇشۇلارنى بىلسەڭ، مېنىڭ مۇھەببىتىمگە بولغان
قايىللىقىڭ تېخىمۇ ئاشاتتى ـ ھە!

بۈگۈن روھىي ھالىتىم ياخشى ئەمەس ھالدا ئىشقا كەلدىم،
ئىشخانامغا كىرسەم سەن ئولتۇرغان كرېسلو بىرىنچى بولۇپ
كۆزۈمگە چېلىقتى، خۇددى سەن ئۇ يەردە مېنى ساقلاپ ئولتۇر-

غاندەك ئۇزاققىچە قاراپ كەتتىم، ئارىدىن شۇنچە ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، سىنىڭدىن تارالغان خۇش پۇراق تېخىچە تاراپ كەتمىگەندەك قىلاتتى. نېمىشقا كۆڭلۈم يېرىم بىلەمسەن، گۈلنار! بەلكىم بىلمەيسەن، كېچىدىن چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپتۇ، بىز بىر-بىرىمىزگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەكمىز، ئەمما شۇنچە تېز ماڭساقمۇ ئارىلىقىمىز يېقىنلاشماستىن بەلكى بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقۇدەك ... ئارىمىزدا قۇرت - چايانلار يامراپ يۈرگۈدەك، يىلانلار شۇنداق جىق، قەدەمدە بىر دېگۈدەك كۆشۈلدىشىپ، ئىتلار ھاۋشىپ يۈرگۈدەك، گەرچە ئۇلار مەندىن قېچىۋاتسىمۇ سەندىن شۇنداق ئەنسىرەپ كېتىپتىمەن، ئۇلار ساڭا زەخمە يەتكۈزۈپ قويمىغىدى دەپ ئەنسىرەپتىمەن، چۈنكى سەن يىلاندىن بەك قورقىدىغانلىقىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەنىدىڭ، راست، يىلان دېگەن ئادەمنى چېقىۋالىدۇ. ئۇنىڭ زەھىرى بار ئەمەسمۇ! پۈتۈن بىر كۈن كۆڭلۈم يېرىملا ئۆتتى، شۇ كۈنى سەندىن ماڭا پەقەت تېلېفون كەلمىدى. تېخىمۇ ئەنسىرىدىم، مېنىڭ تولا چاغلاردا چۈشۈم ئوڭغا ماڭاتتى، شۇ سەۋەبتىنمۇ قولۇم زادىلا ئىشقا بارمىدى، كاللام قۇيقۇرۇق، پىكىرلىرىم چېچىلىپ تۇرىدۇ. ساڭا بىرەر كېلىشمەسلىك بولغانمىدۇ، دېگەن خىيال كاللامغا كىرىۋالدى. توۋا، ياخشى كۆرۈپ قېلىش دېگەن راستتىنلا مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟

ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، چۆچۈرىنىڭ خۇش ھىدى دىمىغىمغا ئۇرۇلدى، ئايالىم چىرايىمغا قاراپ كۆڭلى يېرىم بولغاندەك قىلدى:

— مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ مۇشۇ كۈنلەردە بىر قىسىملا يۈرىسىز، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىڭە بولمىسا، ئىشلەپ چارچاپ قالدىڭىزمىكىن - يا؟ ...

— ھېچ نەرىم ئاغرىمايدۇ بولمىسا ... ، — ئېرەنسىزلىك بىلەن جاۋاب بەردىم. شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا

www.uyghurkitap.com

پېتىنالمايۋاتىمەن، خۇددى بىر گۇناھكاردەك. راست، مەن گۇ-ناھكار ئىدىم، جىسمىم ئۆيدە، كۆڭلۈم تالادا بولغاندىكىن گۇناھ-كار بولماي نېمە بولىمەن.

چۆچۈرە شۇنداق ئوخشىغانىدى، ئەمما يېرىمىنى ئىچىدىلا گېلىمدىن ئۆتمىدى، نېمىشقىلىقىنى بىلەمسەن؟ گۈلنار! چۈنكى شۇ تاپتا ئىچىم ئاچچىق، يۈرىكىم كۆيۈۋاتىدۇ، ئېچىشىۋاتىدۇ، ساڭا چىدىمايۋاتىمەن، سەن زادى نەگە كەتتىڭ، ئۈرۈپ باقسام تېلېفونۇڭمۇ تاقاق، بېشىڭغا قانداق قىسمەت كەلگەندۇ؟ نېمىشقا مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويمىدىڭ، گۈلنار!

— ئىچىپ بولالماپسىزغۇ چۆچۈرىنى، تېتىمىدىمۇ؟

ئايالىمنىڭ سۆزى بىلەن خىيالىمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

— زادى نېمە بولۇۋاتىسىز، خىيالىڭىز بۇ يەردە ئەمەستەكلا تۇرىدۇ سىزنىڭ. مۇشۇ كۈنلەردە نېمە بولۇۋاتىسىز كىن - تاڭ؟

ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالدى. ئۇ خۇددى ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. دەل شۇ چاغدا يانفونۇم ساي-راپ كەتتى، ئىتتىك ئېلىپ قارىسام سىنىڭدىن كەلگەنىكەن. دەقىقە ئىچىدە تەمتىرەپ قالدىم، ئەمما نېمىلا بولسا سېنىڭ خەۋىرىڭنى ئاڭلىشىم كېرەك ئىدى. سېنىڭ مىسكىن ئاۋازىڭ ئاڭلاندى:

— تىنچلىقمۇ؟

ئايالىمنىڭ چىرايى ئۆزگەردى، سەنمۇ بۇ چاغدىكى ئوسال كەيپىياتنى سېزىپ قالغاندەك ئارتۇق گەپ قىلماي تېلېفوننى قويۇۋەتتىڭ.

— ئەسلى خىيالىڭىز بۇ يەردە دەڭە؟ ئايال كىمشىغۇ ئۇ، كىمتى؟

ئارتۇقچە چۈشەنچە بېرىپمۇ كەتمىدىم، چۈنكى بۇنداق ئەھ-ۋالدا ئاياللارغا چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايتتى، پەقەتلا «ئىشەن-

سەڭ، ئۇ خىزمەتدىشىم» دەپلا قويدۇم. شۇنداق قىلىپ ئايالىمـ
مۇ گۇماندا قالدى. ئەسلىدە بۇنداق ئىش يۈز بەرمىسە بولاتتى،
نېمە ئامال، بەزىدە تاسادىپىي ئىشلار سېنىڭ ئىرادەڭگە باقمايدۇ،
ئويلاپمۇ باقمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن، پېشانەڭگە پۈـ
تۈلگەن ئىشلار ئەنە شۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇ. ئايالىممۇ
ئارتۇقچە كـۆزۈمگە كـىرىۋالماي جـىممىدە ئـولتۇرۇپ قالدى.
ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر تامچە ياش خۇددى گۈل بەرگىدىكى شەبنەمـ
دەك ئېسىلىپ قالغانىدى.

مـەن سېـنىڭ تـۇيۇقسىز بـالنىستقا كىرىپ قالغانلىقىڭـ
نى نەدىن بىلەي، گۈلنار! ساقسىز بولۇپ قالغانلىقىڭنى بىلىپ
يۈرىكىم پارە بولۇپ كەتتى. مەن مىڭ بىر مۇشەققەتتە سېنى
يوقلاپ كىرىشكە پۇرسەت تاپتىم، سېنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئېچىـ
شىپ كەتتى، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا خېلى جۇدەپ قاپسەن.
ماڭا تەبەسسۇم بىلەن كۈلىدىغان كۆزلىرىڭ كىچىكلەپ قالغاندـ
دەك، نۇرسىز كۆرۈنەتتى. ساڭا بىردىنلا ئىچىم ئاغرىپ قالدى،
قـوللىرىڭنى تـۇتتۇم، بـۇرۇنقى چـوغدەك ھـالىتىڭدىن ئەـ
سەرمۇ يوق ...

— نېمە بولدىڭىز، باشقىچىلا بوپقاپسىز؟ — شۇنداق دېدىم
كۆڭلۈم يېرىم ھالدا.

— كېرەك يوق، ئۆپكە ياللۇغى بوپتىمەن، ئۇزاققا قالماي
ساقىيىپ كېتىمەن، ئەنسىرىمەڭ، سىزنى تولا ئويلاپ شۇنداق
بولغان ئوخشايمەن، — سەن شۇنداق دېدىڭ يۆتىلىپ تۇرۇپ.

— خۇدا شىپالىق بېرەر، — دېدىم ساڭا تەسەللى بېرىپ.

— ئەمدى قايتىپ كېتەمسىز، باشقىلار كىرىپ قالمىسۇن
يەنە.

سەن بىز بىر يەرگە كەلگەندە دائىم شۇنداق دەيتتىڭ، ئۇـ
زاقراقمۇ بىر يەردە تۇرالمايتتۇق، بۇ سېنىڭ مېنى ئايىغىنىڭ،
شۇنداقلا ئۆزۈڭنىمۇ ئايىغىنىڭ ئىدى. بارا ـ بارا مېنى نەقەدەر

www.uyghurkitap.com

ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

قېشىڭدىن كۆڭلۈم يېرىم بولغان ھالدا قايتىپ چىقتىم. ئەمما كۆڭلۈم، كۆزلىرىم ئارقامدا قالدى، سېنى دەپ، سېنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ يۈرىكىم قېشىڭدا قالدى. بىلەمسەن، گۈلنار شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ بەختلىك ھەم بەختسىز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. بەختلىك يېرىم سېنى كېچىكمەي بولسىمۇ تەقدىرنىڭ ئۇچراشتۇرغىنى بولسا، بەختسىزلىكىم بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە قېشىڭدا تۇرۇپ ھەمراھ بولالمىغانلىقىم ئىدى. مېڭىۋاتىمەن، يول مېنى مېڭىۋاتامدۇ ياكى مەن يولنى مېڭىۋاتامدىم، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى، يۈرىكىم ئۇنسىز، پىنھان ياش تۆكمەكتە. ئەتراپىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ماڭا قارىغاندەك قىلاتتى، ئەمما كىمنىڭ ماڭا نەزەر تاشلىشى ماڭا بەرىبىر ئىدى. مەن خۇددى سېزىمىنى يوقاتقان ئادەمدەك نىشانسىز كېتىپ بارىمەن.

كەچتە ئۆيگە كەلسەم ئايالىم مېنى ئىللىق چىراي كۈتۈۋالدى:

— كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ، سۇيۇقئاش ئەتتىم، ئىسسىقىدا ئىچىۋېلىڭە، — دېدى ئۇ ئاش ئۇسسۇۋېتىپ. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ئۇ ئېغىر - بېسىق، مۇلايىم، چىقىشقاق ئايال. راستىنى دېسەم تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ بىلەن چوڭراق جېدەل - ماجىرا قىلىشىپ باقمىنىمىز يوق ئىدى، توۋا، بىرلا ۋاقىتتا ياخشى كۆرىدىغان ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىش نەقەدەر ئازابلىق ئىش - ھە! مۇشۇنداق ئويلىغان چاغلىرىمدا ئىچ - ئىچىمدىن ئازابلىنىمەن، گۈلنار! مېنىڭ ئەسلى ساڭىمۇ، ئايالىمغىمۇ يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلغۇم يوق ئىدى. ئەمما شۇنداق قىلماي دېسەممۇ سېنى شۇقەدەر ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. بەزىدە كەلگۈسۈم تولىمۇ قاراڭغۇ بىلىنەتتى، ئۆزۈمنى ئايىغى چىقماس بىر تۇيۇق يولغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك ھېس

قىلىپ قالاتتىم.

— قېشىمغا كەلگىنە، ساڭا گېپىم بار ئىدى، — دېدىم ئايالىمغا بىر چاغدا. ئۇ قېشىمغا كېلىپ ئولتۇردى، مەن ئۇنىڭ قازان بېشىنىڭ تۈگىمەس ئىشلىرىدىن يىرىكلىشىپ كەتكەن ئالىقانلىرىنى، ۋاقىتسىز ئاق سانجىلغان چاچلىرىنى مېھرىم بىلەن سىلىدىم.

— ۋاي، نېمە بولدىڭىز بۈگۈن، ئامراقلىقىڭىز كېلىپ قاپتۇغۇ، — ئۇ شۇ تاپتا مېنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى قىلچە چۈشەنمەيتتى.

— كەچۈرگىن، بىز ئايرىلىپ كېتەيلى.

— ساراڭ ...، — ئايالىم شۇنداق دېگىنىچە يۈزۈمگە نوقۇپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇ مېنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغاندى.

— كەچۈرگىن، بۇنداق ئۆتۈۋەرسەم ساڭىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن، بىز ئايرىلىپ كېتەيلى، — مەن شۇنداق دەپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم، ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ چاناقلىرىدىن سىرغىپ چۈشۈپ مەڭزىگە كېلىپ توختىدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قايتا بىر قاراپ قويۇپ تالاغا ماڭدىم ۋە ئىشىك ئالدىدا توختاپ:

— شۇنداق بولسۇن، ياخشى ئويلان، مېنى كەچۈرگىن، مەن شۇنداق قىلىش قارارىغا كەلدىم، — دېدىم - دە، پەلەمپەيدىن ئىتتىك مېڭىپ چۈشۈپ كەتتىم. ئۇزاق ئۆتمەي يانفونۇمنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— نەگە ماڭدىڭىز؟ قايتىپ كېلىڭە ئادەمنى ئەنسىرەتمەي، — بۇ ئايالىمنىڭ ئاۋازى ئىدى، مەن ئۇنىڭ يىغلامسىراۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئەمما مەن يەنە كەينىمگە يانسام بولمايتتى، ئۆزۈمنى ئازابلاپ يەنە بۇنداق ئۆتۈۋەرسەم يەنىمۇ كىچىكەتتىم، ھاياتلىقتا كىچىككىشىنىڭ ئۆزى ئەڭ زور بەختسىزلىك، ئەڭ چوڭ خاتالىق ئىدى. مېنىڭچە بولغاندا ھەممە تراگېدىيە كىچىككىشتىن

كېلىپ چىقاتتى. مېنىڭ بېشىمغا كېلىۋاتقان بۇ ئازابلىق كۆڭلەر-مۇ دەل ئاشۇ كېچىكىشتىن كېلىپ چىققانىدى. مېنىڭچە بولغاندا، يەنە كېچىكسەم بۇ ئازابلىق تۇرمۇشۇم بىر تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىپ قېلىشى ئېنىق ئىدى.

مەن ئالدىمغا قاراپ نىشانسىز مېڭىۋەردىم، ئاخىرقى كۈز-نىڭ ئاچچىق سوغۇقى يۈزلىرىمگە نەشتەردەك سانجىلاتتى، ئېرىن-چەكلىك بىلەن لەيلەپ چۈشۈۋاتقان ئالتۇن يوپۇرماقلار كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى. غەشلىك ئۈستىگە غەشلىك قوشۇلۇپ، ئىچىم تېخىمۇ سىقىلىشقا باشلىدى، شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋات-قانسەن، گۈلنار؟ مېنىڭ ساڭا شۇقەدەر ئاشىق ئىكەنلىكىمنى، ساڭا نەقەدەر ئامراقلىقىمنى، سېنىڭ ئۈچۈن سېغىنىش ئازابىدا قىينىلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپ يېتەلىگەنسەنمۇ؟ تۇيۇقسىز يانفونۇمنىڭ سايرىغان ئاۋازى دىققىتىمنى بۆلدى:

— تىنچلىقمۇ ئاداش، نەدىسەن؟

بۇ ئابلىمىت دېگەن دوستۇمنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— نەدىلىكىمنى ئۇقمايمەن، ئىشقىلىپ تالادا.

— نېمە دەيدىغاندۇ ما ئاداش، ئاق قۇ رېستورانىغا كېلە باشتا، — ئۇ شۇنداق دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

«ئاق قۇ رېستورانى» بۇ شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان داغلىق رېستوران بولۇپ، قەدىمىي ئۇيغۇر بىناكارلىقى ئۇسلۇبى-دا نەقىشلەنگەن بۇ رېستوران كىشىگە راھەت تۇيغۇسىنى بېغىش-لايتتى. رېستوراننىڭ ئالدى خۇددى قايناق بازاردەك ئادەملەر بىلەن تولغان بولۇپ، ھەر خىل پاسوندا ياسىنىۋالغان قىز - يىگىتلەر تولىمۇ ئالدىراش كۆرۈنەتتى. ماڭا ئانچە يىراق بولمى-غان يەردە بىر جۈپ قىز - يىگىت ھېچنېمىدىن پەرۋاسىز ھالدا بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ ھەدەپ سۆيۈشۈۋاتاتتى. بۇ كۆرۈ-نۈشنى كۆرۈپ ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچتى، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى - ھە؟ ئاتا - ئانىسىنىڭ، ھېچبولمىغاندا چوڭلار-

نىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن نومۇس قىلمامدىغاندۇ، تۇۋا! ! ! مەن بۇ نائەقلىلەردىن يىرگەنگەن هالدا ئابلىمىت دېگەن ئايرىمخانىغا كىردىم. كۆڭلۈم يەنىلا غەش ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— كېلە ئاداش، كېلە …

ئاغىنىلەر مېنى كۆرۈپ گۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇشتى، بۇ يەردە مەن كۆرۈپمۇ باقمىغان تۆت قىز ئولتۇراتتى، ئۇلاردىن تارالغان ئۆتكۈر ئەتىر ھىدى ئايرىمخانىنى بىر ئالغان بولۇپ، دىماغلارنى ئېچىشتۇراتتى.

— ئەمدى ياخشى بولدى مانا، بىرگە بىر بولدۇق، — دېدى ئابلىمىت مېنى قىزلارغا تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، — بۇ ئاغىنەم كارامەت جۇمۇ قىزلار، تالىشىپ قالماڭلار يەنە …

ئابلىمىتنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا قىزلارنىڭ جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى ئايرىمخانا ئىچىنى لەرزىگە سالدى. قارىغاندا ئۇلارمۇ سەل قىزىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان بىرىنى «چا-لىقۇش» دەپ تونۇشتۇردى، ئاغىنىلەرنىڭ قۇلىقىمغا كۇسۇلداپ دەپ بېرىشىچە، بۇ تورغا چىققاندا قوللىنىدىغان ئىسمى ئىكەن. مەن بۇ يەردە زادىلا ئېچىلالمىدىم، ئاغىنىلەرنىڭ زورلىشى بىلەن بىرنەچچە رومكا ئىچىپ قويغان بولساممۇ، كۆڭلۈمدىكى غەشلىك خۇددى ئاسماندىكى قارا بۇلۇتتەك تېخىچىلا كۆڭۈل ئاسمىنىمدا ئەگىپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىز «چالىقۇش» نىڭ يانفونى سايراپ كەت-تى، ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ بارمىقىنى تۇمشۇقىغا ئاپىرىپ جىم بولۇڭلار دېگەن مەنىدە «ئۇش» قىلغاندىن كېيىن، ئېغىز ئاچ-تى:

— ئاپئاق بالام، چىرايلىق بالام، سىز بەك ياخشى، يىغلى-ماڭ ـ ھە، مەنچۇ بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىدە. ئۇ ئاپاشچۇ ئاغرىپ قاپتۇ، يىغلىماي ئويناپ تۇرۇڭ، ماقۇلمۇ، ھېلى بارغاندىچۇ سىزگە «ئالپىللا» ئاپىرىپ بېرىمەن …

مەن سورۇندىكىلەرگە قارىدىم، ئۇلار خۇددى گاچا بولۇپ قالغاندەك جىممىدە ئولتۇرۇشاتتى. ئارىدىن يەنە بىرىنىڭ يانفونى سايراشقا باشلىدى. ئۇمۇ ھېلىقىدەك قول ئىشارىسى قىلغاندىن كېيىن، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى:

— ھە، نېمە بولدى، قىزلار بىلەن ئولتۇرغان شۇ، ھە بارمەن ھېلى، ئۇخلاپ تۇرە بالىلارغا قارىغاچ ... — ئۇ شۇنداق دەپلا يانفونىنى بېسىۋەتتى، قارىغاندا ئۇنىڭ ئېرىدىن كەلگەن تېلېفوندەك قىلاتتى.

— ئوھۇش، يانفونۇمنى تاقىۋېتەيچۇ، ھېلى ئا بىر نېمىمۇ تېلېفون قىلغىلى تۇرمىسۇن، يەنە، — دېدى يەنە بىرى يانچۇقىدىن يانفونىنى چىقىرىپ.

— مەنمۇ تاقاي ئەمىسە، — دېدى باياتىندىن بېرى جىق گەپ قىلماي ئولتۇرغان يەنە بىرى خۇددى ئەمدى ئەقلىنى تاپقاندەك.

— شۇنداق قىلىڭلار بولسا، تاقىمىساڭلار كېلىۋېرىدۇ ئۇ تېلېفون، — بۇ ئابلىمىتنىڭ ئاۋازى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن سورۇن قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى، چوغدەك لەۋلەر ئاناردەك ئىشلەنگەن قىپقىزىل مەينى خۇددى «غەرىبكە ساياھەت» تىكى ئالۋاستى قان ئىچكەندەك يۇتاتتى، ئىلى ھاراقلىرى توختىماي ئايلىناتتى، لېكىن مېنىڭ كەيپىم يەنىلا ناچار، بارغانسېرى جۇدۇنۇم ئۆرلىمەكتە، پەقەت چىدىيالمىدىم:

— سىزنىڭ بالىڭىز قانچە ياشقا كىردى؟ — سورىدىم «چالىقۇش»تىن.

— تۆت ياشقا، — پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى ئۇ قولىدىكى رومكىنى بوشىتىۋېتىپ.

— سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىز پەقەت بولمىدى، تۆت ياشلىق بالىنى ئالدىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ ئۇ دېگەن سىزنىڭ كەلگۈسىڭىز تۇرسا ...

بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. مەن

دوستلىرىمنىڭ توسقىنىغا قارىماي بىرمۇنچە قايىنىدىم - دە،
ئۆرنۇمدىن تۇرۇپ «تولىمۇ ئېپلاسكەنسىلەر، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ
ئۆزۈمنى بۇلغىغىم يوق!» دېگىنىمچە سورۇندىن چىقىپ كەت-
تىم، سورۇن خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك
جىمىدە بولۇپ قالدى.

شۇ ئەسنادا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنسەن، گۈلنار! ئەمما مەن
كېتىۋاتىمەن، كوچىدا ئادەملەر شالاڭلاشماقتا، ئاخىرقى كۈزنىڭ
ئاچچىق شامىلى بەدىنىمگە سوغۇققىنە ئۇرۇلماقتا، كۆڭلۈم بەك-
مۇ پەرىشان، ئىچىم ئاچچىق، خىيالىم چىچىلاڭغۇ ھالەتتە كېتىۋ-
ۋاتىمەن، گۈلنار! سەن كۆز ئالدىمغا كەلدىڭ، ساڭا ئۇچۇر
قىلماقچى بولۇپ يەنە تۇرۇپ قالدىم، نېمە دەيمەن؟ مەن تالادا
دەمدىم؟ ياق! ئۇنداق دېسەم سەن تېخىمۇ ئازابلىنىسەن، ئادەم
بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەندە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىنى
سېغىنىدۇ دەيدۇ، بۇ راست ئىكەن. شۇ تاپتا سېنى، يىراقتا
قالغان تەنھا ئاپامنى ئويلىدىم. تۇرۇپلا يەنە ئايالىم يادىمغا كەل-
دى، ئۇ شۇتاپتا نېمىش قىلىۋاتىدىكىن؟ مەندىن رەنجىپ ئولتۇ-
رامدىغاندۇ ياكى ئۇخلاپ قالغانمىدۇ؟ سەن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈ-
نۈمدە سوۋغا قىلغان سائىتىمگە قارىدىم، كېچە سائەت ئون بىر-
دىن ئېشىپتۇ، سائەتكە قاراپ يەنە سېنى شۇنداق سېغىنىدىم، سەن
خۇددى مۇشۇ سائەتتەك ماڭا ھەمراھ بولساڭ، مېنىڭ بىلەكلى-
رىمگە ئېسىلىپ مەن بىلەن بىرگە ماڭغان بولساڭ، ئۆزۈمنى
نەقەدەر بەختلىك ھېس قىلاتتىم - ھە؟! شۇ تاپتا نەگە بېرىشىم-
نى بىلمەيتتىم، كوچىدا مەقسەتسىز مېڭىپ يۈرىمەن، بىر چاغدا
يانفونۇم سايراپ قالدى، قارىسام ئۆيدىن كەلگەنىكەن، خېلى
ئۇزۇندىن كېيىن تېلېفوننى ئالدىم.

— نەدە سىز؟ ئادەمنى ئەنسىرەتمەي قايتىپ كىرىڭە، تالا
سوغۇق تۇرسا، سوغۇق ئۆتۈپ قالامدۇ، يېلىڭلا چىقىپ كېتىپ-
سىز ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئايالىمنىڭ ئاۋازى غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقىۋاتاتتى، مەن ئۇ-نىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ هارغۇچە يىغلاپ چىققانلىقىنى بىلدىم، ئۇنىڭغا يەنە ئىچىم ئاغرىپ قالدى:

— باللارچۇ؟

— ئۇخلاپ قالدى، — ئايالىم شۇنداق دەپ پاڭىدە يىغلى-ۋەتتى. مەن ئۆيگە قايتىپ كەتمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ئويلى-دىم، ئۆيگە كىرسەم ئورنىم سىلىقلىق تۇرۇپتۇ، ئايالىمنىڭ كۆزلىرى قىزارغان بولۇپ، چاناقلىرىدىكى ياش هازىرلا تۆكۈلۈپ چۈشىدىغاندەك لىغىرلاپ تۇراتتى.

— چاي ئىچىڭە، توڭلاپ كېتىپسىز ...، — ئەتىرگۈل چېيىنىڭ خۇش ھىدى دىمىغىمغا ئۇرۇلدى.

— سەن ئۇخلاۋەرگىن ...

بىلەمسەن گۈلنار؟ خىلىغىچە ئۇيقۇم كەلمىدى، سېنى ئويـ-لىدىم، ئازابلىنىۋاتىمەن، ئىككى پارچە ئوتنىڭ ئىچىدە قىلدەك تولغىنىۋاتىمەن، سەنمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى ئەرنىڭ ئوتتۇ-رىسىدا قالدىڭ، سېنىمۇ ئىككى پارچە ئوت قانچىلىك قىيناۋاتى-دىغاندۇ ـ هە؟! مېنىڭچە، ياخشى كۆرىدىغان ئىككى ئەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان ئايالغا تېخىمۇ تەس ئىدى، ئەمما سەن بۇ ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتىسەن گۈلنار! سەن هېلىھەم كۆز ئالدىمدا، كۈلۈمسىرەپ تۇرىسەن، مېنى چاقىرىۋاتىسەن ... سەن بىر قېتىم «بىر خەت يازاي، ئوقۇيالامسىز؟» دەپ، مېنىڭ دۈمبەمگە «بەزىدە سىزنى مېنى ئالداپ قويامدىكىن، دەپ ئويلاپ قالىمەن» دەپ يازغانىدىڭ. سېنىڭ ئاشۇ سۆزۈڭنى هەر قېتىم يادىمغا ئالغىنىمدا يۈرىكىمدىن بىر خىل ئىللىق هارارەت ئېقىشقا باشلايدۇ. ئەقلىمنى يىغىپ چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولىمەن، ئايىغى چىقماس خىياللار ئىچىدە يەنە قىينىلىمەن. توۋا! تەقدىر-نىڭ چاقچىقى نەقەدەر دەهشەتلىك ـ هە؟! مېنىڭ كەلگۈسۈم ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقىدىنمۇ يىراقمۇ، نېمە؟ بەزىدە ئوي-

لاپمۇ تېگىگە يېتەلمەي قالىمەن دېسە!

سېنى نەقەدەر ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمغا ئىشىنەمسەن، گۇلنار؟ بۇگۈنكى ئولتۇرۇشتىمۇ سەن كۆز ئالدىمغا كەلدىڭ، ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ خۇددى ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغان بىر ئىشنى قىلىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ مېنى چىرمىۋالدى، ساڭا دەپ بەرگىنىم ئېسىڭدىمۇ؟ مەن بىر ئىش بىلەن ئىدارەڭگە كىرىپ كېتىۋېتىپ سېنى پەلەمپەيدە ئۇچرىتىپ قالدىم، غولۇڭغا چۈشۈپ تۇرىدىغان قۇندۇزدەك قارا چاچلىرىڭ سېنىڭ قەدەملىرىڭگە ماس ھالدا خۇددى ئۇسسۇل ئوينىغاندەك تولغىناتتى. بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قېلىشى بىلەن سەن تېزلىكتە يەرگە قارىغىنىڭچە قېشىمدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدىڭ، كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سېنى تەقدىرنىڭ ماڭا قايتا ئۇچرىتىپ قويۇشىنى كىممۇ ئويلىغان دەي-سەن؟

قانداق تاڭ ئاتقانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەتىسى يانفونۇمغا «تىنچلىقمۇ، قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز، بۇگۈن كېچە سىزنى چۈ-شەپ چىقىپتىمەن، سىزنى شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتىمەن، بەك ئەنسىرىدىم» دەپ ئۇچۇر يېزىپسەن. ئەنسىرىگىنىڭ راست گۇل-نار! مەن ئاخشام ئۆلۈمنىڭمۇ بەزىدە بەخت ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالغانىدىم، ئەمما ئۆلۈۋېلىش ئاسان ئەمەس، مەن كېتىپ قالسام سەن، بالىلىرىم، ئايالىم مەڭگۈلۈك دەردتە قالىدۇ، ئۇلار كىمگە سارغىيىپ، كىمگە تەلمۈرۈپ يۈرىدۇ. سېنىڭ ئېچىشقان يۈرە-كىڭگە كىم تەسەللى بېرىدۇ؟ شۇلارنى ئويلىسام مەڭگۇ ياشىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپ قالىمەن.

ئەتىسى دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا ۋاقتىراق ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئايالىم سەھەر تۇرۇپ، بىزگە چاي تەييارلىغاچ ئۆينى يىغىشتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ گويا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك خاتىر-جەم ھالدا ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى، ئۇ گويا تۈنۈگۈن-كى ئىشلارنى بىر چۈش ياكى بىر چاقچاق دەپ چۈشەنگەندۇ،

www.uyghurkitap.com

ئەمما مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلمىغانىدىم. بۇ تەقدىرنىڭ بىزگە قىلغان چاقچىقى ئىدى.

— كېلىڭلار ناشتا قىلىمىز، — دېدى ئايالىم بىز تەرەپكە قاراپ.

— مېنىڭ قورسىقىم توق، — بۇ قىزىمنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— تېخى ناشتا قىلمىسىڭىز قانداق توق بولىدۇ، كېلىڭ ناشتا قىلايلى، — دېدىم مەن قىزىمنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ.

قىزىم نېمىگىدۇر رەنجىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئوغلۇممۇ بىر بۇلۇڭدا ماي تارتقىنىچە تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا «تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى بىلىپ قاپتۇ ـ دە» دېگەن خىيال كاللامغا كەلدى.

— مەن مەكتەپكە بارمايمەن، بالىلار مېنى زاڭلىق قىلىشىۋاتىدۇ، ئاپاڭ بىلەن داداڭ ئاجرىشىپ كېتىدىكەن دەپ ...، — قىزىمنىڭ كۆزلىرىدىكى لىققىدە ياش هازىرلا تۆكۈلۈپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتى.

تولىمۇ تەڭلىكتە قالدىم، شۇ تاپتا نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. باللارغا قاراپ ئىچىم ئاچچىق بولدى.

سەن بولغان ئىشلارنى ئاڭلاپ بىر هازا تۇرۇپ كەتتىڭ ۋە تولىمۇ مىسكىن ئاۋازدا ئېغىز ئاچتىڭ:

— پەرهات، سىز كىچىك بالىمۇ، نېمە؟ بۇنداق چوڭ ئىشقىمۇ تەنتەكلىك قىلامسىز. باللارنى ئويلىمامسىز، بىز ياخشى كۆرۈشۈپ قالدۇق دەپلا ئالدى ـ كەينىمىزگە قارىماي ئىش قىلساق بولماس ...

— پەقەت چىدىمىدىم، ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟

— مەنمۇ بىلمىدىم، بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، سىز بولسىڭىزمۇ مېنى چۈشىنىڭ ...، —سېنىڭ ئاۋازىڭ تىترەۋاتاتتى، سۆزلەۋېتىپ بىر چاغدا جىممىدە تۇرۇپ قالدىڭ، بۇ هالەت

تىڭدىن ۋۇجۇدۇڭنى يىغا قاپلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. سى-
نىڭ شۇ تاپتا مېنى دەپ ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭ ئېنىق ئىدى.
بىلەمسەن، گۈلنار! سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم
بىر خىللا بولۇپ قالدى، بۇ ئىشتا سېنى ئەيىبلىسەم تېخىمۇ
بولمايتتى، مەن تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرىمەن، ئەمما خىيالىم
سەندە، تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈشلەر خىيالىمغا كىرىپمۇ چىقماي-
دۇ، ئەنە شۇنداق ئايىغى چىقماس خىياللار ئىچىدە يېرىم كۈن
ئۆتۈپ كەتتى، پات - پات يانفونۇمغا قاراپ قويىمەن، ئەمما
سەندىن ھېچ خەۋەر يوق، شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانسەن؟
مېنى ئەيىبلەۋاتامدىغانسەن ياكى ماڭا ھېسداشلىق قىلىۋاتامدىغان-
سەن؟ بىر دانا: «ياخشى كۆرۈشنى تەسەللى بىلەن پەسەيتكىلى
بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئەپچىل چارىسى ياخشى كۆرگەن ئادەمنى ۋىسا-
لىغا يەتكۈزۈش» دەپتىكەن. ئەمما بىز ۋىسالغا يەتكىلى بولمايد-
غان ئايىغى چىقماس بىر مۇھەببەت قايىنىمىغا كىرىپ قالغانى-
دۇق. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى سەن تولا رەنجىيدىغان بولۇپ قالدىڭ،
چۈنكى مەن بەك كۈنلەمچى ئىدىم، سېنى تولا كۈنلەپ رەنجىتىپ
قوياتتىم، سەن مۇشۇنىڭدىن رەنجىپ قالاتتىڭ، ھەتتا بەزىدە
مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمدىن گۇمانلىناتتىڭ، گۇمانلانغان-
سېرى تېخىمۇ ئازابلىنىپ، ماڭا ماي تارتىپ قالاتتىڭ. ئاخىر
يەنە بىر - بىرىمىزنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن مۇشۇنداق
قېيىداشنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتۇق. نۇرغۇن تالاش
- تارتىش ۋە قېيىداشتىن كېيىن، خۇددى ئىچىمىز بوشاپ
قالغاندەك، بىر - بىرىمىزنى قايتىدىن چۈشىنىپ يەتكەندەك
بولۇپ قالاتتۇق، بۇ چاغدا خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى پارلىغان
قۇياش نۇرىدەك ھەممە بىئاراملىق يوقىلىپ، كۆڭۈللەر ئېچىلىپ
قالاتتى.

مەن ئاخىر ئاجرىشىپ كەتتىم. ئايالىم كۆز ياشلىرىنى
سۈرتكەن ھالدا كەينىگە يېنىشلاپ قاراپ ئۆز يولىغا كېتىپ

قالدى. مەن بۇ ئىشنى ساقىمۇ دېمەي بىر كۈنى كەچ قىلدىم، كاللام قوپقۇرۇق، كۆڭلۈم بىئارام ئىدى. ئاخىر يەنە سەن بىلەن كۆرۈشۈشنى لايىق تاپتىم. سېنى شۇنداق كۆرگۈم كەلدى، سې-نىڭ شۇ تاپتا قېشىمغا كېلىپ مېنى باغرىڭغا بېسىشىڭنى، مېنى تەبرىكلەپ مەن بىلەن بىرگە ياشىشىڭنى ئارزۇ قىلاتتىم. توغرا، جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولمايتتى. مېنىڭچە، بىز شۇنداق قىلىشمىز كېرەك ئىدى، ئەمدى ماقىمۇ بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى، بۇ مېنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىم ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەل ئىدى. سەن ئۈچۈن يەنە ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ياڭ-مايتتىم، سېنى سۆيگەنلىكىم ئۈچۈن ئوتقا كىر دېسەڭمۇ كىرىش-كە تەييار ئىدىم. سەن مېنى چۈشىنەمسەن، گۈلنار! ئەمما شۇ كۈنى سېنى پەقەت تاپالمىدىم، يانفونۇڭمۇ تاقاق، ئۈچۈر قىلسام-مۇ جاۋاب قايتۇرمىدىڭ، مېنى ئەنسىرەش، گۇمانلىنىش، سېغى-نىش ئوتلىرى قوشۇلۇپ تېخىمۇ قىيناشقا باشلىدى. نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىڭ تا ھازىرغىچە ماڭا قاراڭغۇ، بىرەر كېلىش-مەسلىك بولغانمىدۇ دەپ شۇنداق ئەنسىرىدىم، ئەمما سەن يوق، جىمجىتلا ... ئۈچىم سىقىلدى، نېمىلا بولسا مېنى خەۋەرلەندۈ-رۈپ قويۇشۇڭ كېرەك ئىدىغۇ، مېنىڭ ساڭا چىدىمايدىغانلىقىمنى شۇقەدەر ئېنىق بىلەتتىڭغۇ، ئەجەبا، ئەمدىلىكتە مەندىن بىزار بولدۇڭمۇ ـ يا؟ ياق! بۇ كۈنلەر ھەرگىز بېشىمغا كەلمىسۇن، سېنى سۆيىمەن گۈلنار!

كەچ كىرگەندە بىر دوستىمىزنىڭ توي ئىشى سەۋەبلىك ئاغىنىلەر بىلەن يەنە ئولتۇرۇپ قالدۇق. بىز يىغىلغان ئورۇن شەھەرنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان، ئەمما خېلى ئاۋات بولغان «ئاق قوشقار رېستورانى» ئىدى. بىز ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىر ئايرىمخانىغا جەم بولغاندۇق، رېستورانغا كىرىپ ـ چىقمۇاتقانلار خېلى جىق ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىراپ سۆز-لەشلىرى قولاق ـ مېڭىنى يەيتتى، بەزىلىرى دوستلىرىنى بۇ

يەرگە چىللاپ تېلېفون قىلىشاتتى. شۇ ئارىلىقتا مەن سېنى كۆرۈپ قالدىم، سەن بىرىنى قولتۇقلىغان ھالدا بىز ئولتۇرغان ئايرىمخانىنىڭ يانتۇ ئۇدۇلىدىكى ئايرىمخانىغا كىرىپ كەتتىڭ، سەن ماڭا دىققەت قىلمىدىڭ. بىلەمسەن، يۈرىكىم «پىژژىدە» قىلىپ قالدى. شۇ دەقىقىدە مېنى دەھشەتلىك بىر رەشك ئوتى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى، يۈزلىرىم ئوت بولۇپ يېنىپ كۆيۈشكە باشلىدى. تومۇرلىرىمدىكى قان خۇددى دولقۇنلۇق دەريادەك كۆ-ۋەجەيتتى. رەشك ئوتىنىڭ قىينىشىغا ئەگىشىپ ساڭا بولغان بىر خىل ئۆچمەنلىك بارلىق تەپەككۇرۇمنى ئىگىلىۋالدى. ساڭا يې-قىنلا يەردە تۇرىمەن، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ سېنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازىڭ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن دوستلىرىمنىڭ چاقىرىشى بى-لەن ئەسلىمگە كېلىپ ئۆز جايىمغا كەتتىم، چىرايىم تۇتۇلۇپ كەتكەن چېغى ئاغىنىلەردىن بىرى ئېغىز ئاچتى:

— نېمە بولدۇڭ ھوي ئاداش، چىرايىڭ تاتىرىپلا كېتىپتۇ؟

— ھېچ ··· ھېچنېمە ···، — پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردىم، لېكىن شۇ تاپتىكى كەيپىياتىمنىڭ ئوساللىقى ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. «توۋا، سېنىڭ ئەسلىي يوقاپ كېتىشىڭ بىكار ئەمەس-كەن ـ دە! خەپ، مېنى ئالداپ خەقنى تېپىۋالغىنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەيسەن» دېگەن خىيال كاللامدىن چاقماقتەك يالت قى-لىپ ئۆتتى. مېنىڭ ئەشەددىي كۈنلەمچى ئىكەنلىكىمنى بىلەتتىڭ-غۇ، گۈلنار! مېنىڭ شۇ تاپتا قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلالىشىڭ مۇمكىنمۇ؟! مېنىڭ سېنى شۇنچە ياخشى كۆرى-دىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقىمۇ شۇنداق ئىشنى قىلغاذ-سەن ـ ھە!

بىر چاغدا قارىسام يانفونۇمدا سېنىڭ ئۇچۇرۇڭ تۇرۇپتۇ. «سىلەرمۇ بۇ يەردە ئولتۇرغانمۇ؟ كەچۈرۈڭ، بەزى ئىشلارنى كېيىن سىزگە چۈشەندۈرۈپ قوياي ··· سورۇندا خۇشال ئولتۇ-رۇڭ، ھازىر قولايسىز ···» بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ سەن خۇددى

مېنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، مەن ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇۋاتامدىم ياكى ئولتۇرۇش مەندە ئولتۇرۇۋاتامدۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن، بىردەمدىلا مەست بولۇپ قالدىم، تالاغا قانداق چىقىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، سەن ئولتۇرغان ئايرىمخانىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە يەنە قىزلارنىڭ جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى، ئەلۋەتتە بۇ جاراڭلىق كۈلكىنىڭ ئىچىدە سېنىڭمۇ ئاۋازىڭ بار ئىدى. چۈنكى سېنىڭ ئاۋازىڭ ماڭا بەك تونۇش ئىدى، سەن ئادەم دېڭىزىدا كېتىۋاتساڭمۇ ئاۋازىڭدىن، مېڭىشلىرىڭدىن سېنى تونۇۋالالايتتىم. بىلەمسەن، گۈلنار! ئەمما سەن ماڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلدىڭ، ئادەم بار - يوق دېمەي قولتۇقلىشىپ يۈرىسەن، بۇ سېنى شۇنداق ياخشى كۆرگەنلىكىمنىڭ جاۋابىمۇ؟

دەل شۇ چاغدا سەن ئولتۇرغان ئايرىمخانىدىن سەن بايا قولتۇقلىشىۋالغان بودەك چىقىپ كەلدى ۋە قېشىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ماڭا قاراپ ھومىيىپ قويدى. بۇ ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك بىر ئىش بولدى، ئۆزۈمنى تۇتالماي ئاران تۇرغاندا ئۇنىڭ ماڭا بۇنداق قىلىشى غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلغاندەك غەزىپىمنى قىرىق گەز ئۆرلىدى. مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدىم:

— نېمىگە ھومىيىسىنەۋا ئاداش؟

— نېمە بۇ يەردىن كېتەلمەيسەن، تاياق يېگۈڭ كەلدىمۇ-يە؟

مەن ئۇنى چەتكىرەك تارتتىم ۋە كۆزىگە تىكىلدىم:

— بايىقى يېتىلىۋالغان كىم ئۇ؟

— چاتىقىڭ نېمەۋاي لاتا گۇي ... ئۇ دېگەن مېنىڭ ...

تومۇرۇمدا بىر ئەسەبىي قان يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە مەن ئاتقان بىر مۇشت بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. ئۇ بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇ تاپتا قىساس ئېلىش-

www.uyghurkitap.com

تىن باشقا ھېچنېمە يادىمدا يوق ئىدى.
— ئۆلگۈك كەلگەنمۇ ئىپلاس! تويە مانا خەقنىڭكىگە چىقىلـ
غانغا ...
— ۋايجان!!! — ئۇنىڭ ئاچچىق تولغانغان ئاۋازى ئاڭلانـ
دى، ئۇ كۆكرىكىنى تۇتقانچە سۇنايلىنىپ يىقىلدى، مەن تىققان
پىچاق دەل مەن ياخشى كۆرگەن ئادەمگە كۆز قىسارتقان ئوغرى
يۈرەككە تەگكەنىدى. قولۇمدىكى قانلىق پىچاق ئەتراپتىكى چىـ
راغنىڭ يورۇقىدا گۈنسىز پارقىراپ تۇراتتى. ئەتراپتا پاتىپاراقـ
چىلىق كۆتۈرۈلدى، دەل شۇ چاغدا سېنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىڭ
ئاڭلاندى، بەزىلىرى «ئادەم ئۆلدى» دەپ توۋلىسا، بەزىلىرى
«ئۇنى تۇتۇڭلار» دەپ ۋارقىرايتتى. دەل شۇ چاغدىلا مەن ئۆزۈمـ
نىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىمنى، بىر ئادەمنىڭ بېشىغا چىققانـ
لىقىمنى بىلگەنىدىم. «قاچ!!!» كاللامدا شۇنداق بىر سادا
ياڭرىغاندەك قىلدى.

قېچىۋاتىمەن، ئارقامغىمۇ قارىماستىن خۇددى قانات چىقارـ
غاندەك قېچىۋاتىمەن. كەينىمدىن قوغلىغانلار نەدە قالدىكىن،
ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، بىر چاغدا شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ
قالغانلىقىمنى بىلدىم. بىر تۆپىلىكتە ھاسىراپ توختىدىم، شەـ
ھەرنىڭ كېچە مەنزىرىسى بۇرۇنقىدەكلا جەلپكار، كېچە چىراغلىـ
رى خۇددى كۆكتىكى يۇلتۇزلاردەك جىمىرلايتتى.

گۈلنار، مەن ئەمدى بىر قاچقۇنغا ئايلاندىم، سېنى سۆيگەن
ئادەم قاچقۇن جىنايەتچىگە ئايلاندى. نېمىشقا بالدۇرراق ماڭا
ئېيتىپ قويمايسەن، گۈلنار! ئۇنىڭ سېنىڭ ئېرىڭ ئىكەنلىكىنى
مەن نەدىن بىلەي؟ ھېچبولمىسا ماڭا رەسىمىنى بولسىمۇ كۆرسىـ
تىپ قويساڭ بوپتىكەن، مەن خاتالاشتىم، خاتالاشقاندىمۇ ئېغىر
خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن گۈلنار! سېنىڭ
ئۇنىڭ بىلەن ماڭغانلىقىڭنى كۆرگەندە، سېنىڭ ئېرىڭ خىيالىمـ
غىمۇ كەلمەپتۇ، مېنى بىر ئەسەبىي رەشك، ۋىجدان ئازابى چىرـ

مۇۋالدى. مەن سىنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىغان تۇرسىلا، ئۇ كۆرۈنۈشلەر ئالدىدا قانداقمۇ خۇدۇمنى يوقىتىپ قويماي؟ ئاشىقلىق ئوتىدا پۇچىلىنىۋاتقان بىر ئەرنىڭ ئۆزگە خىيانەت قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشنى كۆرسە نېمە بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن! ئاشۇ دەقىقىدە، ئۇ سىنىڭ ئېرىڭ — مېنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىم بولۇپ كۆرۈنگەنىدى. قىساس، ئۆچمەنلىك نېرۋىلىرىمنى قالايمىقان قىلىۋەتتى، پەقەت چىداپ تۇرالمىدىم. گۈلنار، مەن ئاشۇ تۆپىلىكتە تۇرۇپ سىنىڭ ئۆيۈڭ بار تەرەپكە ئۇزاققىچە تىكىلدىم، كۆز چاناقلىرىم لىققىدە ياشقا تولدى، سىنىڭ باياتىنقى چىرقىرىغان ئاۋازىڭ تېخىچە قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدۇ، ساڭا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى، مەن زادى نېمە ئىش قىلىپ قويدۇم ـ ھە؟ شۇ تاپتا بۇلارنىڭ بىر قاباھەتلىك چۈش بولۇپ قېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم ـ ھە؟… ئەپسۇس! بۇ قىيچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان رېئاللىق ئىدى. شۇ ئەسنادا ئايالىم كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. قىزىمنىڭ كۆزىدە لىققىدە ياش، «دادا، سىز نەدە؟» دەپ چاقىرىۋاتىدۇ، ئەمما مەن بۇ دۇنياغا يۈز كېلەلمەيتتىم، نەپرەت بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتەر بولدۇم. بىلەمسەن گۈلنار! مەن سىنى ياخشى كۆرگەندە دۇنيانىڭ ھەممىسى مۇشۇ، بەخت ۋە خۇشاللىق پەقەت مېنىڭ سىنى ياخشى كۆرۈشۈمدە دەپلا ئويلىغان. ئەمدى ئويلىسام، ھايات ئۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىكەن! ئادەم ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەندە ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىدىكەن، ئەمدى باشقىدىن ياشاپ باقاي دېگەندە تولىمۇ كېچىكىپ قالغان بولىدىكەن، شۇنداق، مەن تولىمۇ كېچىكىپ قالغانىدىم.

ساقچى ماشىنىسىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى بارا ـ بارا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. مەن شەھەرنىڭ غەربىدىكى ئېگىز يارلىققا قاراپ ماڭدىم، چۈنكى ئۇ يەردە مېنى ھەممىدىن بىراقلا ئازاد قىلىدىغان، ھەسرەت، پۇشايمان ئوتىدا قىينىمايلا مەڭگۈلۈك ئارام تاپقۇزىدىغان دەريا بار ئىدى. مەن ئاشۇ يەردە ئۆزۈمگە



www.uyghurkitap.com

ئۆلۇم ھۆكۈم قىلىشىم كېرەك ئىدى، چۈنكى مەن چىرايىغا قاراشقىمۇ پېتىنالمايدىغان ئاشۇ ئادەملەر ئارىسىغا ئىككىنچىلەپ قايتىپ بارالمايتتىم.

مەن قىياغا كەلدىم، قىيانىڭ ئاستىدا ھەيۋەتلىك دەريا تىنىمسىز دولقۇن ياساپ، ھەيۋەت بىلەن نەرە تارتاتتى. شۇ چاغدا، يىراقتىكى غۇۋا تۇمان ئارىسىدا سېنىڭ يىغلاۋاتقان سىيمايىڭ پەيدا بولدى. ئەنە، ئايالىم ئىككى بالامنى ئەگەشتۈرۈپ مەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ كەتتىم، ئېچىنىشلىق پىغان يۈرىكىمدىن خۇددى ۋولقاندەك ئېتىلىپ چىقاتتى. ئاھ خۇدا! مەن ئىنسان ئاڭلىسىمۇ تېنى شۈركۈنىدىغان سېسىق نام بىلەن بۇ دۇنيادىن كېتىدىغان بولدۇم، ئەمدى مېنىڭ بۇ دۇنيادا كىشى ئېسىگە ئالغۇدەك ھېچ نەرسەم قالماسلىقى كېرەك. مېنى دەريا يۇتۇپ كەتسۇن! يىراقلارغا ئېقىتىپ، سىرلىق ھالدا بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك غايىب بولاي. مەن يۈز كېلەلمەيدىغان ئاشۇ سۆيۈملۈك كىشىلىرىم مېنى مەڭگۈلۈك ئۇنتۇپ كەتسۇن!! چۈنكى مەن شۇنداق بولۇشقا ھەقلىق. بۇ مېنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئاللانىڭ ماڭا بەرگەن جازاسى ... ساقچى ماشىنىسىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى، بۇ ئاۋاز خۇددى مېنى بىر ئارامگاھقا چاقىرىۋاتقاندەك يېقىملىق ئىدى. مەن تەبىئەتكە قۇچىقىمنى كەڭ ئېچىپ، ئېگىز ياردىن خۇددى لاچىندەك پەسكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتىم ...

ئەلۋىدا، قېرىنداشلىرىم، ئەلۋىدا ھايات!!

### ئايبېك ئۆمەر ئۇيغۇرى

## ئېغىر كۈنلەردە

تېزەكچى قوڭغۇز بىر پارچە تېزەكنى دومىلىتىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭغا يەنە بىر ھەمراھمۇ قېتىلدى. ئۇلار خۇددى بۇ دۇنيادا پەقەت ئىككىسىلا مەۋجۇتتەك شۇنچە خاتىرجەم، شۇنچە تەمكىنلىك بىلەن ھېلىقى تېزەكنى بارغانسېرى يۇمىلاقلىتىپ، قاياقىقىدۇر ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تېخى ئاشۇ يۇمىلاق تېزەكنى بالىلىرىغا ئۆي قىلىپ بېرىدىكەن، بالىلى-رى ئاشۇ «ئۆي»نى يەپ بولۇپلا ئىسمى - جىسمىغا لايىق تېزەك-چى قوڭغۇزغا ئايلىنىدىكەن. ماڭا بۇ ئىش تولىمۇ كۈلكىلىك بىلىندى، ئەمما تېزەكچى قوڭغۇز ئۈچۈن تېزەك ھەسەلدىنمۇ تاتلىق بولسا كېرەك، ئەلۋەتتە. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلار خاتىر-جەم ياشايدىكەن. مەنچۇ؟ كونا تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، بىر قارا چۈمۈلە بىلەن بىر سېرىق چۈمۈلىنى سوقۇشتۇرۇۋاتاتتىم. كۆ-پىنچە نېمىشقىدۇر قارا چۈمۈلە سېرىق چۈمۈلىنى يېڭىۋالاتتى. مەن سېرىق چۈمۈلىگە بولۇشۇپ قارا چۈمۈلىنىڭ پۇتىنى ياكى قويرۇقىنى كېسىۋېتىپ جازالايتتىم. شۇ چاغدا خۇددى قالتىس ئادىل ئىش قىلغاندەك جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلاتتىم. چۈمۈلىلەر بىر تىزىق مارجاندەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئېغىزلىرىغا بۇغ-داي ياكى گۈرۈچ ياكى بىر تال تېرىقنى چىشلىۋېلىپ، ئۇۋىلىرى-غا تىنماي توشۇيتتى، ئۇلار ئۈن - تىنسىزلەر ئىدى. ئۇلار گەپ قىلىشنى زادى بىلمەيتتى. ئۇلار پەقەت ئەمگەك قىلىشنىلا بىلەت-تى. مەن ئۇلارنىڭ بىر ئۇۋىدا ئۇۋا ئايرىماي بىللە ياشايدىغانلىقى-

غا بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتىم، ئۇلار بەلكىم ھېيت ياكى بايرام
كۈنلىرىدە ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىشىپ، بەزىلىرى دۇتار چال-
سا، بەزىلىرى تەمبۇر چېلىپ، بەزىلىرى ئىسكىرىپكا تارتىپ،
بەزىلىرى ناخشا ئېيتىپ مەشرەپ قىلىپ كۆڭۈللىرىنى خۇش
قىلسا كېرەك دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا
ئىلگىرى بىزنىڭ مەھەللىدە مەشرەپ بولىدىكەنىدۇق، مەدەنىيەت
ئىنقىلابى دەۋرىدە مەشرەپلەردە زوق - شوخ بىلەن توۋلىنىدىغان
مۇقاملار «سېرىق ناخشا» دەپ قارىلىپ، ئېيتىش مەنئى قىلىنغا-
نىكەن. ئۇنداقتا چۈمۈلىلەر بەلكىم ئاشۇ مۇقاملارنى ئېيتىپ
كۆڭلىنى ئاچىدىغاندۇ؟ چۈنكى مۇقام كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى بەك-
مۇ يايرىتىۋېتىدۇ دەپ چوڭلاردىن ئاڭلىغانلىقىم يادىمدا. بەزىدە
مەن چۈمۈلىلەرنى ئازابلىغانلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈم تولىمۇ بىئارام
بولىدۇ. بەزىدە چۈمۈلىنىڭ پادىشاھى قاناتلىق چۈمۈلە كېلىپ،
مەندىن ئۆچ ئالىدىغاندەك قورقۇپمۇ قالاتتىم، توۋا دەيمەن كونا
تام تۈۋىگە بارساملا قوشنىمىزنىڭ قىزىنىڭ چالما يەيدىغان قىلى-
قى ئېسىمگە كېلىپ ھەيران قالاتتىم. گويا بىر پارچە ناۋاتنى
مەززە قىلىپ شورىغاندەك چالما يەپ كېتەتتى. كېيىن ئەقلىم
ئاۋۇغاندا، ئۇنىڭ بەدىنى بەلكىم شۇنداق چالمىلار ئارقىلىق تو-
لۇقلىنىدىغان بىر خىل مىنېرال ماددىلارغا ئاچ بولسا كېرەك دەپ
ئويلايدىغان بولدۇم. قوشنىمىزنىڭ قىزى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ
قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تام تۈۋىدە بەش تاش ئوينىغاندەك قىياپەت-
كە كىرىۋالاتتى. باشقىلارنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلمىغان پەيتىنى
چىڭ تۇتۇپ ئاغزىغا كىچىككىنە بىر چالمىنى ئوغرىلىقچە سالات-
تى- دە، شۇمۇپ، چايناپ يەپ كېتەتتى. توۋا، ئاشۇ قوشنىمىز-
نىڭ قىزى چالمىنىمۇ باشقىلاردىن قىزغىنىپ تۇرۇپ يېيىشنى
نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغاندۇ دەپ ئويلايمەن. مەن
نۇرغۇن نەرسىلەرنى پەقەت ئاچ ۋە توق بىلەنلا باغلىقمىكىن دەپ
قارايتتىم، بىزنىڭ ئۆيدىكى ئالتە بالا بەزىدە زاغرا يەپ، بەزىدە

ئۇماچ ئىچىپ، ئاق ئۇن تاماقلىرىغا تولىمۇ ئاز دەخىل بولاتتۇق، ئاپام ھېلىقى كونا ساندۇقتىكى رەخت، ئۇن، ماي، شېكەر بىلەتلىرىنىڭ بەكمۇ ئاز قالغانلىقىنى ئېيتقاندا، بىز خۇددى ئاچ قالمىغاندەك ئەنسىرەپ كېتەتتۇق. چۈنكى بېلەت جان ساتقانغا قاراپ بېرىلىسمۇ، ئۇنىڭغا يەنە پۇل بولمىسا ئالغىلى بولمايتتى. قار قېلىن ياغقان قىش كۈنلىرى ئاپام ئاكامنىڭ ئىشتاننى تولا يىرتىدىغان قىلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر يېڭى ئىشتان تىكىپ بەردى. بۇ بىر گە كۈلكىلىك تۇيۇلدى، دېمىسىمۇ ئاكام ئۇ ئىشتاننى كىيىپ ماڭىدىغان بولسا، پۇشقاقلىرى سوغۇقتا قېتىپ كېتىپ، بىر - بىرىگە سۈركەلگەندە شاراق - شۇرۇق ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى.

نېمىدېگەن قاتتىق كۈنلەر - ھە؟ مېنىڭ كىچىككىنە نازۇك ئاشقازىنىم دۇخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان قاتتىق قوناق توقاچلىرىنى يېيىشىم بىلەنلا ئېچىشىپ ئاغرىپ كېتەتتى. ئاكام ھېلىقى يېڭى ئىشتاننىڭ پۇشقاقلىرىنى يىرتىۋېلىپ، ئۆيگە كۈلۈمسىرەپ كەلدى، ئۇ دائىملا بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەندە ئاشۇنداق قىلاتتى.

— ۋاي خۇدايىم، ساڭا ئەمدى بىر يېڭى رەختمۇ دال بولمىسا، قانداق قىلارمىز، — دېدى ئاپام ئاچچىقلىنىپ، بىراق ئۇ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي نېمىشقىدۇر بىردىنلا كۈلۈۋەتتى. بىز ئاپىمىزنىڭ بۇ كۈلكىسىگە جور بولدۇق. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، قاسىم تاغام كىرىپ كەلدى، ھاۋا قاتتىق سوغۇق بولغاچقا، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى قىرو باغلاپ كەتكەنىدى.

— پاھ، ئەجەب خۇشالغۇ سىلەر، — دېدى ئۇ جۇۋىسىنى سېلىۋېتىپ، ئارقىدىنلا، — ئىسلامجىننىكامنىڭ بېشىغا قالپاق كىيدۈرۈپ، سازايى قىلىۋاتىدۇ، — دېگىنىچە ئولتۇردى.

ئاپامنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. مەنمۇ ۋە ئاكاممۇ قورقۇپ كەتتۇق، ئىسلامجىننىكام دادامنىڭ بىر قورساق ئىنىسى ئىدى.

— يەنە شۇ پومېشچىكنىڭ ئوغلى دېگەنگە ئوخشاش تۈتامى يوق ئىشلاردۇر، — دېدى ئاپام ئاچچىقلىنىپ.

— ھەمراخان دانىش، — دېدى قاسىمكام ئاپامغا ئاشۇنداق چاقچاق قىلىپ گەپ باشلايتتى، — پەس ئاۋازدا گەپ قىلىڭ ئاچا. ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ يازدا قاتار ـ قاتار تىزىلىپ ماڭغان ماشىنىلارنى قوڭغۇزغا ئوخشاتقىنىم ئۈچۈن ھېلىقى قىزىل يەڭ-لىك باتۇرلار تاس قالدى مېنى «سوتسىيالىزمنىڭ ماشىنىسىنى قوڭغۇزغا ئوخشاتتىڭ» دەپ سولاپ قويغىلى. شۇ چاغدا سىز قوڭغۇز دېمىدى، خوراز دېدى، چۈنكى ماشىنىمۇ تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ ماۋ جۇشىنى مەدھىيىلەپ ناخشا ئېيتىدۇ ـ دە، دەپ مېنى تۆھمەت بالادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدىڭىز، — دېدى قا-سىمكام.

— شۇنداق، گەپ ـ سۆزگە دىققەت قىلمىسا بولمايدۇ مۇشۇ كۈنلەردە، — دېدى ئاپامۇ بىزگە قاراپ قويۇپ.

ئۆيدىكى كىرسىن لامپىسى سۇس يېنىپ تۇراتتى. قاسىم تاغام تاماكا خالتىسىدىن ئۈچ بارمىقى بىلەن سىقىمداپ موخوركا ئالدى ـ دە، ئاندىن تەييارلانغان تاماكا قەغىزىگە ئەپچىللىك بىلەن يېيىتىپ، ئۇنى يۆگىدى، ئاندىن يانچۇقىدىن سەرەڭگە ئېزدەپ تاماكىنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ:

— ھە، چەكچەيگەك، سەن بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا زادى قايسى تەرەپ بولىسەن؟ — دەپ سورىدى. مەن يازدىكى تېزەكچى قوڭغۇز، چۈمۈلە، داڭگال يەۋاتقان بالا قاتارلىقلارنى ئېسىمگە كەلتۈردۈم ـ دە، ئۇنىڭغا يەنە ئۆزۈمنىڭ موھتاجلىقىنى قوشۇپ:

— قايسى تەرەپ نان بەرسە، شۇ تەرەپ بولىمەن، — دېدىم. بۇ گېپىمدىن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— توغرا، — دېدى تاغام، — سەن مانا ئىشنىڭ يولىنى كىچىكىڭدىن چۈشىنىپ يېتىپسەن، ئادەم دېگەندە ئەڭ ئاۋۋال

ئۆزىنى قوغداش ئېڭى بولۇشى كېرەك، بۇ كۆڭۈللەردە ساق ياشاشنىڭ ئۆزى غەلىبە.

مەن تاغامنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك گېپىنىڭ تېگىدە يەنە قانداق مەنە بارلىقىنى گەرچە چۈشەنمىسەممۇ، ئەمما ئاچلارنىڭ دەردىنى چۈشىنىدىغان تۇقلار بارمىدۇر؟ دېيدىغان بىرلا ئىلتىجا ھەتتا چىرايىمىزدىنمۇ چىقىپ تۇراتتى. ئۇنى ئېغىزدا ئىپادىلەشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق ئىدى. ئەتىسى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتسام، ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىي كوچىسىدا، بېشىغا «قارا نىيەتچى ئۇنسۇر» دەپ يېزىلغان بىر مېتىر كەلگۈدەك قاتتىق قەغەزدىن ياسالغان كانايچە بۆك كىيدۈرۈلگەن ئىسلامجىنىكام بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئەتراپىدا شوئار توۋلاپ كېتىۋاتقان رەقىبلىرىنىڭ سازايى قىلىشىغا رايىشلىق بىلەن بويسۇنغان ھالدا كېتىۋاتاتتى. مەن كىچىك دادامنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى. ھەر كۈنى مۇئەللىملەرگە يىغىن بار دەپ بىزنى مەكتەپتىن قايتۇرۇۋەتكەچكە ئوقۇشنىڭمۇ ھېچبىر مەززىسى قالمىغانىدى. مەن كىچىك دادامنى ئۇلار زادى قەيەرگە ئاپىرىدىغاندۇر؟ دەپ ئويلاپ ئاشۇ سازايى قىلىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر توپىغا قېتىلدىم. ئۇلار يول بويى نېمىدۇر بىر نېمىلەرنى دەپ يوقىتايلى دەپ توۋلىشاتتى. تۇۋا، خۇدايىم، تېزەكچى قوڭغۇزلار جېنىدا قىشلىق ئوزۇقلىرىنى بىر- بىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ھالال تەر تۆكۈپ بىللە غەملەيدىكەن، ئاندىن خاتىرجەم ھالدا ئىسسىق ئۇۋىلىرىدا تىپتىنچ ياشاپ باھارنى كۈتۈۋالىدىكەن، بىراق بىزچۇ؟ بىر - بىرىمىزدىن گۇمانلىنىپ، كىمنىڭ دۈشمەن كىمنىڭ دوست ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش بىلەن بولۇپ كېتىۋاتىمىز. قورساق، كىيىم، ياخشى تۇرمۇش ئۈچۈن نېمە ئۈچۈن دېھقاندەك ھەقىقىي تەر تۆكۈپ ئىشلەي دېمەي، قۇرۇق تېرە تاراقشىتىدىغان سۆز ئۇرۇشى قىلىمىز؟ ئىناق ئۆتسەك بولمامدۇ زادى؟ ھە راست سېرىق چۈمۈلە بىلەن قارا چۈمۈلىنى ئۇرۇشتۇرغاندا، نېمە ئۈچۈن قارا چۈمۈلە يېڭىدۇ؟

ئەسلىي سېرىق چۈمۈلە يېڭىشى كېرەك ئىدىغۇ دەپ ئويلاپ مەن
سېرىق چۈمۈلە ئۈچۈن قارا چۈمۈلىنى جازالىغانىدىم. ئەمدى
كىچىك دادام زادى قانداق چۈمۈلە بولۇپ كەتتى؟ مەن نېمە
قىلارىمنى، قانداق ياردەم قىلىشىمنى بىلمەي داۋاملىق سەپكە
ئەگىشىپ ماڭدىم. قاتتىق سوغۇق پېيما كىيگەن پۇتلىرىمنى
مۇزلىتالمىغان بولسىمۇ، يۈزلىرىم سوغۇق دەستىدىن ئېچىشات-
تى. قولاقچامنىڭ يىپلىرىنى ئېغىزىمدا چىشلەپ ھۆللىۋەتتىم،
ئۇنىڭدىكى قىرتاق تەم بۈگۈنكى نەس باسقان كۈننىڭ تەمىنى
ھېس قىلدۇرغاندەك قىلاتتى. بىردەمدىلا ھۆل بولغان قولاقچام-
نىڭ يىپلىرىغا مۇز قاتتى. چوڭ قولۇپنىڭ شاراق - شۇرۇق
ئېچىلىشى بىلەنلا تەڭ كىچىك دادامنى چوڭ قاناتلىق ئىشىكى
بار سۈرلۈك تۆمۈر دەرۋازا قوينىغا ئالدى. سىرتتا ماڭا ئوخشاش
نېمە قىلىشنى بىلمىگەن باللار بىر - بىرىمىزگە قاراپ بىردەم
تۇرۇشتۇق - دە، لام - جىم دېمەي، ئۆيگە قايتىشتۇق. تار
كوچىدا قېلىن قار يوتقاندەك يېيىلغانىدى. قارنىڭ رەڭگى تولىمۇ
ئاپئاق بولۇپ، گويا ئاق شېكەرگە ئوخشايتتى، مەن قارغا ئېگى-
شىپ قولۇمنى يۇيدۇم - دە، قارنى ئالىقىنىمغا ئېلىپ يەپ
ماڭدىم، قار گېلىمدىن تارتىپ ئاشقازىنىمغىچە تۇيۇلغۇدەك سو-
غۇق بىر يول ھاسىل قىلىپ ئاستا - ئاستا قورسىقىمغا سىڭىپ
كەتتى. ئاندىن ئىچ - ئىچىمدىن بىر خىل تىترەك ئۆرلەپ
چىقتى. مەن قەدەملىرىمنى ئىتتىك - ئىتتىك ئېلىپ ئۆيگە
قاراپ ئىلگىرىلىدىم. تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن قولاقچامنى
بېشىمغا پاتۇرۇپ، بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان شىۋىرغانغا پەرۋا
قىلماي، بۇ قىشتىن قاچانمۇ قۇتۇلارمىز دېگەن تېگى يوق خىيال
ئىچىدە ئۆيدىكى لاۋۇلداپ ئوت يېنىۋاتقان ئوچاق يېنىغا بالدۇر-
راق بېرىشنى ئىرادە قىلىۋاتىمەن، كۆڭلۈمدە قىشتىن كېيىن
كېلىدىغان باھار چوقۇم باشقىچە بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم. بۇنداق
تىلەكلەر دەرۋەقە يالغۇز مېنىڭلا تىلىكىم ئەمەس ئىدى ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سەيپىدىننىڭ ھېكايىسى

مەھەللىمىزدىكى تار كوچىلارنىڭ ئۇ قاسنىقى بىلەن بۇ قاسنىقى چوڭ ـ چوڭ قورۇلار ئىدى. بالىلارنىڭ دۇنياسى باشقىچە بولاتتى. كەچ كىرىشى بىلەن ئۆيلىرىمىزدىن بىر ـ بىرلەپ چىقاتتۇق ـ دە، توپلىشاتتۇق. شۇ چاغدا ئۇ بىر نېمە دەپ بۇ بىر نېمە دەپ، مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن يا قوغلاشماق ئويناپتتۇق، يا ۋاللەي ئويناپتتۇق. يا «ئۇرۇش ئويۇنى» قىلاتتۇق، يا بىر يەرگە توپلىشىپ بىزدىن چوڭ بالىلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلايتتۇق. چوڭ بالىلار دائىم ئادەمنى ئازدۇرىدىغان جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بەرگەندە، قورققانلىقىمىزدىن ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ خۇددى بەتبەشىرە ئالۋاستى، دىۋىلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغاندەك قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ كېتەتتۇق.

مەھەللىمىزنىڭ باش تەرىپىدە سەيپىدىن دەيدىغان بىر بالا بولۇپ، ئۇ ئۆيىدىكى هازىرقى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى بېقىۋالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ يەردە ئەمەسلىكىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئادىل مۇئامىلە قىلمايدىغانلىقىنى، پۇرسەت بولسا، ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى ئوغرىلاپ چىقىپ بىزنى مېھمان قىلىدىغانلىقىنى دەيتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، هازىرقى ئاتا ـ ئانىسى كونا ھېكايىلەردىكى جىن ـ ئالۋاستىلاردىن ئېشىپ كەتكۈدەك رەھىمسىز ئادەملەر ئىكەن، شۇڭا ئۇگەي دادا، ئۇگەي ئانا دېگەنلەر بۇ دۇنيادا ئۆزىگە زۇلۇم سېلىش ئۈچۈن يارىتىلغانىمىش.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىگەنسېرى قويۇق قاشلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى، دائىم تۇرۇلۇپ تۇرغان

قاپاقلىرىنىڭ تېخىمۇ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا مۇشتۇملىرىنىڭ
چىڭ تۈگۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھازىرلا بىرەرسى بىلەن مۇشتلى-
شىپ، بارلىق ئاچچىقىنى چىقارماقچى بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلات-
تىم. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى سوغۇقتا توڭۇپ، قېتىپ قالغان سە-
رەڭگە ساتقۇچى قىز ئالدىمدا تۇرغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتىم-
دە، ھېسداشلىق پوزىتسىيىسى بىلەن سەيپىدىنىنىڭ گېپىنى ئاڭ-
لاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بەزىدە ئىچىم ئاغرىپ قالاتتى. ئۇ كۆپىنچە
ئون بەش - ئون ئالتە ياشلاردىكى باتۇر باللارنىڭ ھېكايىلىرىنى
ئېيتىپ بېرىپ، بىزنى ھاڭ - تاڭ قالدۇراتتى.
— ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كەلگەن باتۇر بالا قولىغا زۇلپىقار
ئېلىپ، ياۋ بىلەن ئېلىشىپتۇ. قىزىق يېرى تولا ئۇرۇش بولۇۋې-
رىپ باتۇر بالا تۇرغان يۇرتتا ئەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ
كېتىپتۇ. قېرىلار قېرىپ ھالىدىن كەتكەن، باللار بولسا ھەم-
مىسى ئېغى يوق ئىشتان كىيىۋالغانىكەن، ئاياللارچۇ؟ بەربىر
يىغلاشنىلا بىلىدىكەن. نېمە قىلىش كېرەك؟ — سەيپىدىن بىر-
دىنلا ھېكايە ئېيتىشتىن توختاپ قالدى، بىز بىرقانچە بالا كالا
ھارۋىسىنىڭ تامغا يۆلەپ قويۇلغان يوغان چاقىنىڭ ئۈستىدە ئول-
تۇرۇۋالغان بۇ بالىغا تېخىمۇ يېقىنلاپ چاپلىشىپ دېگۈدەك ئول-
تۇراتتۇق. بىز سەيپىدىنىنىڭ ھېكايىسى قانداق داۋام قىلاركىن
دەپ ئۇنىڭ سەل گەز باغلاپ قالغان ئېغىزىغا قارايتتۇق. ئۇ
قاپىقىنى تۈرۈپ، يىراقلارغا بىر پەس كۆز تىكەتتى - دە، ھېكا-
يىنىڭ ئاخىرىنى سۆزلەيتتى:
— ... باتۇر بالا شۇنداق خىسلەتلەرگە ئىگە ئىكەنكى، ئارغى-
ماق ئۈستىگە چىقىۋالسىلا كۈرمىڭلىغان لەشكەرلەرنى خۇد-
دى چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدەك بىر دەمدىلا يەر چىشلىتىد-
كەن. ئۇنىڭ زۇلپىقارى بىر شىلتىپ قويسىلا نەچچە چاقىرىم
ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلىدىكەن تېخى. بىراق، ياۋنىڭ سىڭار كۆزلۈك
بىر مەسلىھەتچىسى تىكتىڭلاپ يۈرۈپ باتۇر بالىنىڭ سىرىنى

بىلىۋاپتۇ- دە، ياۋنىڭ تەرى تۇرۇك خاقانىنىڭ مۇلكىغا بېچىر-
لاپ تۇرۇپ، بىر ھىيلە ـ مىكىر ئىنئام قىلىپتۇ. ياۋ خاقانى
ئاسمانغا قاراپ كۆرەلىگىنىچە مۇرىلىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ،
قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپتۇ.

تۈن كېچە، ئۇچىسىغا جەڭ كىيىمىنى كىيگەن پېتى باتۇر
بالا ئۇيقۇغا غەرق بولۇپتۇ. ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئارغىمىقى ئۇنىڭ
يېنىدىلا ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلاپتۇ. ياۋنىڭ بىرقانچە جاسۇسلىرى
ئايالچە ياسىنىپ، باتۇر بالىغا بىر قىلىچ ئۇرۇپتۇ ـ دە، ئارغى-
ماقنى ئېلىپ بەدەر قېچىپتۇ. ئەمدى گەپ ياۋ خاقانىدا بولسۇن:
جاسۇسلار ئارغىماقنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئېغىلغا
باغلاپ قويۇپ، كۆرەڭ خاقانغا خوش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ-
تۇ. ياۋ خاقانى:

— بىز سۇبھى ۋاقتى بىلەن ھېلىقى باتۇر بالا تۇرغان يۇرتنى
تۇپتۇز قىلىمىز. ئايالالرنى خوتۇن قىلىمىز، بالىلارنى قۇل
قىلىمىز، قېرىلارنى قىرىمىز. قوي ـ ئۆچكىلىرىنىڭ گۆشىنى
يەپ، سۈتىنى ئىچىمىز، بۇلاقلىرىنى بۇلغايمىز، ئوتۇنلىرىنى
قالايمىز، — دەپتۇ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ.

ئۇلار خۇشاللىقىدا بېشى كۆككە يەتكەندەك بوپتۇ. ئەمدى
گەپنى باتۇر بالىدىن ئاڭلايلى:

باتۇر بالا دۈشمەنىنىڭ ھىيلىسىنى ئۆزۈندىن بۇيان بىلىپ
كەلگەچكە، ئارغىماققا ئوخشايدىغان باشقا بىر ئاتنى ئارغىماقنىڭ
ئورنىدا باغلاپ، ئۆزىنىڭ جەڭ كىيىملىرىنى سامان ئادەمگە كىي-
گۈزۈپ قويغانىكەن. چۈنكى مۇشۇنداق بولغاندىلا، ياۋنى ئۇۋىسى-
دىن چىقىرىپ، ئۇلارنى پاك ـ پاكىز يوقىتىپ ئەلگە ئەمىنلىك
يەتكۈزگىلى بولىدىكەن. باتۇر بالا ساق قاپتۇ. ئۇ يەنە دۈشمەنلەر-
گە ئەل ئاۋامنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئىككى چاقىرىم كەلگۈدەك
چوڭقۇر ئورەك كولاپ، ئۈستىنى شاخ ـ شۇمبا ھەم توپا بىلەن
يېپىپتۇ. نەچچە مىڭ ئادەم كېلىپ چىقىۋالسىمۇ، كۆتۈرىدىغان

بۇ ئورەكنىڭ ئېغىزى باتۇر بالىنىڭ بىر قول شىلتىشى بىلەن كۈرمىڭلىغان دۈشمەننى ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ، تەگسىز قوينىغا يۇتۇپ ئەكىرىدىكەن.

كۈتكەن پەيت يېتىپ كەپتۇ، ياۋ لەشكەرلىرى چاڭ توزۇتىپ، ئاتلىق ھۇجۇم قىلىپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ قىيقاس- چۇقانلىرى يەر - جاھاننى بىر ئاپتۇ. بالىلار قورقۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئاياللار ۋە قېرىلار نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى مەھكەم تاقاپ، بېشىغا كەلگەننى كۈتۈۋالماقچى بولۇپتۇ.

باتۇر بالا ئۇلارغا قاراپ تەمكىنلىك بىلەن ياۋدىن قورقماسلىققا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئورەك بار جايغا كەلگەندە، باتۇر بالا پەيدا بولۇپتۇ:

— سىلەرنىڭ مەھشەر كۈنۈڭلار كەلدى، ئەي ھاماقەت خاقان، — دېگىنىچە قولىنى بىر شىلتىغانىكەن، بىرمۇ لەشكەر سىرتىدا قالماي، ۋاي تۇۋا دېيىشىپ، ھاڭدەك چوڭقۇر ئورەككە چۈشۈپ كېتىپتۇ. باتۇر بالا يەنە بىر قول شىلتىپ ھېلىقى زور ئورەكنىڭ ئاغزىنى يېپىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا چېچىپ، جىگدە دەرىخى تىكىۋېتىپتۇ. ئۇنى ھازىر كىشىلەر قانلىق جىگدىلىك دېيىشىدىكەن. سەيپىدىنىنىڭ ھېكايىسى تېخى تۈگىمىگەنىدى. دائىم كەيپىمىزنى بۇزىدىغان چوڭلار «ئۇخلاڭلار» دەپ بىر - بىرلەپ چاقىرىشى بىلەن ھەممىمىز كۆزىمىز كەينىدە قالغان ھەم قىيمىغان ھالدا سەيپىدىننى يالغۇز قالدۇرۇپ ئۆيلىرىمىزگە كىرىپ كېتىشتۇق. ئەمما كېيىن نۇرغۇن پۇرسەت كەلگەن بولسىمۇ، سەيپىدىنگە ھېلىقى ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتقۇزالمىدۇق. چۈنكى، سەيپىدىنىنىڭ ئۆزى ئارىمىزدىكى باشقىچە بىر «باتۇر بالا» بولۇپ قالدى. ئۇ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھەممە بالىلارنى مېھمان قىلىمەن دەيدىغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بىز ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلاپ چىق-

قان يىگىرمە نەچچە يۈەن پۇلىغا بىرقانچە مېۋە - بىر كونسېرۋا-
سىنى ئېلىپ، قانغۇچە ئىچكەندىن باشقا، ئۇزاقتىن ئارزۇ قىلىپ
كەلگەن، لېكىن ئېرىشەلمىگەن پۇتبولغا ئېرىشتۇق. شۇ چاغلاردا
ھەممە نەرسىگە ئوخشاش پۇلنىڭ بەرىكىتى بار ئىدى. پۇلنى
پاك- پاكىز خەجلەپ تۈگەتتۇقيۇ، ئالدىمىزدا بىر قىيىنچىلىق
تۇرۇۋالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدۇق. ئالدى بىلەن زادى توپنى
كىم ساقلاش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىگە يولۇقتۇق. سەيپىدىن
توپنى ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتەلمەيتتى. ئۇنداق بولسا ئۆيىدىكىلە-
رىنى گۇمانلاندۇرۇپ قوياتتى، ئۇ ھازىر ئۆز ئۆيىدىكى بىردىنبىر
گۇمانلىق ئۇنسۇر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن - دە! بۇ ئىشنى
ئەلۋەتتە سەيپىدىن قارار قىلاتتى. بىز ئۇنىڭغا قارىدۇق، سەيپى-
دىن ھەربىر بالىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن توپنى
ماڭا تۇتقۇزدى. ئۇ: «بۇ توپنى بىزنىڭ مەھەللىدىكى بالىلار
ئوينىسۇن، سەن بۇنىڭغا مەسئۇل بول!» دېدى.

مەن خۇشاللىقىمدا توپنى قولۇمغا ئالدىم. بىراق ئۇنىڭ
گېپىدىن ئۇ خۇددى يىراق بىر جايغا كېتىدىغاندەك بىر خىل
تۇيغۇ مېنى سەل ئەنسىرىتىپ قويدى.

— سەيپىدىن ئاكا، سەن بىر ياققا بارامسەن؟ — دېدىم
مەن.

— شۇنداق، مېنىڭ ئۆز ئاتا - ئانامنى ئىزدەيدىغان ۋاقتىم
بولدى، — دېدى ئۇ كەسكىن ھالدا.

— بىز ساڭا ياردەم قىلالامدۇق، ئېيتقىن، — دېدى ئاكام
ئۇنىڭغا. سەيپىدىن ئاكامنى قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا
لىق تولغانىدى.

— رەھمەت، دوستلىرىم بىراق ماڭا ھېچكىم ياردەم قىلال-
مايدۇ، — دېدى ئۇ.

بىر توپ بالىلار كۆڭلىمىز يېرىم بولغان، قىيالمىغان ھالدا
ئۇنىڭ بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق. شۇنىڭ

بىلەن سەيپىدىن كەتتى. نەگە كەتتى؟ بۇ تەرىپى ھەممىمىزگە قاراڭغۇ. لېكىن، ئۇ قالدۇرغان چۇچۇمەل تەملىك مېۋە - چېۋە شەربەتلىرى ۋە بىر تال پۇتبول بىزنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇنسىز باغلاپ تۇرغان قىممەتلىك دوستلۇق رىشتىسىگە ئايلانغانىدى. سەيپىدىننىڭ سىرلىق يوقاپ كېتىشى مەھەللىدىكى چوڭلارنىمۇ ھەيران قالدۇردى. يالقۇننىڭ ئوتۇنچى دادىسى، غېنىنىڭ ياغاچچى دادىسى سەيپىدىننىڭ ئىشلىرىنى دېيىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى يالقۇن ئىككىمىز غۇۋا ئاڭلىغاندەك بولدۇق. ئەسلىدە، سەيپىدىن ئۆيدىكىلەر قالدۇرغان بىر پارچە خەت بىلەن بىر پارچە رەسىمنى كۆرۈپ قالغانىكەن. بۇ ئىش بۇنچىۋالا سىرلىق بولمىسىمۇ، لېكىن سەيپىدىن ئۆگەي ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزىدىن بۇ ئىشلارنى سىر تۇتۇپ، يوشۇرغانلىقىغا نارازى بولغانىكەن. سەيپىدىن بەلكىم ھازىر ئۆز ئاتا - ئانىسىنى تاپقاندۇ ياكى داۋاملىق ئىزدەۋاتقاندۇ؟! ئۇ يەنە بۇ يەرگە قايتىپ كېلەمدۇ؟ بۇمۇ بىر تېپىشماق. ئەمما بىز ئۇنىڭغا سالامەتلىك ۋە بەخت تىلەشتىن باشقا ئۇنى ئىسىمىزدىن بىر كۈنمۇ چىقارمىدۇق، چۈنكى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئۇ ئارىمىزدىكى مەردانىلىك بىلەن ھەقىقىي يىلتىزىنى ئىزدەشكە جۈرئەت قىلغان بىر باتۇر بالا بولۇشقا تامامەن ھەقلىق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچكى ئادرىسى

# دوستلۇق كۆلۈبى ئالدىدىكى پاراڭ

ئەينى چاغدا دۆربىلجىنىنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرى بورۇن رۇسلار سالغان «دوستلۇق» كىنوخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بالىلار توپلىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كەينى يوق ۋېلىسىپىتىد-نى سەل يانتۇ قىلىپ مىنگەن ھالەتتە تۇرسا، بەزىلىرى قوللىرىغا ئاق پەلەي كىيگەن ھالدا قوللىرىنى ئالدىغا گىرەلەشتۇرۇپ تۇرات-تى. بەزىلىرى كاناپچە ئىشتان كىيىپ ئۇيان - بۇيانغا مېڭىپ بىر - بىرىنى قوغلىشاتتى. بەزىلىرى چاچنى گەدەنگىچە قويۇۋې-تىپ، چاچلىرىنى كەينىگە قىلىش ئۈچۈن باشلىرىنى پات - پات سىلكىپ قوياتتى. شۇ چاغلاردا ئاق پەلەي كىيىش ياكى كاناپچە ئىشتان كىيىش، قارا كۆزەينەك تاقاپ، گۈللۈك كۆڭلەك كى-يىش مودا ئىدى.

ئانچە - مۇنچە شېئىر - قوشاق يادلاپ، ئاز - تولا قەلەم تەۋرىتىپ قاملاشمىسۇن - قاملاشمىسۇن بىر نېمىلەرنى يېزىپ بىر-بىرىمىزنىڭكىنى ئوقۇپ ئۆزئارا تۈزىتىپ، ئۆزىمىزنى «ئەدىب» دەپ قارايتتۇق. شەۋكەت ئىبىملىك قارامتۇلراق كەلگەن بويى ئېگىز بالا ئىككىمىز خەلق ئىچىدە چاقچاقچى دەپ نامى بار «داۋۇت پاكار» دېگەن ئادەم ئۇستىدە پاراڭلىشىپ قالدۇق. شەۋ-كەت داۋۇت پاكارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ چىرايىغا دەرھال كۈلكە يامرىدى. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تارتىپ، دەرەخ ئارىسىدىكى ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى - دە:

— مەن لاپ ئېيتىشقا ماھىر داۋۇتكامنىڭ قىزىقارلىق لاپلى-رىدىن بىرىنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي، — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، كۆزىنى يىراققا تىككەن ھالدا بىر پەس ئويلاندى ۋە گېپىنى باشلىدى.

مەن ئۇنىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرمەكچى بولغان قىزىقارلىق ئاشۇ لاپقا پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ دىققەت بىلەن قۇلاق سالدىم.

بىر كۈنى دۆربىلجىنىگە بويى ئىستولبىدەك ئېگىز، قاۋۇل، ئالىقىنى ماشىنا چاقىدەك، بېشى كىچىك پىكاپىتەك، پۈتى تۈۋ- رۈكتەك بىر باتۇر كەپتۇ.

ئۇ داۋۇتنىڭ بۇ يەردە چېلىشقا ئەڭ نوچى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈش نىيىتى بىلەن دۆربىلجىنىگە كېلىپتۇ.

ھېلىقى دىۋىدەك گەۋدىسى بار ئادەم «دوستلۇق» كۇلۇبى- نىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر توپ كىشىلەرگە قاراپ:

— داۋۇت دېگەن نوچى قېنى؟ — دەپتۇ. ئۇنىڭ گۈلدۈرما- مىدەك ئاۋازىدىن بىرقانچە بالا كەينىگە داجىپ كېتىپتۇ.

— داۋۇتكام تاغقا تۈنۈگۈن چىقىپ كەتكەنىدى، — دەپتۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم.

— ئەگەر سىلەر داۋۇتنى ماڭا ھازىر تېپىپ بەرمەيدىغان بولساڭلار، ھەممىڭنى ئۇرۇپ قوپالماس قىلىپ قويىمەن، — دەپتۇ ھېلىقى دىۋە ھۆركىرەپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان چوڭلار، ياشلار بالىلارنىڭ بېشى قېتىپ، قاتتىق غەم ئىچىدە قاپتۇ.

ئۇلار داۋۇت نوچى يىراقتىكى تاغدا تۇرسا، ئۇنى قانداق قىلىپ ھازىر بۇ دىۋىنىڭ ئالدىغا تەييار قىلغىلى بولسۇن ... ناۋادا داۋۇت نوچى كەلمىسە، بۇ يەردىكى كىشىلەرنى بۇ دىۋە ئۇرۇپ قوپالماس قىلىپ قويسا قانداق قىلغۇلۇق ...

كىشىلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ، قورقۇپ، ئىچى تىت - تىت بولۇپ تۇرغان چاغدا بىر بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاسمانغا قاراپ:

— داۋۇتكام كەلدى، — دەپتۇ.

ئاسمان دۈررىدە قىلىپ بالا كەلگەن تەرەپكە قارىسا راست دېگۈدەك داۋۇت نوچى كېلىۋاتقۇدەك.

داۋۇت نوچىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن كىشىلەر «داۋۇت نوچى كەلدى، داۋۇت نوچى» دېيىشىپ، كەينىگە داجىپ، يەلپۈ-گۈچتەك مەيدان هازىرلاپ بېرىپتۇ.

داۋۇت نوچى قارىسا، ئالدىدا بويى ئىستولبىدەك ئېگىز، قاۋۇل، ئالىقىنى ماشىنا چاقىدەك، بېشى كىچىك پىكاپتەك؛ پۇتى تۈۋرۈكتەك بىر دىۋە تۇرغۇدەك. داۋۇت نوچى ئۆز - ئۆزىگە «ئاله شەرىگنى، بۇ تامدەك مەخلۇق نەدىن پەيدا بولغاندۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئاۋۋال ئۇ دىۋىگە سالام قىپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مېھمان، — دەپتۇ داۋۇت نوچى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپتۇ دىۋە، — سەن داۋۇتمۇ، — دەپتۇ دىۋە داۋۇت نوچىنىڭ بويىنىڭ پاكارلىقىغا قاراپ كۆزگە ئىلمىغاندەك قىياپەتتە.

— داۋۇت نوچى مەن بولىمەن، سىز بۇ دۆربىلجىنگە مېھ-مان، بىرقانچە كۈن ئارام ئېلىڭ، ئاندىن ئالدىرىماي پاراڭلىشى-مىز، — دەپتۇ داۋۇت نوچى.

— مەن سېنىڭ نامىڭنى ئاڭلاپ شۇنچە يىراقتىن كەلدىم. قارىغاندا مەن سەندەك بىر پەتەك بىلەن ئېلىشىدىغان ئوخشاي-مەن ... هەي ... ئىسىت، — دەپتۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈنگەن دىۋە ئېڭىكىنى سىلاپ.

بۇ گەپتىن دەرغەزەپ بولغان داۋۇت نوچى دەرەخ تۈۋىدە تۇرغان يوغان تاشنى بىر قولىدا كۆتۈرۈپ، يەنە بىر قولىنى قىڭراقتەك شەكىلدە كەلتۈرۈپ بىرنى ئۇرۇۋېتىكەن، هېلىقى يو-غان تاش ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ.

— يائاللا داۋۇت نوچى يوغان تاشنى ئالىقىنى بىلەن ئىككى پارچە قىلىۋەتتى، — دەپ هەيران قالغان كىشىلەر توۋلىشىپ كېتىپتۇ.

هېلىقى دىۋە سۈپەت مەخلۇق بۇنى كۆرۈپ، داۋۇت نوچىغا

باشقىچە بىر ھۆرمەت بىلەن قاراپ قويۇپتۇ ـ دە:
— قارىغاندا سىزنىڭ نامىڭ بىكارغا چىقماپتىكەن ...، — دەپتۇ دىۋە.
— ئىنايال كىشىدەك مېنى ماختاۋەرمەي، كەل ئېلىشايلى، — دەپتۇ داۋۇت نوچى شاپ بۇرۇتلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.
ھېلىقى دىۋە داۋۇت نوچىنىڭ گېپىدىن قاتتىق ئاچچىقلىنىپ يېنىدىكى بىر ئېگىز دەرەخنىڭ قاپ بېلىدىن تۇتۇپ تارتىپتىكەن، دەرەخ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ قولىغا چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئېغىزلىرىنى ئاچقىنىچە ياپالماي قاپتۇ، داۋۇت نوچى دىۋىنى مەنسىتمىگەن ھالدا:
— بىر ئوبدان ئۆسۈۋاتقان يۇرتۇمنىڭ بىر تۈپ دەرىخىنى ئۇزۇۋالغىنىڭغا قاراپ، سېنىڭمۇ تازا تايىنى يوق بىر بىچارە ئىكەنلىكىڭنى كۆردۈم، — دەپتۇ قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ.
ھېلىقى دىۋە بىر چىرقىرىغىنىچە داۋۇت نوچىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ ۋە داۋۇت نوچى بىلەن تۇتۇشۇپتۇ.
دىۋە داۋۇت نوچىغا بىر كاللا قويۇپتۇ ... پىكاپتەك بىر باش بىر ئادەمگە تەگسە قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدىغىنىنى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلىپ باقسا بولىدۇ. يا كەينىگە ئۇچۇپ كېتىدۇ، يا پارە ـ پارە بولۇپ كېتىدۇ ... بىراق داۋۇت نوچى پەقەت بىر قانچە قەدەم داجىپتۇ، خالاس.
— سەن مېھمان بولغاندىن كېيىن، ئۈچ مەرتەم ھۇجۇم قىلساڭ بولىدۇ، — دەپتۇ داۋۇت نوچى.
— خېلى مەرد پەتەككەنسەن، — دەپتۇ دىۋە خىر ـ خىر كۈلۈپ.
دىۋە ئىككىنچى قېتىمدا داۋۇت نوچىنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ ... بۇ چاغدا كىشىلەر ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ. داۋۇت نوچى بولسا قورقۇش بۇياقتا تۇرسۇن تېخى يانچۇقىدىن بىر تال تاماكىنى ئېلىپ خىيالىدا يوق چاقماق چېقىپ

ئوت تۇتاشتۇرۇپ چېكىپتۇ. كىشىلەر بۇ ئىشتىن ھەيران قاپتۇ.
دېۋە نېمە قىلارىنى بىلمەي داۋۇت نوچىنى يەرگە بىر تاشلايدىكەن
... يەردىكى توپا ـ چاڭ توزۇپ كىشىلەرنىڭ كىيىملىرى پۈتتۇ.
لەي توپىغا مىلىنىپتۇ.
داۋۇت نوچىنىڭ پۇتلىرى ئوشۇقىغىچە يەرگە پېتىپتۇ.
ئۇ پۇتىنى توپا ئىچىدىن تارتىۋاپتۇ ـ دە، ئايىغىدىكى توپىنى
سۈرتۈۋېتىپ، يەرگە بىرقانچىنى دەسسىۋەتكەندىن كېيىن دېۋىگە
قاراپ «كەل» دەپ قول ئىشارىسى قىپتۇ. دېۋە ئۈچىنچى مەرتەم
ئۇدۇل مۇشتتىن بىرنى ئېتىپتۇ. داۋۇت نوچى بۇ قېتىم بېشىنى
چاققانلىق بىلەن قاچۇرغانىكەن، ھېلىقى دېۋە تەڭپۇڭلۇقىنى يۇ-
قۇتۇپ يىقىلىپ، ئالدىدىكى داۋۇت نوچىنىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ
يېتىپتۇ.
— قوپە، بوي بولسىمۇ ئوي بولمىغان مەخلۇق، — دەپتۇ
داۋۇت نوچى.
— نۆۋەت ساڭا كەلدى، — دەپتۇ دېۋە قوپماي ياتقىنىچە.
— ھەي مەخلۇق، مەن ئۆرە بولمىغان ئادەم بىلەن ئېلىشى-
مايمەن، قوپە، — دەپتۇ ـ دە، ھېلىقى دېۋىنىڭ ماشىنىنىڭ
چاقىدەك ئالىقىنىدىن بىر تارتىپتىكەن، بۇ مەخلۇق لىككىدە
ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.
— مانا ساڭا، — دەپتۇ داۋۇت نوچى، — ھېلىقى دېۋىنىڭ
ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ، بىر كاللا قويۇپتىكەن ... ئەيۇھەنناس
«قاراس ـ قۇرۇس» قىلغان ئاۋاز ئەتراپنى بىر ئاپتۇ.
كىشىلەر قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى دېۋىنىڭ بېشى قاپ
ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە بولۇپتۇ.
داۋۇت نوچى ھېلىقى دېۋىنىڭ ئىككى پارچە بولغان بېشىنى
بىر ـ بىرگە چىڭ جۈپلەپ، ئارغامچا بىلەن باغلاپ قويۇپتۇ ـ
دە، دېۋىگە قاراپ:
— سەن دوختۇرخانىغا تېز بار، ئۆلگۈرسەن، — دەپتۇ.

كىشىلەر ھېلىقى دىۋىنى دوختۇرخانىغا باشلاپ بېرىپتۇ.

بىرقانچە دوختۇر ھېلىقى مەخلۇقنىڭ بېشىنى كۆرۈپ، باشلىرىنى چايقاپ ئامال يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ.

دۆربىلجىن خەلق دوختۇرخانىسىدا ناھايىتى ئۇستا بىر دوختۇر بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى چاۋ دوختۇر ئىكەن. ئۇ ھەرقانداق كېسەلنى يىلتىزىدىن داۋالاپ نام قازانغان دوختۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېلىقى دىۋە سۆپەت يوغان مەخلۇقنىڭ قاپ ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن بېشى تۇرۇپتۇ. چاۋ دوختۇر ئالدىدىكى ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن باشنى كۆرۈپ:

— بۇنى بۇ يەردە داۋۇت نوچىدىن باشقا كىم قىلالايتتى، ھەي، يەنە داۋۇت نوچى ئىش تېرىپتۇ ـ دە ...، — دەپتۇ چاۋ دوختۇر بېشىنى چايقاپ ...

چاۋ دوختۇر ھېلىقى بىچارە مەخلۇقنىڭ بېشىنى مەخسۇس تۆمۈرلەر بىلەن بولتىلاپ جايىغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت نوچى ھەققىدە مۇنداق قوشاقلار تارقىلىپ كېتىپتۇ:

داۋۇت نوچى، داۋۇت گاڭگۇڭ،
ياردىڭ دىۋە باشىنى.
دىۋە كەتتى، بۇقۇلداپ،
تۆكۈپ ئاچچىق ياشىنى.

داۋۇت نوچى، داۋۇت گاڭگۇڭ،
دۆربىلجىنگە پاتمايدۇ.
بولسۇن نەزىر ياكى توي،
پولۇ ئېتىپ ھارمايدۇ.
......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

داۋۇت نوچى ھەققىدىكى بۇ ئۇزۇن لاپنى ئاڭلاپ، ھەققەتەن-
مۇ ھەيران قالدىم. شەۋكەت ئەمدى ئۆزى ئىچىدىن قوشاق توقۇپ
ماڭا قاراپ، مۇشائىرە باشلىۋەتتى:

داۋۇت نوچى، داۋۇت گاڭگۇڭ،
لاپ توقۇسا ھارمايدۇ.

مەن دەرھال شەۋكەتنىڭ مۇشائىرىسىگە جاۋاب قايتۇردۇم:

ياردەم سوراپ كەلسە كىم،
ھەرگىز ئۆخلاپ ياتمايدۇ.

شەۋكەت بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

داۋۇت نوچى، داۋۇت گاڭگۇڭ،
ئەل ئىچىدە قاترايدۇ.
دۆربىلچىن بىر گۈزەل باغ،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايدۇ.

مەنمۇ قوشۇمامنى تۈرۈپ، بىر پەس پىكىر يۈرگۈزۈپ بۇ
قوشاقنى توقۇدۇم:

داۋۇت نوچى، داۋۇت گاڭگۇڭ،
توي - تۆكۈندىن قالمايدۇ.
چاقچىقىمۇ بەك تولا،
ئېيتىپ - ئېيتىپ قانمايدۇ.

مەن شەۋكەت بىلەن مۇشائىرىنى دۆك ئېيتىپ، ئۆيگە قايت-
تۇق. يولدا بىز توقۇغان قوشاقلارنى ئاڭلاپ قايىل بولمىغان

ئادەم قالمىدى. كىشىلەر بەلكىم بىز توقۇغان قوشاقلاردىن كېلەچەكتە شائىرلار قوشۇنىغا بىزدەك بالىلارنىڭمۇ ھەقىقىي نامزات بولۇپ قېتىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەندەك كۈلۈمسىرىشەتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# باشنى تېشىپ كىرگەن قۇرتنى ئېلىش

ئاپام تاشقى كېسەللەر دوختۇرى ئىدى. ئۇ دادام كېسەل بولغاندىن كېيىن خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئۆيدە مەن قاتارلىق ئالتە بالىنى بېقىپ قاتارغا قوشۇشتىن باشقا دادامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئۆيدە مەن كېسەلچان ئىدىم، ئۆپكە كېسىلى دەمدۇ، ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسىلى دەمدۇ، ئىشقىلىپ مەن دائىم ئاپام بىلەن دوختۇرخانىغا بارغىنىم بارغانىدى. ئاپامنىڭ دەپ بېرىشىچە، كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن ناھىيە بازىرىغا قىرىق كىلومېتىر كېلىدىغان يېزىدىن كالا ھارۋىسى بىلەن يېتىپ كەلگۈچە شامال تېگىپ، ئۆپكەمگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالغاندكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تۇغۇلغان يىللىرى ئاچارچىلىق يۈز بەرگەچكە ئوزۇقلۇق يېتىشمەپتۇ، ھەتتا ئاچام، ئاكا ـ سىڭىللىرىمغا قارىغاندا ئېمىش ۋاقتىممۇ بەك قىسقا بولغانىكەن. بىر كۈنى مېنىڭ ئاغزىم قۇرۇپ، تۇيۇقسىز نەپەس ئالالماي قالدىم، ئاپام مېنى يۈدۈگەن پېتى دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدى، مەن ئاغزىمنىڭ قۇرۇغانلىقىدىن قىينىلىپ يىغلىغان بولسام كېرەك، يولدا ھېچقانداق سۇنىڭ ئېپىنى قىلالمىغان ئاپام ئاغزىدىكى سۇ ۋە تۈكۈرۈك بىلەن ئېغىزىمنى ھۆللەپ، ماڭا مەدەت بېرىپتۇ. ئەتىسى دوختۇرخانىدا ھوشۇمغا كەلگەندە بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپتىم. مەن ھەر قېتىم كېسىلىم تۇتقاندا ھوشۇمدىن كېتەتتىم، شۇنداق بولغاچقىمۇ مەن ئۆيدە «بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەرباب» ئىدىم. ئاپام سەھەردە تۇرۇپ ماڭا بىر پىيالە سۈت ۋە بىر تۇخۇمنى زورلاپ بېرەتتى. بىراق باشقا قېرىنداشلىرىم بۇنداق ئالاھىدە كۈتۈنۈشتىن بەھرىمەن بولالمايتتى. بۇنىڭدىن

مەن تولىمۇ خىجىل بولاتتىم، بىر قېتىم كىچىك سىڭلىم ئارزۇگۈل:

— ئاكا، بۇ ئۆيدە مەن كىچىكمۇ سەن؟ ئاپام ياخشى نەرسىلەرنى ساڭىلا بېرىپ، نېمىشقا ماڭا بەرمەيدۇ؟ — دېگىنىدە يۈزلىرىم قىزىرىپ، نېمە دېيىشىمنى ۋە نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالغانىدىم. چوڭ سىڭلىم گۈلمىرە ئۇنىڭغا ئۇلاپلا:

— قار ياغقان كۈنى ئايدىت ئاكام بىر كۈن ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئالغان ئىككى كىنو بېلىتىنى سەن يىتتۇرۇۋەتكەن بولساڭمۇ سېنى بىر ئېغىز تىللاپمۇ قويمىدى، ناۋادا بىز يىتتۇرگەن بولساق چاتاقنىڭ چوڭى چىقاتتى ـ ھە، ئاكا؟ — دېدى تەنە ئارىلاش.

مەن ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قەدىرلىك سىڭىللىرىم، مېنى ئەيىبلەپ نېمە قىلىسىلەر؟ مەن ئاپامنىڭ مۇشۇنداق ئەتىۋارلاپ كېتىشىدىن ئۆزۈممۇ ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىمەن، — دېدىم.

سىڭىللىرىم جىم بولۇشتى. ئۇلار بەلكىم مەن كېسەل بولغانلىقىم ئۈچۈن مېنىڭ شۇنداق ئالاھىدە تەمىناتتىن بەھرە ئېلىش ھوقۇقۇم بولۇشى كېرەكتەك خىجىل بولغانلىقلىرىدىن تىللىرىنى چىقىرىشىپ ئۆز ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلىشتى.

شۇ چاغلاردا مەن ھەر كۈنى بىر قېتىم دوختۇرخانىغا باراتتىم، بىر كۈنى ئاپام بىلەن دوختۇرخانىغا بارغانىدىم.

ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ سوقما تام بىلەن قورشالغان چوڭ قورۇسىدا ئېگىز ـ ئېگىز ئۆسكەن قاپاق تېرەكلەر، ئاندا ـ مۇندا قارىياغاچلار بار بولۇپ، قورۇنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئەپچىل يەلپۈگۈچ شەكىلدىكى ۋاسكېتبول مەيدانىنى ئوتچۆپلەر قاپلاپ كەتكەنىدى. بۇ غېرىب ۋە تاشلاندۇق ۋاسكېتبول مەيدانىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بىر قەۋەت سېلىنغان، ئاپئاق ئاقارتىلغان ئۆيلەر قاتار تىزىلغانىدى. بۇ بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر ئەمەل-

يەتتە، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ كېسەللىرى كۈتۈۋا-لىدىغان، ئوكۇل سالىدىغان كونكرېت داۋالاش ئورنى ئىدى. مەن ئاپام بىلەن ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىگە قاراپ كېتىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىدە چىرايى تاتارغان ياشقا چوڭ ئايال يۇزلىرىدە ياش يۇقى يامىرىغان ئون - ئون بىر ياشلاردىكى بىر قىز چاقنى يېتىلىگەن ھالدا كۆزەينەك تاقىۋالغان كېپەك مىخ شەكلىدە چاچ قويۇۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق دوختۇرغا يالۋۇرۇپ، بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى.

ھېلىقى دوختۇرنىڭ چىرايىدىن قورقۇپ كەتكەن ئادەملەردە بولىدىغان چىراي ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئاپام ئۇلارغا دىققەت قىلغان بولسا كېرەك، دەرھال قەدىمىنى توختاتتى ـ دە، ماڭا قاراپ:

— بالام، قارىغاندا بۇ بىچارە ئانا ـ بالا بىمارلار دوختۇرغا تىل ئۇقمىغانلىق سەۋەبىدىن ھېچنېمىنى چۈشەندۈرەلمەي ئامالسىز قالغاندەك قىلىدۇ، —دېدى.

ھېلىقى چىرايى تاتارغان ئانا قىزىنىڭ پاخپىيىپ كەتكەن چېچىنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. دوختۇر بېشىنى چايقاپ، تاشقى كېسەللەر بۆلۈمى دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئىشىكنى تاقاپ، ئالدىراش بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقماقچى بولغاندەك قىلاتتى.

ئاپام ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى، ھېلىقى ياشقا چوڭراق چىرايى تاتارغان ئانا ئاپامنى كۆرۈپ خۇددى بىر نىجاتكارغا ئۇچراپ قالغاندەك ھاياجانلىنىپ، ئاپامغا بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ، سالام قىلدى ۋە:

— بىزگە ياردەم قىلسىڭىز خانىم، بۇ قىزىمنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ ئۈستى تەرىپى بىر ئاي ئىلگىرى تازا قىچىشىپ، ھازىر چىدىغۇسىز ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. بىز يېزىدىن ھازىر

كەلگەندۇق، لېكىن بۇ دوختۇر قىزىمنىڭ بېشىنى بىرەر قۇر<br>تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، «ھەي» دېدى. ئۇنىڭ بېشىنى<br>چايقىغىنىدىن باشقا ھېچقانداق گېپىنى چۈشەنمىدىم، — دېدى.

ئاپام دوختۇرغا ئۆزىنىڭمۇ دوختۇرلۇقتىن خەۋىرى بارلىقى-<br>نى، بۇ كېسەلنىڭ يىراقتىكى يېزىدىن كەلگەنلىكىنى بۇلارغا<br>ناھىيە بازىرىغا كېلىش پۇرسىتى بەك ئازلىقىنى چۈشەندۈرگەندىن<br>كېيىن، دوختۇر يانچۇقىدىن بىر توپ ئاچقۇچنى ئېلىپ پاقا<br>چوڭلۇقىدىكى قارا قۇلۇپنى شاراق - شۇرۇق قىلىپ ئاچتى- دە،<br>ئاپامغا ئوڭايسىزلانغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، تاشقى كېسەللەر<br>بۆلۈمىگە باشلىدى. ئاپام ھېلىقى چىرايىدىن موھتاجلىق چىقىپ<br>تۇرغان ئانا - بالىنى ئېلىپ تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىگە كىردى.

بۇ كىچىككىنە ئىشخانىدا دوختۇر ئۆزى ئولتۇرىدىغان<br>ئورۇندۇقتىن باشقا بىرلا ئورۇندۇق بار بولۇپ، ئېھتىمال بىمار-<br>لار ئولتۇرۇشقا تەييارلاپ قويغاندەك قىلاتتى. ئاپام بىمارلار ئول-<br>تۇرىدىغان ئورۇندۇققا تەكەللۇپسىزلا كېلىپ ئولتۇردى - دە،<br>ھېلىقى بېشىنى چاڭگاللاپ چىرايى ئاغرىقتىن پۈرلىشىپ كەتكەن<br>قىزچاقنى يېنىغا چاقىردى. ئۇنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ، يانچۇقى-<br>دىن بىر تال كەمپۈتنى ئېلىپ قىزچاقنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.<br>ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى باللارغا تۇغما ئامراق ئانىلاردا بولىدىغان<br>كۆيۈنۈشنىڭ تەبىئىي ئىپادىلىنىشىنى شۇنچە ئېنىق، شۇنچە ئو-<br>چۇق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئاپام دوختۇرنىڭ ئالدىدىكى ئېغىزنى<br>ئاچقۇزۇپ تەكشۈرىدىغان ئاپئاق بىر ئەسۋابنى سىرى چۈشۈپ،<br>كونىرىغان خىزمەت ئۈستىلىدىكى قالايمىقان تاشلانغان گېزىت<br>ئۈستىدىن ئالدى - دە، قىزچاقنىڭ ئوڭ قۇلىقى ئۈستىدىكى<br>ئاغرىۋاتقان جاينى ئۇنىڭ پاخپايغان چاچلىرىنى قايرىپ تۇرۇپ<br>تەپسىلىي كۆزەتتى. ئاپامنىڭ چىرايىدا دەسلەپتە قاتتىق چۆ-<br>چۈش، ئاندىن ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى شۇئان بالقىپ چىقتى.

— دوختۇر ئەپەندى، ئۇنىڭ بېشىدا قۇرت مىغىلداپ تۇرد-

www.uyghurkitap.com

دۇ، بۇ ئېغىر كېسەلنى ۋاقتىدا داۋالىماي، مۇشۇنداقمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىق قىلغان بارمۇ؟ — دېدى ئاپام دوختۇرغا جىددىي تەلەپپۇز بىلەن خەنزۇ تىلىدا.

— مەن يېڭى كەلگەن پراكتىكانت دوختۇر بولىمەن، بۇنداق قورقۇنچلۇق كېسەلنى داۋالاش تەجرىبەم يوق. مەن ئۇنىڭ بېشىدىكى قۇرتلارنى كۆرۈپ راستىنلا قورقۇپ كېتىپتىمەن. شۇڭا باشقا دوختۇرغا كۆرسىتىش مەسلىھەتىنى كۆرسەتكەنىدىم، — دېدى دوختۇر ئاپامغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ.

ئاپام ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەيلا:

— جىددىي كېسەل دېگەن دوختۇر ئۈچۈن بىر بۇيرۇق. بۇنداق بۇيرۇق ھەربىي بۇيرۇقتىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ، — دېدى-دە، پاختا ۋە قىسقۇچ تەييارلاشنى دوختۇرغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئۈچىسىدىكى چاپىنىنى سېلىپ، يېڭىنى جەينەككىچە تۈرۈپ، جاۋۇرغا سۇ قۇيۇپ، قولىنى پاكىز يۇيدى. ئانچىغىچە دوختۇر ئاپام تاپشۇرغان پاختا، ئىسپىرت ۋە قىسقۇچلارنى تەييارلاپ بىر چەتتە ئاپامنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇردى.

مەن قىزچاقنىڭ بېشىنى «قۇرت تېشىپ» كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ پۈتۈن بەدىنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. ئاپئاق كىچىك قۇرتلار قىزچاقنىڭ قۇلىقىنى ئۈستىدىكى يوغان مىخ قالپىقىدەك شەكىلدە كىچىك بىر تۆشۈك ئېچىۋەتكەن بولۇپ، قۇرتلار كۆپتەك قىلاتتى. ئۇلار تېخى مىدىرلاۋاتاتتى. مېنىڭ چىرايىم قورققانلىقىمدىن بەكمۇ تاتىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، مەن كەينىمگە دەرھال بىرنەچچە قەدەم داجىپ بىر چەتتە ئەيمەنگەن ھالەتتە تۇراتتىم.

مېنىڭ بۇ قىياپىتىم كۆزەينەكلىك دوختۇرنىڭ پۈرلىشىپ كەتكەن چىرايىدىن ئانچە قېلىشمايتتى.

ئاپام قىزچاققا:

— بالام قورقما، بېشىڭدا بىرقانچە قۇرت پەتلەپ يۈرۈپتۇ،

ھېچقىسى يوق، ئۇنى مەن ماۋۇ قىسقۇچ بىلەن قىسىپ ئېلىۋېتى-
تىمەن، ئاغرىمايدۇ، چىدىغىن بالام، بۇ ئىش بىر دەمدىلا تۈگەي-
دۇ، ھەي بىچارە قىزچاق، — دېدى.

قىزچاق «ئاپا» دەپ توۋلايتتى، ئاپام «ھە، جېنىم بالام، جېنى قىينالغان بالام» دەپ ئۇنى بىر تەرەپتىن ئەركىلىتىپ، پەپىلەپ، بىر تەرەپتىن ئاپئاق كىچىك قىسقۇچ بىلەن قۇرتلارنى قىسىپ ئېلىپ، خىزمەت ئۈستىلىدىكى يۇمىلاق بىر قەلەي قۇتىغا سېلىۋاتاتتى. قىزچاق بولسا ئاغرىق ئازابىدىن توختىماي «ۋاي-جان!» دەپ توۋلاۋاتاتتى.

ئاپام دەرھال ئۆز بالىسىغا ئىچى ئاغرىپ ياش تۆكۈۋاتقان چىرايى تاتىرىپ غال - غال تىترەۋاتقان قىزنىڭ ئاپىسىغا ئەيىب-لەش نەزىرىدە قاراپ:

— بالىنى مۇشۇنداقمۇ قىينىغان بارمۇ؟ بالدۇرراق دوختۇر-غا ئېلىپ كەلسىڭىز بولمامدۇ؟ سىز قانداق چىدىغانسىز، — دېدى. بۇ چاغدا ئاپامنىڭ سەل - پەل قورۇق چۈشكەن پېشانىسى-دە تەر يالتىراپ تۇراتتى. مەن دەرھال ئاپامنىڭ چاپىنىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ پېشانىسىدىكى تەرنى ئېرتىپ قويدۇم.

ئاپام ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— جېنىم ئوغلۇم، رەھمەت، — دېدى.

قىزچاقنىڭ ئاپىسى ئاپامنىڭ ئالدىدا خۇددى گۇناھكارلاردەك بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا قاتتىق ئازابلانغان بولۇپ، ئۆزىگە - ئۆزى پىچىرلاۋاتقاندەك ئاستا سۆزلەۋاتاتتى:

— ئەسلىدە قىزىم قوي بېقىۋېتىپ، چاتقاللىققا كىرگەندە-كەن، شۇ چاغدا ئۇنىڭ بېشىنى تېۋىلغىنىڭ قاتتىق بىر پۇتىقى جىجاپ ئۆتكەن سەۋەب بىلەن يارا ئېغىزى قوتۇر بولۇپ قالغان. مەن تېخى ساقىيىپ قالار دەپتىمەن. بۇنداق ئېغىرلىشىپ كېتى-شىنى كىم بىلسۇن. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا لەنىتى قۇرتلار-نىڭ تېشىپ كىرىشىنى كىم بىلسۇن ...

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com

ئانا ئىچ ـ ئىچىدىن ئاھ ئۇرۇپ، مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، يىغلاۋاتاتتى.

— ئەمدى يىغلىماڭ. بۇنىڭدىن كېيىن بالىنىڭ بۇ پاخپايغان چاچلىرىنى پات ـ پات يۇيۇپ تۇرۇڭ. چاچلىرىنى كېسىپ قىسقارتىڭ. مەينەتچىلىكتىن كېسەل پەيدا بولىدۇ، بىلەمسىز؟ — دېدى ئاپام خۇددى ئـوقۇغۇچىسىنى قـاتتىق تەنقىد قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىدەك جىددىي تەرزدە.

ھېلىقى بىچارە ھەم مەسئۇلىيەتسىز ئانا ئۆزى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىك ئۈچۈن گۇناھىنى تىلەۋاتقان ئوقۇغۇچىغا بەكمۇ ئوخشايتتى.

دوختۇر ئاپامغا قايىل بولغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپ:

— سىزگە رەھمەت! سىز ماڭا كېسەلگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، كېسەلگە قانداق ئامال ـ چارە قوللىنىپ، داۋالاشنى ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىز بىلەن ئۆگەتتىڭىز، — دېدى.

— مەندە پەقەت كېسەلگە بولغان ئىچ ئاغرىتىش ۋە ئۇنىڭغا ئۆز تۇغقىنىمدەك كۆيۈنۈش بولغاچقىلا مۇشۇنداق غەيرەتكە كەلدىم، — دېدى ئاپام قىسقۇچ بىلەن قۇرتلارنى ھېلىقى يۇمىلاق قەلەي قۇتىغا سېلىۋېتىپ.

مەن يېقىن بېرىشقا جۈرئەت قىلالماي، پۇتۇمنىڭ ئۇچى بىلەن يەرگە دەسسەپ، بويۇنۇمنى سوزۇپ ھېلىقى قەلەي قۇتىدىكى قۇرتلارغا قارىدىم. قەلەي قۇتىدا بەش ـ ئالتە ئاپئاق قۇرت تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭلىرىمۇ، كىچىكلىرىمۇ بار ئىدى. ئاپام ئەمدى قىزچاقنىڭ ھېلىقى قۇرت تېشىپ چىققان جاراھەت ئېغىزىنى دېزىنفېكسىيىلەپ يۇيۇۋاتاتتى.

— قۇرتلارنى پاكىز ئېلىۋەتتىم. جاراھەتنى ھەر كۈنى تاڭمىسا بولمايدۇ، — دېدى ئاپام دوختۇرغا جېكىلەپ، ئاندىن مۇمكىن بولسا بالىغا ئاسما ئوكۇل سالدۇرۇشنىمۇ تاپىلىدى.

دوختۇر خۇددى ئاپامنىڭ ئوقۇغۇچىسىدەك بېشىنى ھەدەپ

لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتاتتى.

بىز دوختۇرخانىدىن چىققاندا، يەر - جاھان ئاللىقاچان گۇگۇم قوينىغا چۆمگەنىدى. مەن جىمجىت خىيالغا پاتتىم. نۇرغۇن سوئاللار كاللامدا ئەگىپ يۈرەتتى. لېكىن ئۇنى ئاپامدىن سوراشقا رايىم بارمىدى، ئاپامنىڭ ئىسمىمۇ ھەمراخان ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن يار - يۆلەكسىزلەرگە، موھتاجلارغا ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ھەمراھىغا ئايلاندى، بەلكىم ھېلىقى ئانا بىلەن بىچارە قىزچاق ئاپامنى مەڭگۈ ئۆزىنىڭ نىجاتكارى دەپ بىلىدۇ ھەم ئۇنى ئۇنتۇمايدۇ. ئاپام ئۇلارنىڭ قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەيۋاتقان دەرىجىدىكى خۇشاللىقىغا «بالىڭىزغا ياخشى ھەمراھ بولسىڭىزلا شۇ كۇپايە» دەپلا ئۆز قېرىنداشىدەك جاۋاب قايتۇرۇپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. مانا بۇ ھەرقانداق كىشىنى قايىل قىلىدىغان خالىسانە ئېسىل پەزىلەت ئىدى. بۈگۈنكى ئىش تولىمۇ غەلىتە، تولىمۇ تاسادىپىي بولدى. باشنى قورت تېشىۋەتكەچكە بىپەرۋالىق بىلەن ئويناپ يۈرگەن بەخۋاش بالا، بالىسىنىڭ چېچى پاخپىيىپ كەتكەچە كارى بولمىغان مەسئۇلىيەتسىز ئانا مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا بومبا پارتلىغاندەك زور تەسىرلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلالمايمەن. مەن ھەتتا بەزى چاغلاردا بىشىمغا چىۋىن ياكى پاشا - كۆمۈتىلار قونۇپ قالسا چاچلىرىمنى سىلاپ، ھەتتا ئەينەككە قاراپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. «ھەي، ھېلىقى قىزچاق شۇ ئازابلارغا قانداقمۇ بەرداشلىق بەرگەندۇ - ھە؟» دەپ ئويلايمەن، ناۋادا ئاپام بۇ ئانا - بالىغا ئۇچراپ قالمىغان بولسا، ھېلىقى بىچارە قىزچاق ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئاپام بۈگۈن بىر جاننى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئاپام بۈگۈن ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئېسىل پەزىلىتى بىلەن كىشىلەر ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئۇلۇغ شەخسكە ئايلانغانىدى.

[General Information]
书名=这就是爱　维吾尔文
SS号=40219782

www.uyghurkitap.com